TANGRITAG TANGRITAG

# تەڭرىتاغ

5

1997



كېسەل

كۆكتىكى پەرۋاز


شائىر ۋە شېئىر

قاناتلىق يىلان

14 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ياشلار فېستىۋالىدا ئالتۇن
مۇكاپاتقا ئېرىشكەن ياش ناخشىچى ئايتۇرسۇن نىياز



پېشقەدەم رەسسام شۆلىجۇ



سەھەر

شىنجاڭدا بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە رەسسام شۆلىجۇ 1939 - يىلى 11 - ئايدا خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇشۇ شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1965 - يىلى خۇبېي سەنئەت ئىنىستىتۇتىنىڭ گۈزەل سەنئەت فاكۇلتېتى ئويما رەسىم كەسپىنى پۈتتۈرگەن. ئۇ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئۈرۈمچى شەھەرلىك مەدەنىيەت سارىيى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە خىزمەت قىلغان. ھازىر ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى.

شۆلىجۇ ئەپەندىنىڭ ئەسەرلىرى روشەن يەرلىك ئالاھىدىلىككە، قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە بولۇپ، رەسىملىرىدە تۇرمۇش كارتىنىلىرى ئاددىي - ساددا ۋە تەبىئىي ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇ ئىجاد قىلغان نۇرغۇن ئويما رەسىم ۋە قىستۇرما رەسىملەر كۆپ قېتىم دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى رەسىم كۆرگەزمىلىرىگە قاتناشتۇرۇلۇپ مۇكاپاتلانغان. ئۇنىڭ نامى «زامانىمىزدىكى ئاتاقلىق جۇڭگو سەنئەتكارلىرى»، «جۇڭگو گۈزەل سەنئەتچىلىرى»، «جۇڭگو گۈزەل سەنئەتچىلەر يىلنامىسى» قاتارلىق لۇغەتلەرگە، بىر قىسىم ئەسەرلىرى مەملىكەتلىك «گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى توپلىمى»غا كىرگۈزۈلگەن ھەمدە «خەلق گېزىتى»، «خەلق ئەدەبىياتى» قاتارلىق 70 نەچچە گېزىت - ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغان. يەنە بىر قىسىم ئەسەرلىرى ھازىر جۇڭگو گۈزەل سەنئەت سارىيى، بېيجىڭ مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيى، سىچۇەن ئويما رەسىم مۇزېيى، تەيۋەن مۇزېيى ۋە خاتىرە سارايلىرىدا ساقلانماقتا.

شۆلىجۇ ئەپەندى ھازىر جۇڭگو گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو ئويما رەسساملار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى.

# تەڭرىتاغ

دەۋر روھى، يەرلىك خۇسۇسىيەت، قوش ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال  ياشلار ئالاھىدىلىكى، مىللىي ئۇسلۇب

1997 ـ يىل 5 ـ سان          ئومۇمىي 64 ـ سان


**ئەمەلىي نەتىجىمىز بىلەن پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز**

## مۇندەرىجە

### شېئىرلار


مەمتىمىن زاكىر، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، تۆلەندى ئەزىم، ئايگۈل ھەمدۇللا، قۇربانە ئاخۇنباي، بۇئايشەم ھامىدىن، ئەخمەتجان تۇرۇپ، ۋارىسجان قاسىم ........................ 1


### پوۋېست


كىبىل ........................ پەرھات تۇرسۇن 48


### ھېكايىلەر


سەھرايى قىيامەتتىكى يېڭى ھېكايە ........................ ئەنۋەر مۇھەممەد 22

توختەك گاچا ........................ ئەكبەر سالىھ 35


### ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق


ئەخمەت كەلپىن ئىنسانى، ئابدۇرشىت ئېلى، مۇھەممەتتۇرسۇن ھامىت، ئەخمەتجان قۇربان، پەرھات كازىمى، پاشاگۈل ئىسمايىل، ئەنۋەر بوساق، ئىلھام زوردۇن، ئابدۇسەمەت قاراقۇرۇم، ئەكبەر ئۆمەر، ئېزىز نامان، نۇرئامىنەم ئەھەت ........................ 41


### ئەدەبىي خاتىرە


ئۇنتۇلماس بەش كۈن........................ ئابلىمىت ئىمىن 85


### مەخسۇس سەھىپە


مىكرو ماقالە ........................ 76

www.uyghurkitap.com

سەھنىدىن ئىپكرانغىچە ........................ 78
ئاپتور، مۇھەررىر، كىتابخان ........................ 92

## يۇرمۇ - يۇز

شائىر ۋە شېئىر ........................ يالقۇن ئەزىزى 80

## تەرجىمىلەر

نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر ئەسەرلىرىدىن ........................ 104

## تەرمىلەر

يېڭى كىتابلاردىن پارچىلار ........................ 6
دۇنيادىكى بازىرى ئىتتىك كىتابلاردىن تەرمىلەر ........................ 94
مىسرالاردىن تەرمىلەر ........................ 108

## ئەدەبىي ئۇچۇرلار

ئەدەبىي ئۇچۇرلار ........................ 109

بۇ ساندىكى ئىستۇرما رەسىم ۋە ھۆسنىخەتلەرنى ئەكبەر سالىھ ئىشلىگەن.

تەھرىر ھەيئەتلەر

تۇرسۇن توختى (تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى)، ئىمىن ئەھمىدى، مەمەتئېلى ئابدۇرېھىم، نەيىم يۇسۇپ، بۇغدا ئابدۇللا، ئازات سۇلتان، غۇپۇر نۇر، ھەبىبۇللا مۇھەممەت، پەرھات جىلان، مۇختار مەخسۇت، ئابدۇقادىر جالالىدىن، پولات ھېۋزۇللا، ئەركىن نۇر، دىلشات مىجىت.

باش مۇھەررىر: (كانديدات ئالىي مۇھەررىر) ھەبىبۇللا مۇھەممەت
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: پولات ھېۋزۇللا

مۇھەررىرلەر: ئەركىن نۇر(مەسئۇل مۇھەررىر)، سىنەۋەر ئۆمەر، ئالىم خالىدىن
مەسئۇل كوررېكتور: خەلچەم ئابلىمىت

# ئوت ئۆچۈرۈش جەڭچىسىگە مەدھىيە

(ناخشا تېكىستى)

مەمتىمىن زاكىر

بىر تال تاماكا، بىر تال سەرەڭگە. . .
كىچىك بىر سەۋەنلىك كەلتۈرەر ئاپەت.
ئاتەش پىراققا ئايلىنىپ ئۇچقۇن،
قىلماس بىخۇتلا ھېچقانداق شەپقەت.

بىر تال ئۇچقۇندىن ئۇلغايغان يالقۇن،
تۇتاشتى دەرھال ئېگىز بىناغا.
پۇرقىدى روجەكتىن قويۇق قارا ئىس،
ھەممە يەر تولدى قىيا - چىياغا.

بەختىيار، خاتىرجەم ئۆتكەن بۇ ھايات،
ئوت ئىچىدە قالدى ئاڭا نە ئامال.
ياغدى بۇ جايغا شىپالىق يامغۇر،
جەسۇر جەڭچى كەلگەندە دەرھال.

ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىپ بۈركۈتتەك،
ۋەھشىي ئەجدىھانىڭ بوغدى گېلىنى.
خەۋپ - خەتەردىن قۇتۇلدى بارچە،
تۇتتى ھەرمىللەت بىردەك قولىنى.

# شېئىرلار

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت

## باھار، قارلىغاچ

دېرىزەمدىن كىرىپ - چىقىدۇ
بالكوندىكى قارلىغاچلاردەك
سۈبھىدىكى باھار شامىلى.
چۆمۈلگۈم بار باغرىمنى يېقىپ
مۇزدەككىنە دېڭىز سۈيىگە
بىراق يىراق دېڭىز ساھىلى.
بالىلاردەك مۆكۈپ يۈرىدۇ،
قارلىغاچلار پېشايۋان ئىزدەپ.
قۇت باھارنىڭ تۇنجى يامغۇرى،
سەگىتىدۇ ۋۇجۇدنى ئەجەب
ھەم باھاردەك قويىدۇ بىزەپ.
ئۈزۈۋاتاي تەشتەكتە باققان،
گۈللىرىمنىڭ غازاڭلىرىنى.
بىراق ئاشۇ غازاڭغا تامغان
سۈزۈككىنە تامچىنىڭ كۆزى
كۆرسىتىدۇ جىلۋە قىپ تۇرغان
ئۆتكەن باھار كۈلكىلىرىنى.
كەل قارلىغاچ ئۇۋا ياسىساڭ،
بېرەي ساڭا يۈرەك قېتىمنى.

## كۈتۈش

بىر سادىغا قۇلاق سالىمەن،
يېنىمدىلا يېنىك تىۋىشى.
تەنھاغىنە كۈتۈپ قالىمەن،
يېقىندەكلا ئۇنىڭ كېلىشى.
يۈرىكىمگە ئوخشاپ قالىدۇ،
رىتىم بىلەن قەدەم ئېلىشى.
ھەم سائەتنى ئاتلاپ ماڭىدۇ،
قۇملۇقىمدا ئېغىر تىنىشى.
قۇچىقىمنى ئېچىپ قويىمەن،
ماكان قىلىپ قالسا دەپ ئۇنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غايىبانە گۈزەل بەدىنى،
يورىتىدۇ يېنىمدا تۈنىنى.
تۇغۇت كەبى ئۇلۇغ كۈتۈشلەر،
ئۈزۈلمەيدۇ تەنھالىقىمدەك.
يېقىندىكى ئاشۇ سادانى،
تونۇۋاپتۇ ئەمدى بۇ يۈرەك.

## تازىلىق ئىشچىسى

قار گۈلدەك توزۇپ چۈشىدۇ
لەختە - لەختە يۈرەك پارچىسى
ئالقىنىڭغا رىۋايەت بولۇپ.
كوچىلارغا ئۈنۈپ قالىدۇ
سەھەردىلا تازىلىق ئىشچىسى
بىر تېمىنغا سەكپارە بولۇپ.
چېكىسىگە گۈل قىستقان قىزلار،
ھەسرىتىنى سۆزلىمەس نېچۈن؟
ئايغا ئوخشاش دېغىنى يوشۇرۇپ،
بولۇتلارغا شۇڭغۇيدۇ يوچۇن.

تىرىكسەن قۇياش نېمىشقا
مەكتىپىدىن قايتقان باللار
سۈرىتىڭنى سىزىپ ئوينىسا؟
بەلكىم سېنى مازاق قىلمايدۇ
بوۋىسىدىن چۆچەك ئاڭلىسا.

يېپىلىدۇ گۆكۆم پەردىسى
يۈرەكلەرگە قارا تور بولۇپ،
كوچىلارنى كېزىپ يۈرىدۇ
تۈن كېچىدە تازىلىق ئىشچىسى
بولۇتلارنى سۈپۈرمەك بولۇپ.
بولۇتلارغا شۇڭغۇغان قىزلار
چېچىلىدۇ گويا قار بولۇپ.

## ئەڭ بىچارە يېتىم بىر بالا

مەن دېڭىزنى كۆرۈپ باقمىغان،
بىراق ئۆزۈم دېڭىز قوينىدا.
بىر شەكىلسىز يوقلۇق قورامتاش،
چىڭقىلىدۇ يۈرەك ئاستىدا.
يۇلتۇز كۆزدىن تامغان تامچىلار،
يۇيۇندۇردى نامسىز تېنىمنى.
تۈننىڭ قارا سۇلىرى بىلەن،
سىلاپ قويۇپ ئاستا قولۇمنى.
ھاياتىمنى تىرىپ قويغانمەن،
ھەر كۆزلەرنىڭ پەسىللىرىگە.
بورانغىلا ئوخشايدۇ بۇ جان،
سولىنىدۇ گۈلنىڭ بەرقىدەك
ئاجىز تەننىڭ قەپەسلىرىگە.
ماڭا ھېچكىم يېقىن ئەمەستۇر،
بوران سېنىڭ دولقۇنلىرىڭدەك.
شەھەردەكلا قۇشلار توزىغان،
باغ، ناۋاسىز پەسىللىرىڭدەك.
ماڭا ئەمدى ئېيتىپ بېرىڭلار،
ئەڭ چىرايلىق شېئىر توقۇشنى.
ئۆگىنىپمۇ قوياي مەنمۇ ھەم،
ئۆز - ئۆزۈمنى بەزلەپ قويۇشنى.
مەن دېڭىزنى كۆرۈپ باقمىغان
بىراق ھازىر ئۆزۈم بىر دېڭىز
ئەڭ ئاخىرقى قەدەملىرىمدىن،
قالار يەنە دېڭىز كەبى ئىز.
تاشقا ئۇرۇلغان نەپەسلىرىمدىن،
نازىل بولار قارشى قىرغاقتا،
يىغلامسىراپ يېڭى بىر سادا.
ئۇ ماڭىلا ئوخشاپ سىزىلغان،
ئەڭ بىچارە يېتىم بىر بالا.

# شېئىرلار

تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن

## ياقا يۇرت

يوچۇن ئۈنىڭ قىشى ئايازى،
نەشتىرىنى تىقىپ ئالار گاھ.
سىر بەرمەيدۇ چىرايلىق يازى
گاھ خۇش قىلار، گاھ دېگۈزەر ئاھ.
ئايىغىغا سالساڭ پاياندار،
مىننەت بىلەن تاشلايدۇ قەدەم.
يۈرىكىڭدىن ياندۇرساڭ گۈلخان،
ساڭا قوشلاپ تونقۇزار ئەلەم.
گەر غازاتتا ئۆلگەن جەڭچىدەك
بارلىقىڭنى قىلساڭمۇ پىدا.
ئۇ مۇرداڭغا سوغۇق نەزەردە
سىقىم توپا تاشلايدۇ تۇۋا.

# ئىككى غەزەل

## 1

كىشىنى ئازدۇرۇپ شەيتان زېمىندا ھەر بالا قىلدى،
بىراۋنى خاكسار ئەيلەپ، بىراۋنى نۇر، زىبا قىلدى.
سېغىز لايدىن ياساپ مەبۇت چوقۇندى باش ئۇرۇپ ئىنسان
ئاشۇ مەبۇتنى تىل تەگمەس ئەجەب يۈكسەك خۇدا قىلدى.
بىرىنى شاھ قىلىپ تەقدىر، بىرىنى قۇل - مالاي ئەتتى
بىرىنى ئەيلىدى زەردار، بىرىنى زەپ گادا قىلدى.
زېمىندىن ئايرىلىپ قالسا ئېگىز بولماس ئىدى ئاسمان،
بىرىگە يەتمىدى كۆزلەر، بىرىنى بەك پاكا قىلدى.
ئەزەلدە تەڭ ئىدى ئادەم، يالىڭاچ يەرگە چۈشكەندە،
زېمىندا پەرقىنى بەك چوڭ قىلىپ زەپمۇ خاتا قىلدى.
كىشىگە بەندە بولماقلىق گۇناھمۇ ئەي ئۇلۇغ تەڭرىم،
رىيازەت چەككىلى بەندەڭ ساڭا قانداق گۇناھ قىلدى.

## 2

نېمىشقا پەس قىلىپ قويدۇڭ پەلەك سەن مېھرىبان يەرنى،
نېچۈن نىمجانغا خار قىلدىڭ زەبەردەس پەھلىۋانلارنى.
سېلىپ يولۋاسقا سىرتماقنى ئۈچىنى تۈلكىگە بەردىڭ،
ئېشەككە ھەمسەپەر قىلدىڭ مەسھەدەك ھەر ئۇلۇغ ئەرنى.
نېمىشقا خۇشپۇراق گۈلنى تىكەنگە جۈپ قىلىپ چاتتىڭ
نېمىشقا تاشقا ئۇردۇڭسەن جۇلالىق لەئلى گۆھەرنى.
نېمىشقا سۇ دېگەنلەرگە زەھەر زۇقۇمنى تەڭلەيسەن،
ئاياپسەن چاڭقىغان لەۋدىن شىپالىق ھەۋزى كەۋسەرنى.
نېمىشقا ياخشىغا كۈن يوق، يامانغا ھېچ ئۆلۈم يوقتۇر،
سېخىينى سەن گادا قىلدىڭ بېخىلدىن ئايىماي زەرنى.
سوراپ كۆردۈم جاۋاب بەردى پەلەك شۇدەم ماڭا شۇنداق:
دىماغىڭ سەزسە بەتبۇينى، قەدىرلەيسەن مۇئەتتەرنى.

# ئۇنتۇلغان ئادەم

### تۆلەندىن ئەزىم

ھەسرەتلىك ئۆتمۈشنىڭ قوينىدىن بىراۋ،
كەلمەكتە نەپرەتنى قەلبىگە كۆمۈپ.
ئادەمسىز شەھەرنىڭ سوغۇق دوقمۇشى،
تۇرماقتا بەختسىز بىر روھنى يۇدۇپ.
خارابە كوچىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن قۇش،
قونمىدى ياتسىراپ چىنار شېخىغا.
قۇياشنى ئۇخلىتىپ قويۇپتۇ تەڭرى،
يۇلتۇزسىز كېچىنى چىگىپ بېشىغا.
چۆللەردە ھالسىراپ يۈرگەن يولۇچى،
يوقالدى، ئازدىمۇ نەدە كۆلبىسى.
ئەجدادى، ئەۋلادى بولمىغان ئەزەل،
يوقالغان ئالەمدىن ھايات كۆلكىسى.
ئاپئاق قار ئۆزىنى توزۇتقان چاغدا،
چۆل ئارا سەرسان بوپ كەتتى بىر ئارمان.
ئېھتىمال ئۈمىدنىڭ توغۇلغان كۈنى،
بەخت بوپ چۈشكۈسى تەڭرىدىن پەرمان.

www.uyghurkitap.com

# ھايات بوسۇغىسىدا

ئايگۈل ھەمدۇللا

يىقىلسام ئەگەر
كېتىۋېتىپ ئالدىڭدا
كۆرمەسكە سال مېنى ئەزىزىم،
يۆلىۋالغىن قولۇڭدىن كەلسە.
يىغلاپ قالسام ئارقاڭدا قېلىپ،
ئەگەر سۈرتەلمىسەڭ يېشىمنى،
سەن يەنىلا ئاڭلىماسقا سال
ئۆكسۈشلىرىمنى.
ھاياتلىق دېڭىزى شۇنداق رەۋىشتە،
بەزىدە تېيىز، بەزىدە چوڭقۇر،
چەكسىز يەنە تاردۇر ئاشۇنچە.
كىشىلىك تۇرمۇش شۇنداق قۇرۇلغان،
قارىساڭ ئاددىي، ئويلىساڭ قىيىن،
چۈشەنسەڭ ئۇ شۇنچە مۇرەككەپ.
تېيىزغا كىرسەڭ تەشنالىقى قاناماس
جىسمىڭنىڭ.
چوڭقۇرغا چۆكسەڭ يەتمەس نەپىسىڭ،
چەكسىزلىك سۇر قوشىدۇ روھىڭغا
ئېھتىمال...
ئويلىنىۋالغىن بىرپەس سوغۇققان
قەدەم قويغىن ئاندىن ئەزىزىم
بۇ ھاياتنىڭ بوسۇغىسىغا.

# يارىلانغان بۈركۈت

قۇربانە ئاخۇنباي

رامكىلانغان بۈركۈت خىيالى،
چوققىدىكى مىسكىن ئۇۋىدا.
پەرلىرىدە جانسىز نالە بار،
نابۇت بولغاچ ياۋنىڭ ئوقىدا.
بۇلۇت ھالقىپ نۇرلانغان ئىستەك،
چۈشلىرىگە ئايلاندى ئۈنسىز.
ئاتەش رەڭدە چاقنىغان جۈپ كۆز،
شۇنچە خىرە، شۇقەدەر نۇرسىز.
باچكىسىنى كۈتەر ئۇ يەنە،
قان سىرغىغان يۈرەكنى بەزلەپ.
ئاھ، ۋاپاسىز ئانىسى ئۈچۈن،
نە يۈرەركىن قەبرىلەر ئىزلەپ.

# ئىككى شېئىر

بۈئايشەم ھامىدىن

## سەن كەتتىڭ...

خازانلار تۆكۈلگەن چىغىر يوللاردا
سەن كەتتىڭ يىراققا ئاققان ئېقىندەك.
مەن قالدىم تەلمۈرۈپ كەينىڭدىن شۇدەم
چۆللەردە قۇرۇغان يالغۇز دەرەختەك.
سەن كەتتىڭ، يۈرىكىم ئەگەشتى بىللە
شادلىقىم توزىدى قۇش پېيى كەبى.
بۇ تۈنلەر ئۇيقۇدىن بىدارمەن بىدار،
ئەزىزىم ئاھ، ئەجەب سېغىندىم سېنى.
سەن كەتتىڭ، ئاي ـ يىللار ئۆزىدى بىر ـ بىر،
مەن قالدىم چۆللەردە ئىسمىڭنى يادلاپ.
ھەر تاڭدا قارايمەن رەڭدار ئۈپۈققا
قاچانمۇ كېلەرسەن تاغ ـ داۋان ئاتلاپ.

## شەبنەم ـ ئاشىقلار يېشى

تاڭ سەھەردە كىردىم گۈلباغقا،
چۈش قوينىدا ياتىدۇ چىمەن.
رەشك ئوتى قىينار بۇلبۇلنى،
گۈل لىۋىنى ئۆپمەكتە شەبنەم.
تەئەججۇپتە ئويلاندىم ئۇزاق،
نېچۈن سىرلىق بۇ گۈزەل ئالەم.
گۈل ئىشقىدا ۋەيرانە بۇلبۇل —
گۈلنى ئەجەب قۇچىدۇ شەبنەم.
بىردىن ياپراق بەردىكى جاۋاب:
شەبنەم ئەسلى ئاشىقلار يېشى.
بۇلبۇلغا باق تەئەججۇپلەنسەڭ،
قۇرۇمايدۇ نەمدىن كىرپىكى.

# ئۈچ شېئىر

ئەخمەتجان تۇرۇپ

## ئاق قۇشقاچ

توڭلاپ قالغان يېگانە قۇشقاچ،
قار كۆلىنى ياتار قۇچاقلاپ.
ئىھ، بىتەلەي مۇشۇكمۇ شۇتاپ
تام تۈۋىدە ياتىدۇ ئۇخلاپ.

ئېلىپ ئاستا قۇشقاچنى قاردىن،
قانىتىنى كەتتىم مەن سىيلاپ،
ۋە قۇياشقا كۆز تىكىپ بىررەت،
يۈرىكىمگە كۆمدۈم ئاۋايلاپ.

## پويىز ئاۋازى

يىراقلاپ بارماقتا پويىز ئاۋازى،
قوندۇرۇپ ناتىۋان قۇشنى ئۈستىگە.
«خەير» دەپ قولۇمنى كۆتۈرگەن پېتى،
ئادەمسىز بىكەتتە قالدىم جىممىدە.

ئادەمسىز بىكەتتە قالدىم جىممىدە،
مۇزلىغان دۇنيانى باغرىمغا بېسىپ.
هاياتنى قايتىدىن سۆيدۈم ۋە يەنە،
نۇرسىمان بويىنىغا مەھكەم ئېسىلىپ.

## بەخت رىسالىسى

مەڭگۈلۈك بەختنى ئىزدىسەڭ ئەركەم،
قەلبىمنى قۇچاقلاپ ئالغىن قەلبىڭدە.
چۈشەنسەڭ، سارغايماس مۇھەببەت دېگەن
ئازابتىن تۆرەلگەن قۇشتۇر ئەسلىدە.

كەڭ يارات شۇڭا سەن ئاسمىنىڭنىمۇ،
(بولدۇقلاپ چىقىدۇ قەپەستىن زۇلمەت.)
ئېيتىشقا ھەقلىقمىز: «بىزلەر بەختلىك!»
توزۇسا تەنلەرنىڭ بەرگىدىن شۆھرەت.

# شاراب بىلەن سىردىشىش

(رۇبائىيلار)

ۋارىسجان قاسىم

سەمەندەرمەن دوزاختىمۇ كۆيمەيمەن،
مۇنكىرلەرنىڭ گۆرزىسىگە ئۆلمەيمەن.
جەننەت دېگەن ئەخمەقلەرنىڭ كۈلبىسى،
چىن ھاياتنىڭ باشقىسىنى سۆيمەيمەن.

* *

بىر رومكا ئىچىۋال كەل ئەي پەرىشتە،
زېرىكىپ قالىسەن مەي يوق ئەرشتە.
شارابنىڭ شۆھرىتى مەستلىكتە ئەمەس،
تەگرىمۇ بىر تېتىپ قىلسۇن سۈرۈشتە.

* *

مەي ئىشقى قەلبىمدە ھەيۋەتلىك ئېقىن،
تامچىسى رومكامدا ياسايدۇ چېقىن.
مەھشەردە جىسمىمدىن پۇراپ تۇرسا مەي،
مۇنكىرلەر سوراققا كېلەلمەس يېقىن.

* *

شارابسىز ۋۇجۇدتىن دۇت - ئىس چىقارمىش،
ھەر تىنىقىدىن مىڭ ئىبلىس چىقارمىش.
پاشىمۇ چۈشىدە مەي ئىچسە ھەتتا،
پەرۋازدا سۇمرۇغدىن قالتىس چىقارمىش.


* *

مەي ئىچسەڭ كوچىغا جىق - جىق ئىچىپ چىق،
رومكاڭغا تولدۇرۇپ لىق - لىق ئىچىپ چىق.
شارابسىز جەننەتكە كىرىپ قالساڭ گەر،
مەي بولسا دوزاختا دەرھال قېچىپ چىق!

* *

تالاي سەلتەنەتكە يىغىپ ئۆتتى قار،
مۇزلۇق قەسىرلەرگە سولىنىپ باھار.
مەستىنىڭ لەۋزى بۈيۈك قۇيغىن ئىچەيلى،
ئۇيۇغان مۇگلارنى تۆككىنە دىلتار!

www.uyghurkitap.com




## باتۇر روزى

**مۇھەررىردىن:** ئۇيغۇر ئوغلانى ئادىل ھوشۇر 1997 - يىل 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ سەنشيا بوغۇزىغا تارتىلغان سۇ يۈزىدىن ئېگىزلىكى تەخمىنەن 400 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 640 مېتىر كېلىدىغان پولات ئارغامچىدىن 13 مىنۇت 48 سېكۇنتتا ئۆتۈپ دۇنيانى تاڭ قالدۇرىدىغان مۆجىزە ياراتتى. ئۇ ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى كانادالىق كوچرائىن 53 مىنۇت 10 سېكۇنتتا سەنشيا بوغۇزىدىن ئۆتكەنلىكىدەك رېكورتنى ئاجايىپ زور سېلىشتۇرما بىلەن يېڭىلىدى.

ئادىل ھوشۇر يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ، قەتئىي ئىرادە بىلەن ئۇيغۇر دارۋازچىلىقىنى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ دۇنياۋى مۆجىزە ياراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ جاپالىق مەشق قىلىش، خەتەردىن، ئۆلۈمدىن قورقماسلىق ئىرادىسى بىلەن ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىلدى. ئۇ يېڭى دۇنيا جىننىس رېكورتىنى يارىتىپ جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە زور شان - شەرەپ كەلتۈردى. ۋەتىنىمىزدىكى ھەرمىللەت خەلق بۇ «ئاسمان شاھى» بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

بىز ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز تەشەككۈرىمىزنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئاسمان شاھى ئادىل ھوشۇرنىڭ ھاياتىغا بېغىشلاپ يېزىلغان «كۆكتىكى پەرۋاز» ناملىق كىتابنىڭ بىر بابىنى كىتابخانلار ھۇزۇرىغا سۇندۇق.

## سەنشيا بوغۇزىدىكى جەڭ

ئىلاۋە: ئادىل — بىر قەھرىمان. لېكىن بۇ قەھرىمان مىجىت ساۋۇتقا ئوخشاش يىراقنى كۆرەر كۆزگە ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا ئىگە بىر قوماندانىنىڭ ھىماتى ئاستىدا بارلىققا كەلگەن. ئۇيغۇرلارنى دۇنياغا ۋە ئۆز - ئۆزىگە تونۇتۇشتىن ئىبارەت ئىنتايىن مۇھىم ۋە مۇشكۈل سەپەردە مىجىت ساۋۇتنىڭ يىراقنى كۆرەرلىكى ۋە ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلىگىلى بولمايدۇ. مىجىت ساۋۇتنىڭ ئادىلنى سەنشيا بوغۇزىدىن ئۆتكۈزۈش پائالىيىتىدە كۆرسەتكەن باتۇرلۇقى قەھرىمانىمىز ئادىلنىڭ باتۇرلۇقىدىن قېلىشمايدۇ. مىجىت ساۋۇتنىڭ ئۇيغۇر دارۋازلىق سەنئىتىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، دۇنيا سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىش يولىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى تارىخنىڭ ئالتۇن سەھىپىسىگە پۈتۈلۈشكە مۇناسىپ. قېنى، ئەمدى ئۇنىڭ بايانلىرىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ باقايلى...

* *

گەپنى يىراقتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

مەن تۇنجى قېتىم دار باغلىغاننى كۆرگەن چېغىمدا تېخى كىچىك ئىدىم. 1953 - يىلى بوبى پاكار، شاپ بۇرۇتلۇق، كەكە ساقال بىر دارۋازنىڭ تۇمەن دەرياسى بويىدا دارغا چىققانلىقى پەقەت يادىمدىن كەتمەيتتى. ئۇ چاغدا داقا - دۈمباق، ناغرا - سۇناي ساداسى پۈتۈن شەھەردە زىلزىلە پەيدا قىلغانىدى. شەھەردىكى ئۇلۇغ - ئۇششاق ھەممىسى كوچىلارغا پاتماي، دەريا بويىغا قاراپ كەلكۈندەك ئاققانىدى. بىر چاغدا دارنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان ئالامان توساتتىن قىلىچ بىلەن چاپقاندەك ئىككى قاشقا بۆلۈندى. بېشىغا سەللە ئوراپ، تون - سەرۇپايلارغا پۈركەنگەن دارۋاز ياسىداق ئاتقا مىنىپ يېتىپ كەلدى - دە، جامائەتكە تەكشى سالام بېرىپ چىققاندىن كېيىن، تەخسەكنى قولىغا ئېلىپ، ئارقا تام ئارغامچىسىغا چەبدەسلىك بىلەن قەدەم باستى. دارۋاز ھەش - پەش دېگۈچە ئىككىنچى ئاچىغا چىقىپ توختىدى ۋە تەخسەكنى قۇچىقىدا توغرىسىغا قويۇپ، قولاقچۆپ ئۈستىدە بەداشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، ئىك-

---

① شۇ ناملىق كىتابتىن پارچە

كى رەكئەت شۈكرى ناماز ئوقۇپ دۇئا قىلدى.
ئاندىن دار ئۈستىدە خۇددى ئېتىزلىقنىڭ قىرىدا
سۇ ياقىلاپ ماڭغاندەك بىخىرامان مېڭىپ كەتتى.
پۇلى بارلىرى پۇل، پۇلى يوقلىرى ئۈستىباشلى-
رىنى داستىخانغا تاشلاشتى. كېيىن ئۇقسام بۇ
دارۋاز دەل ئادىلنىڭ دادىسى ھوشۇركام ئىكەن،
دارۋازلىق سەنئىتىگە بولغان كۈچلۈك ھۆرمەت
تۇيغۇسى شۇ چاغدىن باشلاپلا قەلبىمدىن ئورۇن
ئالغانىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەنمۇ تىياتىر كەسپىدىن
ئايرىلىپ ئاپتونوم رايونلۇق سېرك ئۆمىكىگە
مەسئۇل قىلىندىم. خەلقىمىز ئارىسىدىن يېتى-
شىپ چىققان سېركچىلەر يا ئىدارىسى يوق، يا
تۇتقان ئۆيىنىڭ تايىنى يوق ھالەتتە يۇرتمۇ يۇرت
سەرگەردان بولۇپ ئويۇن قويۇپ يۈرەتتى. مەدە-
نىيەت نازارىتىنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىدە خەلق
ئارىسىدىكى سېركچىلەرنى تەشكىللەپ، مىللىي
سېركنى راۋاجلاندۇرۇش ھەققىدىكى قارارلار تا-
لاي قېتىم تەكىتلەنگەن بولسىمۇ، نېمىشقىدۇر
شۇ كەملەرگىچە بىرەر ئەمەلىي ئىش قول تۇتۇپ
ئىشلەنمىگەنىدى. مەن ئۆمەككە كەلگەندىن كې-
يىن قويۇق مىللىي تۈس ئالغان يەرلىك ئالاھىدى-
لىككە ئىگە سېرك سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشقا
جىددىي ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكىنى ھېس
قىلىپ، مەدەنىيەت نازارىتىگە دوكلات سۇندۇم،
بىر يىلدىن كېيىن نازارەت 30 كىشىلىك شتات
كۆرسەتكۈچى چۈشۈرۈپ بەردى. مىللىيلاردىن
دەرھال 30 نەپەر سېركچىنى ئۆمەككە قوبۇل
قىلدۇق. ھازىر ئۇيان تاسقاپ، بۇيان تاسقاپ يۇ-
رۇپ ئۇلاردىن 20 نەپىرى قالدى.

ئۇ چاغلاردا دارۋازلىق مىللىي تەنتەربىيە-
نىڭ بىر تۈرى دەپ قارىلىپ كېلىۋاتاتتى. مەنمۇ
مىللىي تەنتەربىيە دېگەن ئۇقۇمنى ئانچە چۈشە-
نىپ كەتمەيتتىم. شۇنداقتىمۇ دارۋازلىقنى
سېرك ئويۇنلىرى قاتارىغا كىرىدۇ، دەپ قارايت-
تىم. جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغان چاغلىرىمدا خەلق
سېركىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان دار-
ۋازلىقتىن باشقا شەكىللىرىنىمۇ ناگاندا بىر ئۇچ-
رىتىپ قالاتتىم. كەسپداشلىرىمدىنمۇ بۇ ھەق-
تىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ تۇراتتىم. ۋاھالەنكى،
شۇ ئاي، شۇ يىللاردا خەلق سېركىنىڭ دارۋاز-
لىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك ساقىندى شە-
كىللىرى يوقىلىپ كېتىش خەۋپىدە تۇراتتى.
مەن ئۇلارنى ساقلاپ قېلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇ-
رۇش نىيىتىگە كەلدىم. سەنئەت، سېرك دېگەن-
لەرنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى چىڭ تۇتمىساق،
مىللىي تۈس ئالغان شەكىللىرىنى راۋاجلاندۇرمى-
ساق ئۇنىڭ ھېچقانچە قىممىتى بولمايتتى. چۈن-
كى، بۇ خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا بېرىپ
تاقىلىدىغان نېگىزلىك مەسىلە ئىدى. مەنىۋى جە-
ھەتتىن زەئىپلەشكەن مىللەت مۇقەررەر يوسۇندا
ھاياتىي كۈچىدىن ئايرىلىپ قالاتتى. خەنزۇلار-
نىڭكىنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئويناۋەرگەن بىلەن، بە-
رىبىر ئۇلارغا يېتىشىۋالغىلى بولمايتتى.

يېڭىسار سېرك ئۆمىكى ھەققىدە جىق رىۋا-
يەتلەرنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇلار ئېغىر ئىقتىسادىي
قىيىنچىلىقلارغا يولۇقسىمۇ، خەلق سېركىنىڭ
دارۋازلىقنى ئاساس قىلغان تۈرلۈك شەكىللىرىنى
ياخشى ساقلاپ كەلگەن ۋە جاپاغا چىداپ زور تى-
رىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئويۇن قويۇشنى داۋام-
لاشتۇرۇپ ئەنئەنىۋى سېركچىلىكىمىزنى راۋاج-
لاندۇرۇپ كېلىۋاتقانىدى. ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي
جەھەتتىن ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا يولۇقىۋاتقانلى-
قىنىمۇ ئاڭلىغانىدىم. شۇڭا ئىشنى يېڭىسار
سېرك ئۆمىكىنى قوللاشتىن باشلاش قارارىغا
كەلدىم. دەسلەپتە ئۇلارغا بىر ماشىنا ۋە نەچچە
ئون يۈرۈش كىيىم - كېچەك ئەۋەتىپ بەردىم.
ئاڭلىسام، ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى تاپشۇرۇۋالغاندىن
كېيىن قەۋەت خوشال بولۇپ كەتكەنىكەن. «بىز-
گە غايىبتىن ياردەم قىلغان كىشى قانداقراق ئا-
دەمدۇ؟» دېيىشىپ قالغانىكەن. 1987 - يىلى
ئۆمەكنى باشلاپ جەنۇبقا ئويۇن قويغىلى بارغان
چېغىمدا ئۇلارنى يوقلاپ قوياي دەپ ئۆمەكنىڭ
ئاتخانىغا ئوخشايدىغان ئەنجان تاملىق قورۇسىغا
ئىزدەپ بارسام، ئۇلار قەشقەرگە ئويۇن قويغىلى
كەتكەنىكەن. كېيىن مەن قەشقەرگە كەلسەم ئۇلار
يېڭىسارغا ئۆتۈپ كېتىپتۇ. زۇنۇن قۇربان يوق-
لاپ بارغىنىمنى ئاڭلاپ كەينىمدىن قەشقەرگە
ئىزدەپ كەلگەنىكەن. يېڭىسار سېرك ئۆمىكىدىن
ئىبارەت بۇ باغنى بىنا قىلىپ مېۋە بەرگۈدەك
ھالەتكە يەتكۈزگىچە يەتكۈچە جاپا تارتىپ، ئاپتاپتا
كۆيگەن چىرايلىرىنى رىيازەت قورۇقلىرى قاپلاپ
كەتكەن، جېنى تۆمۈردىن پۇتكەن بۇ ھۆرمەتلىك
چال بىلەن شۇ يىلى قەشقەردە دىدار كۆرۈشتۇق.

1989 - يىلى شاڭخەيدە سەھنە سەنئەت باي-
رىمى ئۆتكۈزۈلمەكچى بولۇپ، مەدەنىيەت نازارى-
تىگە ئالاقە كەپتۇ. ئالاقىدە ئىلگىرى ئىچكىرى
ئۆلكىلەردە قويۇلمىغان ئالاھىدە ئويۇنلار بولسا
ئېلىپ كېلىش ئۇقتۇرۇلغانىكەن. ئىچكىرىدىكى-
لەر شۇ كەمگىچە دار ئويۇنىمىزنى كۆرۈپ باقمى-
غانىدى. قورسىقىمغا جىن كىردى. دارۋازلىق
سەنئىتىنى جاھانغا تونۇتۇشنىڭ بىر ياخشى پۇر-
سىتى كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. پىلانىمنى نا-
زارەتتىكىلەر تەستىقلاپ، يول خىراجىتى ئۈچۈن
ئون مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ بەردى. دارۋازلىق مىل-
لىي تەنتەربىيە دەپ قارىلىپ، دارۋازلىرىمىز
كۆپرەك تەنتەربىيە كومىتېتى بىلەن ئالاقە قىلى-
ۋاتاتتى. تەنتەربىيە كومىتېتىغا بېرىپ «دارۋاز-

www.uyghurkitap.com

لىق تارىخى ئۇزۇن ئەنئەنىۋى ئويۇنىمىز، دارۋاز-
لىرىمىزمۇ ئىچكىرىگە بېرىپ باقمىغان. پۇرسەت-
نى غەنىمەت بىلىپ، ئۇلارنى ئىچكىرىگە ئەكە-
رىپ باقمايلىمۇ؟» دېسەم، ئۇلارمۇ قىزىقىپ
قالدى ۋە شۇ چاغدىكى ئاممىۋى تەنتەربىيە باشقار-
مىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئەخمەت نىيازنى ماڭا
قوشۇپ قويدى. شۇيىلى ئەتىيازدا يېڭىسارغا بار-
دۇق. ئۆمەكتىكىلەر ئەنجان تامنى يۆلەپ، قوناق
شېخىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ ئاپتاپسىنىپ ئول-
تۇرۇشقانىكەن. شۇ چاغدا ئۇلار ئارتىسلىرىغا
ئىش ھەققى تارقىتالمىغىلى يېرىم يىل بولغانى-
كەن. زۇنۇنكام: «ئويۇن قويايلى دېسەك، ئويۇ-
نىمىزنى خەلق كۆرمەيدىغان بولۇۋالدى. ھېلى
قاسساپقا، ھېلى كۆكتاتچىغا قەرز بولۇپ ئولتۇ-
رۇپ قالدۇق» دەپ ۋايساپلا كەتتى. زۇنۇنكامغا
تەسەللى بەردىم: «سىلەرگە بىر بازار تاپتىم.
ئەگەر مۇشۇ قېتىم يول تېپىپ قالساق، خۇدايىم-
نىڭ بەرگىنى شۇ، يول چىقماي قالسا، بېشى-
مىزغا كەلگەننى كۆرەرمىز. دەتتىكام دەپ باقام-
دۇق - قانداق؟ » دېدىم. بۇ گەپ ئۇلارغا ياغدەك
ياقتى. «ئەمىسە قەشقەرگە بېرىپ، ئىككى - ئۈچ
كۈن ئويۇن قويۇپ، جامائەتنىڭ ئالدىغا داستىخان
يايىمىز» دېسەم، ئۇلار: «بۇ ئىشنى ئاتا - بوۋى-
مىز قىپتىكەن، بىزگە نومۇس ئەمەسمۇ؟ » دەپ
ئۇنىمىدى. «سىلەر ئاتا - بوۋاڭلاردىن قالغان
باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ پەقەت شۇنىلا
قىلمىغان، شۇڭا مۇشۇ كۈنگە قالدىڭلار. دارۋاز-
چىلىقنىڭ شەكلى، خاراكتېرىدىن ئېلىپ ئېيت-
قاندا، داستىخان سالمىسا بولمايدىغان ئويۇن.
سىلەر خەلق قىزىقىپ كۆرىدىغان ئويۇننى بىكار-
غا، قىزىقمايدىغان ئويۇننى بېلەت سېتىپ قويىدى-
غان ئادەملەر، ئويۇن قويغىلى بارساڭلار، كىنو-
خانىنىڭ يازلىق كۇلۇبىغا ئىككى تال مومىنى
قاداپ دار ئويناپ بېرىمىز دېمىسەڭلار، بىلىتىڭ-
لارنى بىركىم ئالمايدۇ. سىلەر: ‹ جامائەت يەر
ئويۇنىمىزغا قىزىقىدۇ›، دەپ چوتنى خاتا سوققى-
نىڭلار بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇلار دارغا بەكرەك
قىزىقىدۇ. دار ئويۇنى ئېگىزلىكتە ئوينىلىدىغان
بولغاچقا كىشىلەر بېلەت سېتىۋالمايمۇ كۆرەلەي-
دۇ. شۇڭا ئاتا - بوۋىلىرىمىز دارنىڭ ئوتتۇرىسى-
غا چىققان ۋاقتىدا ‹ ئامىن! ›، دەپ دۇئا قىلىپ،
‹ پالاننىڭ ئېتىغا، پوكۇننىڭ تىللاسىغا› دەپ
داستىخان سېلىپ كەلگەن، بولمىسا ئۇلار قانداق
جاھاندارچىلىق قىلىدۇ؟ نومۇس قىلساڭلار، نو-
مۇسنى مەنلا تارتاي، داستىخاننى مەنلا سالاي،
داستىخان سالمىساق ئويۇن كۆرگۈچىلەر پۇلنى
نېمىگە تاشلايدۇ» دەپ چۈشەندۈرسەم، ئۇلار ئا-
خىرى ماقۇللۇق بىلدۈرۈشتى. قەشقەرگە بېرىپ،
زۇنۇنكامنى ئەگەشتۈرۈپ، ئويۇن قويىدىغان مەي-
دان ئىزدەپ مېڭىپ كەتتۇق، بۇرۇن ئىگىسى
يوق يەرلەر ئۇ چاغدا بىزگە قىممەتلىك بولۇپ
كەتتى. بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغان چاغلار
بولغاچقا، قەشقەردە تەرەتخانىغىمۇ پۇل ئالىدىغان
بولۇپ قاپتۇ. ھېيتگادىكى مەيداننى مۇشكۇل قى-
يامەتتە ئاران ھەل قىلىپ ئويۇن قويۇشنى باشلى-
دۇق. ئويۇنىمىزنىڭ تەسىرى بىلەن قەشقەر خەل-
قىگە ئۈچ كۈن بايرام بولدى. بىز ئويلىغاندىنمۇ
نەچچە ھەسسە كۆپ ئادەم ئويۇن كۆرۈشكە قاتناش-
تى. ئامانلىق ساقلاشقىلا 67 نەپەر ساقچى كەت-
تى. ھېيتگانىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىغىچە ئادەمگە
لىق توشۇپ كەتتى. پۇل يىغىشقىلا بەش ئەديال
ئىشلەتتۇق، جامەنىڭ دەرۋازىسىدىن تارتىپ تاكى
ئوردا ئالدىغىچە داستىخان كۆتۈرۈپ ماڭدۇق.
ئادەم جىق بولغان بىلەن يىغىلغان پۇل چاغلىق،
چەت ئەللىكلەر، بايلار ئېزىپ - تېزىپ 10 — 20 يۈەندىن
تاشلاپ قالمىسا، قالغانلىرى بىر موچەن - ئىككى
موچەندىن تاشلىدى. ئۈچ كۈن ئويۇن قويۇپ ئا-
ران ئۈچ مىڭ يۈەن يىغىپتۇق. بۇنى ئۆمەكتىكى-
لەرگە ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ئورۇن-
لاشتۇرۇشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن تارقىتىپ بەر-
دۇق. تەييارلىقىمىزنى پۈتتۈرۈپ شاڭخەيگە قاراپ
يولغا چىقتۇق. شاڭخەيگە كېلىشىمىزگىلا قېرىش-
قاندەك قاتتىق يامغۇر يېغىپ كەتتى. ئويۇن قو-
يۇشقا بەلگىلەپ بېرىلگەن يېرىمىزگە بىرەر مېتىر
ئېگىزلىكتە سۇ يىغىلىپ قالغانىدى. دار باغلاش
ئىمكانىيىتى پۈتۈنلەي تۈگىگەنىدى. سەنئەت باي-
رىمىنىڭ ئىشىمۇ سۇغا چىلاشقانىدى. پۇل دېگەن-
نى غازاڭدەك سوپۇرىۋالىمىز دەپ بارغانىدۇق،
مانا ئەمدى بىر تىيىن پۇل بېرىدىغان ئادەم يوق.
دارۋازلىقنى كۆرۈپ باقمىغان شاڭخەيلىك بۇ ئو-
يۇننى كۆرۈپلا قالسا چۈنتىكىدىن قانچە پۇل چى-
قىپ كەتكىنىنى تۇيمايلا قالىدۇ، دەپ ئويلىساق،
مانا ئەمدى يامغۇرنىڭ دەستىدە ئۈستەك بەرسەكمۇ
ئويۇن كۆرمەيدىغان بولۇپ قېلىشقانىدى. شاڭ-
خەي شەھەرلىك تەنتەربىيە كومىتېتى بىلەن ئالا-
قىلەشكەندۇق، ئۇلار تەنتەربىيە سارىيىنىڭ يەر
ئاستى ئۆيلىرىگە ياتىدىغان ياتىقىمىزنى ئورۇنلاش-
تۇرۇپ بەردى. يامغۇر سەل پەسەيگەن ۋاقىتتىن
پايدىلىنىپ خوڭكوۋ تەنتەربىيە مەيدانىدا ئىلگىرى -
كېيىن بىر مەيدان ئويۇن قويدۇق، تەشۋىقات ۋاراقلى-
رىنى بولىشىغا باستۇرۇپ شاڭخەينىڭ بۇلۇڭ -
پۇشقاق، خالتا كوچىلىرىغىچە تارقاتقان بولساق-
مۇ، ئويۇنىمىزغا تۈزۈك ئادەم يىغىلمىدى. يام-
غۇر توختىماي يېغىۋەردى. زېدەپ كەتكەن ياتاق-
لاردا كۈنىگە ئىككى ۋاخ نان بىلەن چاي ئىچىپ،
بىرۋاخ ھەلەپنىڭ ئورنىدا يوقتىن ياخشىراق تاماق
يەپ، يامغۇرنىڭ توختىشىنى كۈتۈپ يېتىۋەر-
دۇق. قېرىشقاندەك يامغۇرمۇ توختىماي كەتتى.

ئېلىپ كەلگەن پۇلىمىزنىڭمۇ يولدا كىرا قىلىپ، خىراجەت قىلىپ، قورساق ئېچىپ دېگەندەك، ئۆپكىسى تۆگەپ كانىيى قالغانىدى. بىر ياقتىن پۇلنىڭ غېمىدە باش قاتسا، بىر ياقتىن ئاران قولغا كەلتۈرگەن غەنىمەت پۇرسەتنىڭ كۆپۈككە ئايلىنىپ يوقاپ كېتىۋاتقىنىغا ئىچىم ئېچىشاتتى. يامغۇر ئەمدىلا پەسكويغا چۈشۈشۈدى، ئارقىدىنلا بېيجىڭدا يۈز بەرگەن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدە شاڭخەيدىمۇ ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى باشلىنىپ كەتتى. ھەرخىل لوزۇنكا - پىلاكاتلارنى كۆتۈرگەن نامايىشچىلار قوشۇنى كوچا - كوچىلارغا كەلكۈندەك يامرىغىلى تۇردى. ئاخىرى شاڭخەي شەھىرىدىن ئۈمىدىمىزنى ئۈزۈپ، شاڭخەينىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى ناھىيىلەردىن خېرىدار ئىزدەشكە كىرىشتۇق. قىستا - قىستاڭ ئاپتوبۇسلاردا ئۆرە تۇرۇپ سائەت - سائەتلەپ مېڭىپ كەتتۇق، بىراق، كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمىدۇق. ھەممىلا يەردە كىشىلەر ئۆزىنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن بولۇپ كەتكەنىدى. ئويۇن دېسە جان بېرىدىغان ئۇيغۇرلارنى كۆزىمىزگە سۈرتكىدەك بولدۇق. قورساق تويغۇزۇشتىن باشقىغا قىزىقمايدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا شاڭخەي شەھىرىگە يىغىلىۋالغاندەك ھېس قىلدۇق. شاڭخەيگە كېلىپ 20 - كۈنى ئۈمىدىمىزنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ شىنجاڭغا قايتىپ كەتمەكچى بولدۇق. بىراق، چۆنتىكىمىز قۇرۇقدىلىپ قالغانىدى. باۋگاڭ پولات - تۆمۈر زاۋۇتىغا بېرىپ، زاۋۇتنىڭ پارتكوم شۇجىسى بىلەن كۆرۈشۈپ: «بىز شىنجاڭدىن سەنئەت بايرىمىغا قاتناشقىلى چىققانىدۇق. قايتىدىغان چېغىمىزدا ئىشچىلار سىنىپىدىن ھال سوراپ كېتەيلى، دەپ ئويلاشتۇق. ئۇنىڭ ئۈستىگە قايتىدىغانغا پۇلىمىزمۇ تۈگەپ قالدى. زاۋۇتۇڭلاردا بىر مەيدان ئويۇن قويۇپ بەرسەك». دېسەم، شۇجى: «بىز بەك ئالدىراش، ئويۇنۇڭلارنى كۆرىدىغانغا ۋاقىت يوق. ئەمما شىنجاڭغا كېتىدىغان پويىز بېلىتىڭلارنى بىز ئېلىپ بېرەيلى» دېدى. ئۇلاردىن بىكارغا پۇل ئېلىشقا يۈزىمىز تېخى چىدىمىدى. ئويۇن قويۇپ بېرەيلى دېسەك، ۋاقتىمىز يوق دەپ زادىلا ئۇنىمىدى. ئاخىرى ئىنسابىمىزغا ئېلىپ، شىنجاڭغا بېرىۋالايلى دەپمۇ تۇرىۋالماي، لەنجۇغا بېرىۋېلىشقا كېتىدىغان ئىككى يېرىم مىڭ يۈەننى دۇئا قىلغانىنىڭ ئورنىدا ئېلىپ قايتىپ كەلدىم. بۇ پۇل بىلەن لەنجۇغا ئاران كېلىۋالدۇق. لەنجۇدا ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى شاڭخەيدىنمۇ بەكرەك ئەۋج ئالغانىكەن. شۇنداقتىمۇ تەنتەربىيە كومىتېتىدىكىلەر بىزنى قىزغىن قوللاپ، تەنتەربىيە مەيدانىنى ئويۇن قويۇشىمىزغا ئىجارىتىپ بەردى. ئادەممۇ جىق يىغىلدى. ھەممىلا يەر كۆزنى چاقنىدىغان ئاپتاپتا يېلىنجاپ ياتاتتى. بىراق، ئويۇننى ئەمدىلا باشلايلى دەپ تۇرساق، توساتتىن تەنتەربىيە مەيدانىنىڭ ئۈستىنى بۇلۇت قاپلاپ كەتتى. دەم ئۆتمەيلا يامغۇر شارقىراپ قويۇۋەتتى. دارۋازلىرىمىز دارغا چىقىشتىن ئەنسىرەپ قېلىشتى. ساقلىساق، يامغۇر ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس. بىر چاغدا ئاينۇر: «مەن دارغا چىقىۋېرىمەن» دەپ يۈگۈرۈپ كەلدى. مەن سەل ئىككىلىنىپراق ماقۇل دېدىم. ئاينۇر تەڭشەكنى قولىغا ئېلىپ «تاق - تاق» دەسسەپ چىقىپ كەتتى. يامغۇردا كۆڭلەكلىرى ھۆل بولۇپ بەدىنىگە چاپلىشىپ، ئىشىك تاقايدىغان دەمگىلا ئوخشاپ قالدى. ئويۇن كۆرگۈچىلەر گۈلدۈراس ئالقىش ساداسىنى ياڭرىتىۋەتتى. بايا دارغا چىقىشقا ئۇنىمىغان يىگىتلىرىمىز ئەمدى جىم تۇرالماي قالدى. مەمەتتۇرسۇن بىلەن ئادىلمۇ بەس - بەس بىلەن دارغا چىقتى. تەلىيىمىزگە ئۇلار داردىن ساق - سالامەت قايتىپ چۈشتى. ئۇلار دارنى ئويناپ بولۇشىغىلا يەنە ئاپتاپ چىقىپ كەتتى. ئاپتاپ بىز بىلەن مۆكۈشمەك ئويناۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق. لەنجۇلۇقلار دار ئويۇنىمىزنى كۆرۈپ ھەيرانۇ ھەس قېلىشتى. ئويۇننى داۋاملاشتۇرۇپ قويۇۋېرەيلى دېسەك، ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. ئىچكىرىدىكى پائالىيىتىمىز ئاساسەن مەغلۇبىيەت بىلەن ئاياغلاشتى. تاغارلاپ يىغىۋالىدىغان پۇللار، دارۋازلىرىمىزنى ئالتۇنغا كۆمىۋېتىدىغان شېرىن خىياللىرىمىزنىڭ ھەممىسى كۆپۈككە ئايلاندى. لېكىن كۆڭلۈمدە يەنىلا مەغلۇبىيەتكە تەن بەرگۈم كەلمىدى. «شارائىت يار بەرگەن بولسا چوقۇم چاڭ چىقىرىپ قايتىپ كېلەلەيتتۇق» دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە. «كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ؟» دەپ ئاچچىقىمغا ھاي بەردىم. پويىز بىلەن قۇمۇلغا قايتىپ كەلدۇق. تەنتەربىيە كومىتېتىدىكىلەر قىزغىن كۈتىۋالدى، ئاممىنى ياخشى ئۇيۇشتۇردى. تەنتەربىيە مەيدانىغا دار باغلىدۇق. قۇمۇلغا سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئانچە بارمىغىنىغا قاراپ، ئۇلارنى ئويۇنغا قىزىقمايدىغان ئوخشايدۇ دەپ خاتا مۆلچەرلىگەنىكەنمەن. ئىشلار ئويلىمىغان يەردىن چىقىپ قالدى. قۇمۇلدا ئويۇنىمىز كارامەت ئالقىشقا ئېرىشىپ كەتتى. «تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز» دېگەن گەپ راست ئىكەن. خەلقىمىزنىڭ دارۋازلارغا بولغان ھۆرمىتىنى مانا مۇشۇ يەردە كۆردۇق. بېلەت سېتىشقىلا بەش ماشىنا كەتتى. ئادەم دېگەن مەكتەپ - مەكتەپ، ئىدارە - ئىدارە، يېزا - يېزىلاردىن مىڭلاپ كوچىغا پاتماي كەلگىلى تۇردى. ئادەمنىڭ جىقلىقىدا ئالقانچىلىك يەرنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى، قۇمۇللۇققا نېمە بالا تەگكەندۇ؟

دەپ ھەيران قېلىشتۇق. پۈتۈن قۇمۇل خەلقى تەۋرەپ كەتتى، ئۇدا بەش كۈن توختىماي ئويۇن قويدۇق. مەكتەپلەر مەخسۇس دەرس قاتارىدا ئوقۇغۇچىلارنى ئويۇن كۆرۈشكە ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. ئاپئاق ساقاللىرى مەيدىسىگە چۈشكەن بوۋايلار، ئاغزىدا بىر تالمۇ چىش قالمىغان مومايلاردىن تاكى پوتلا - ماڭقىسىنى ئېقىتىپ، ئىشتان كىيمەي يۈرگەن ئۇششاق باللارغىچە، بەزىلىرى ئېشەك ھارۋىسى بىلەن، بەزىلىرى ۋېلىسىپىت بىلەن، بەزىلىرى پىيادە تەنتەربىيە مەيدانىغا قاراپ سەلدەك ئاقتى. ئاخىرقى كۈنلىرى يىراق - يېزا - قىشلاقلاردىنمۇ كېلىپ كۆرۈپ كەتتى. مەن مەدداھلىق قىلىپ، جامائەتكە ھارماي سۆزلەپ تۇردۇم. ئارىدا بىر قېرى بوۋاي بىلەن مۆكۈدىشىپ قالدىم: «سىلەر بۇ دار ئويۇننى نىمانچە كۆرۈپ كېتىسىلەر؟» دەپ سورىدىم. «ۋاي بالام، 75 ياشقا كىردىم،— دېدى ھېلىقى ئاق ساقال بوۋاي،— ھاشىم ھاجىم كېلىپ دار باغلىغان ۋاقتىدا، بىز دېگەن ئېڭەكنى يۆلەپ ئولتۇرۇپ كۆرۈپ كەتكەن. سىزمۇ ئۇ چاغلاردا كىچىك ھەقاچان، بۇ ئىشلارنى بىلىپ كەتمەيسىز. رەھمەتلىك ھاشىم ھاجىم بىر سۆزلىگىلى باشلىسا، يانچۇقىمىزدىكى پۇل دېگەن ئۆزلىكىدىن دىك - دىك ئۇچۇپ چىقاتتى. دارۋاز بىر ياقتا قالسۇن، ھاشىم ھاجىمنىڭ گېپىلا بايلىرىمىزنى ‹بۈگۈن مۇشۇ مەيداندا ھاشىم ھاجىمغا ئات بەرمىسەم زادى كەتمەيمەن› دېگۈزۈۋېتەتتى. پۇلى بارلارنى ‹بۈگۈن مۇشۇ پۇلۇمنى ھاشىم ھاجىمغا ئاتىۋەتمىسەم ھارام بولسۇن› دېگۈزۈۋېتەتتى. گەپكە كارامەت ئۇستا ئادەم ئىدى، رەھمەتلىك خوجىنىياز ھاجىمنىڭ تويىدا بۇ دار دېگەن، ھەي... گەپ قىلماڭ، 34 - يىللىرى ئىدى. بارات جوۋازچى ئىسىملىك قاغىلىقلىق دارۋاز دار باغلىغانىدى. ھەممەيلەن ناھايىتى قىزىقىپ كۆردۇق؛ بىر چاغدا داردىن لەپپىدە يىقىلىپ چۈشۈۋىدى، توي دېگىنىمىز بىردەمدە ھازىغا ئايلىنىپ كەتتى. چۈنكى، بارات جوۋازچى كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە تىن تارتماي جان بەرگەنىدى. رەھمەتلىكنىڭ قەبرىسى ھازىرمۇ ئاستانىدە بار. ھەر يىلى ھېيت ئايەمدە تۇپراق بېشىغا بېرىپ دۇئايى - تەگبىر قىلىپ تۇرىۋاتىمەن. شۇ چاغدا رەھمەتلىك دار باغلىغان ئۇجمە ھازىر قۇچاق يەتمەيدىغان بولۇپ كەتتى...»

بوۋاي شۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ كۆزلىرىگە ئىختىيارسىز ئىسسىق ياش ئالدى. بىر تەرەپتىن، خەلقىمىزنىڭ دارۋازلىرىمىزغا بولغان ھۆرمىتىدىن قاتتىق تەسىرلەندىم، يەنە بىر تەرەپتىن، ھاشىم ھاجىمغا قايىل بولدۇم. بۇ يەردە مەدداھلىق قىلىپ يۈرسەم كىشىلەر مېنىمۇ «دارۋاز» دەپ ئاتىۋالدى. بۇ گەپ ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. «دېمەك، ھاشىم ھاجىمنى ھاشىم ھاجىم قىلغان ئۇنىڭ ناتىقلىقىكەن» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. «ھاشىم ھاجىم ئۆمرىدە دارغا چىقىپ باققان ئادەم ئەمەس. بىراق، خەلق ئىچىدە دارۋاز نامى بىلەن مەشھۇر. دېمەك، بۇ مەدداھلىقمۇ يامان ھۈنەر ئىكەن.» ئىچىمدە ھاشىم ھاجىمغا قول قويدۇم. مەنمۇ ھازىر زۆرۈرىيەت تۇپەيلى دارۋازلىرىمىزغا مەدداھلىق قىلىپ بېرىۋاتاتتىم. مانا ئەمدى قىلىۋاتقان ئىشىمغا نىسبەتەن مەندە باشقىچە بىر قىزىقىش پەيدا بولۇپ قالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۆز ئىشىمغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ قالدىم.

دارنى يىغىشتۇرۇپ ماڭىمىز دەپ تۇرغان كۈنى بىر بوۋاي ھاسىراپ - ھۆمىدەپ قېشىمىزغا كەلدى. «دارۋاز ئۇستام،— دېدى ئۇ ماڭا مۇراجىئەت قىلىپ،— بىزنىڭ قارادۆۋىگە چىقىپ دار باغلاپ بەرگەن بولسىلا، سىلىدىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى بولۇپ كەتسەك، ماشىنا مەندىن، سىلەرگە ئاتاپ بەش قوينىڭ بېشىنى كېسىمەن!» دەپ كانىدەك چاپلىشىپلىۋالدى. سورۇشتۇرسەك، قارادۆۋە دېگەن جاي توختىخان ۋالىينىڭ يۇرتى ئىكەن. «ئادەملىرى بەك كەپسىز، سەنئەتچىلەر ئويۇن قويغىلى بارسا، تامنى ئۆرۈۋېتىپ شاپاق ئاتىدىغان خەق ئۇ، قىينىلىپ قالىسىلەر» دېدى توختىخان ۋالىي. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئويۇنىمىزنى چوقۇم ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى. بىراق، ۋاقىت جەھەتتىن قىسىلىپ قالغاچقا قارا دۆۋىگە بارالمىدۇق. قايتىدىغان چېغىمىزدا توختىخان ۋالىي ئۆزىتىش چېيى بەردى «قۇمۇل خەلقىگە بىر قېتىم ھېيت قىلىپ بەرگىنىڭلارغا رەھمەت!» دېدى ئۇ قەدەھ سۆزىدە، ئاندىن ئاينۇرنىڭ دادىسى ھەسەنجانغا قەدەھ تۇتۇپ: «ئاينۇرغا ئوخشاش باتۇر قىزلارنى چوڭ قىلغانلىقلىرىغا تەشەككۇر!» دېدى. ھەممىمىز ھاياجانغا چۆمدۇق. چاي ئۇنتۇلغۇسىز دەرىجىدىكى قىزغىن كەيپىيات بىلەن ئاياغلاشتى. قۇمۇلدىن قايتىپ لۈكچۈن، پىچان، چىچان، تاغاچى... قاتارلىق جايلاردا يول بويى ئويۇن قويۇپ ماڭدۇق. ھەتتا ھېچكىم ئويۇن قويۇپ باقمىغان تۇيۇق مازار غوجامدىمۇ دار باغلىدۇق. تۇيۇق مازار غوجامنىڭ شەيخلىرىمۇ: «ھەزرىتى ئەلى شاھ مەردانىنىڭ شاگىرتلىرى كەپتۇ» دەپ، دار ئوينىشىمىزغا ئىجازەت بەردى. ئادەم دېگەن زاراخەتمىگە يىغىلغاندەك يىغىلىپ كەتتى. «ئادەملىرى ئۇنداق ئەسكى، مۇنداق ئەسكى، ئويۇن قويغىلى كەلگەنلەرگە چالما ئاتىدۇ، شاپاق ئاتىدۇ» دېگەن ئادەملەر پىلدىن ياۋاش بولۇپ ئولتۇرۇپ كېتىشتى. ئويۇننى باشلا - باشلىمايلا ئوتتۇ-

رىغا چىقىپ سۆزگە كىرىشمەن. بۇنداق ئويۇن-
لاردا مېنىڭ سۆزۈم دارىدىن بەكرەك پۇلغا ئۆتە-
دىكەن ئەمەسمۇ؟ ئويۇن تۈگىگەندىن كېيىنلا كى-
شىلەرنىڭ مېنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ چاي بېرىشلى-
رىچۇ، تېخى! ئەگەر ئويۇننى بىكارغا قويۇپ بەر-
گەن بولساق قانچىلىك قىلىشىپ كېتەتتىكىن بۇ
خەق؟! دار ئوينىغانلار بىر ياقتا قالدۇ، «سى-
لىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئالتۇن تېپىۋالغاندەك
خوش بولۇپ كەتتۇق ئەمەسمۇ، دارۋاز ئۇستام!
قايماقتەك گەپ قىلىدىكەنلا ئۇستام، گەپلىرىنىڭ
تەسىرىدە باغرىمىز ئېرىپ سۇ بولۇپ ئېقىپ كەت-
كىلى تاس قالدۇق، دېسىلە». كىشىلەر ئاغزى -
ئاغزىغا تەگمەي مېنى ماختىشىپ كېتەتتى. پە-
چانغا كەلگەندە «دوستۇمنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ بو-
يۇمدا قاپتۇ» دېگەندەك، چاي بەرگۈچىلەرنىڭ
كۆڭلىنى قايتۇرالماي، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن پە-
ۋىنى ئېچىپ، بىرنەچچە كۈن ئاغرىپ يېتىپمۇ
قالدىم. ساقىمۇ ۋاقتى ئۆتكەن پىۋا ئىككەنلىكىنى
بىلمەي كولدۇرلىتىپ قۇيىۋېرىپتۇ. چاي ئۇستى-
گە چاي، زىياپەت ئۇستىگە زىياپەت. كۈندۈزى
ئويۇن قويساق، كېچىسى مېھماندارچىلىق ئويناپ
تۈنەپ چىقاتتۇق. تاپقان - تەرگىنىمىزنىڭ تايىنى
يوق خەلق بىزنى مېھمان قىلمىز دەپ بار - يوقى-
نى دوغا تىكىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بىزنى مېھمان
قىلىش ئۈچۈن قىلغان تەۋەككۇلچىلىكى دارۋازلى-
رىمىزنىڭ دارغا چىققان چاغدىكى تەۋەككۇلچىلى-
كىدىن قېلىشمايتتى. ئۇلار «سىلىنىڭ گەپلىرى
كۆڭلىمىزگە ياغدەك ياقتى ئەمەسمۇ دارۋاز ئۇس-
تام، گەپلىرىنى ئاڭلاپ بىز ئۆزىمىزنىڭ قەدىر - قىم-
مىتىنى بىلىۋالدۇق. بىزگە بىرەر - يېرىمدەم
مۇڭدىشىپ ئولتۇرغىدەك پۇرسەت بەرسىلە بىشى-
مىز ئاسمانغا تاقىشاتتى ئۇستام» دەپ تۇرىۋالسا،
كېيىم - كېچەكلىرىمنى سېلىپ يېتىپ بولغان
ئادەم يەنە يېڭىباشتىن كىيىنىپ زىياپەتكە يۈرۈپ
كېتەتتىم. بىز ئويۇن قويۇپ بارغانلىكى يەردە
ياخشى ئادەملەرغۇ ئويۇنىمىزدىن تەسىرلەندى،
ھەتتا يامان دېگەن ئادەملىرىمۇ — ئوغرى - قى-
مارۋاز، هاراقكەش، لۇكچەكلىرىمۇ — شامدەك
ئېرىپ كەتتى. تاغاچىنىڭ ئادەملىرىنى ئۇنداق
يامان - مۇنداق يامان دەپ ئاڭلىغانىدۇق. بىز
بارساق ھەممەيلەن يىپتەك تەپ - تەكشى ئولتۇ-
رۇپ ئويۇن كۆرۈپ كەتتى. يەرلىك ئادەملەرنىڭ
ئۆزلىرىمۇ ھەيران قېلىشتى. هاراقكەشلەردىن
بىر - ئىككىسى «مۇشۇنداق گەپ قىلسا بولمامدۇ
ئادەم دېگەن» دەپ ھاياجانلىنىپ يىغلاپمۇ تاشلىدى
ۋە دارۋازلىرىمىزغا 50 يۈەن ئىئانە قىلدى. بۇن-
داق چاغلاردا ئۆزۈممۇ بىر قىسىملا بولۇپ قالات-
تىم. «مۇشۇنداق گەپ قىلىپ بەرسىلە، چىراي-
لىق ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرمەي، قىمار ئويناپ

نېمە قىلىمىز، بىزمۇ خۇدانىڭ ياۋاش بەندىسى
ئەمەسمۇ، جېنىم ئاكا؟!» دەيدۇ يەنە بىرسى
يېنىمغا كېلىپ. بەزىلەر خەلقتىن رەنجىيدۇ،
خەلقتە گۇناھ يوق. گەپ ئۇلارنى قانداق تەسىر-
لەندۈرۈشنى بىلىشتە. بىز سەنئەتچىلەر، سېرك-
چىلەر قىلىۋاتقان تەشۋىقاتنى بەزى مەجلىسخۇمار
ئەمەلدارلار ھەرگىز قىلالمايدۇ. بىز سۆڭەكى
يوق گەپ قىلمىز. ئويۇن كۆرگۈچىلەرنى تەسىرلەن-
دۈرۈش ئۈچۈن گەپنى «تەڭرىنىڭ قۇدرىتى - ئىناۋىتى
بىلەن مۇنبەت زېمىننى جەننەتتەك ياشنىتىپ تۇرغان
ئەزىز خەلق» دېگەندەك ئىبارىلەر بىلەن باشلاي-
مىز. ئۇلارنىڭ روھىغا مەدەت بېرىمىز. شۇڭا
كىشىلەر قايناۋاتقان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىمىپ
كېتىشەتتى. شۇ قېتىم پىچاندا سىياسى كېڭەش
يىغىنىغا ئاتاپ ئويۇن قويىۋاتساق، توساتتىن يەتتە
بال بوران چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئاينۇر دار
ئويناپ، دارنىڭ ئوتتۇرىغا كېلىپ قالغانىدى.
بىچارە يا كەينىگە يانالماي، يا ئالدىغا ماڭالمايدۇ.
ئارقانغا ئېغىرلىقىنى تاشلاپ قىمىر قىلماي تۇرى-
ۋالدى. ئاينۇردىن ئەنسىرەپ يۈرىكىم ئاغزىمغا
قاپلىشىپلا قالدى. ئويۇن كۆرىۋاتقان قېرىلار قو-
لىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىشىپ كەتتى. بورانمۇ
تەدرىجىي پەسەيدى. ئاينۇرمۇ ئامان - ئېسەن دار-
دىن چۈشىۋالدى. بىزمۇ ئەنە شۇنداق خەتەرلەرگە
تەۋەككۇل قىلدۇق. جامائەتمۇ ئويۇنىمىزنى تە-
ۋەككۇل قىلغانغا يارىشا قىزغىن كۆرۈپ بەردى.
بىراق، بىز ئويۇن قويۇپ تۇرپانغا كەلگەندە ئويۇن
كۆرىدىغان ئادەم چىقماي قالدى. مەن بۇ تۇرپاندى-
لىقتىن نارازى بولۇپ قالدىم. خەلقنىڭ شۇنداق
ئېسىل ئەنئەنىۋى سەنئىتىنى قويۇپ بەرسەك،
پۈتۈن بىر تۇرپاندىن «بىلىتى ئاران بەش موچەن-
كەن، ناھايىتى مۇز كالتىكىدىن بىرەرنى كەم-
رەك يېسەك بولىدىكەنغۇ؟» دەيدىغان ئادەم چىق-
مىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاچچىقىم كېلىپ يېنىپ
چىقتىم. دارۋاز ئۆمىكىمىزمۇ يېڭىسارغا كەتتى.
ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى سە-
پىرىمىز يەنىلا مەغلۇبىيەتلىك سەپەر بولدى. دار-
ۋازلىرىمىزنى كەمبەغەل پېتى ئېلىپ چىقىپ،
يەنە كەمبەغەل پېتى يولغا سېلىۋەتتىم. ئۇلارنى
ئۇزىتىۋاتقان چېغىمدا ئىچىم سىيرىلىپ يىغلىۋەت-
كىلى قىل قالدىم. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كې-
يىن، بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبلىرى
ئۈستىدە كۆپ ئويلاندىم. مەغلۇبىيەتنىڭ سەۋەبى
داردا ئەمەس، دارۋازدىمۇ ئەمەس، بەلكى شارا-
ئىتتا ئىدى. بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەت مېنى ئانچە
ئۈمىدسىزلەندۈرەلمىدى، ئەكسىچە دارۋازلىق
سەنئىتىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئىرادەمنى ھەس-
سىلەپ كۈچەيتىۋەتتى. بۇ قېتىمقى ئويۇن قويۇش
سەپىرىدە دارۋازلىقتىن ئىبارەت بۇ ئۇزاق ئەسىر-

لىك ئەنئەنىۋى مىراسىمىزغا بولغان ئىشتىياقىم
تېخىمۇ كۈچەيدى. «خەپ، سەن مىجىت، شارا-
ئىت چەكلىمىسى تۈپەيلى ئەجەل گىرداۋىدا ئىڭرا-
ۋاتقان بۇ ئېسىل ئەنئەنىۋى سەنئىتىمىزنى قۇتۇل-
دۇرۇپ قالالمىساڭ، كەڭرى بوشلۇقتا پەرۋازغا
سالالمىساڭ، مىجىت بولماي كەت. سەندەك نان-
قېپىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن داداڭغىمۇ لەنەتلەر ياغ-
سۇن! » دېدىم ئىچىمدە ئۆز ـ ئۆزۈمگە قەسەم
بېرىپ. تالاي كېچىنى دارۋازلىرىمىزنىڭ تەقدى-
رى ھەققىدە باش قاتۇرۇپ، كىرپىك قاقماي ئۆ-
زاتتىم. ۋۇجۇدۇم شېرىن ئەمما ئازابلىق ھاياجان
بىلەن لەرزىگە كەلدى. «يولۋاس ئىزىدىن قايت-
ماس، يىگىت سۆزىدىن» دېگەندەك، تا ھازىرغى-
چە بۇ نىيىتىمدىن بىر مىنۇتمۇ ۋاز كەچمىدىم.
ئەجدادلىرىمىز دارۋازلىق سەنئىتىنى ساقلاپ قې-
لىش ئۈچۈن ئەۋلاد ـ ئەۋلادلاپ جاننى تىككەن
يەردە، مەن نېمىشقا ئۆزۈمنى بېغىشلىيالمىغى-
دەكمەن؟ مۇشۇ نىيىتىمنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىم-
غا ياردەم بېرەلەيدىغان پۇرسەتلەرنى سەزگۈرلۈك
بىلەن بايقاشقا ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا
جىددىي تەييارلىنىپ تۇردۇم.

تەلىيىمگە يارىشا، شۇ يىلى كۈزدە ئۈرۈمچى-
دە ئالتۇن كۈز سەنئەت بايرىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ
پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويغۇم كەلمىدى. مەدە-
نىيەت نازارىتىگە ئىلتىماس قىلىپ دارۋازلارنىڭ
خىراجىتى ئۈچۈن 5 مىڭ يۈەن ئاجرىتىپ كەل-
دىم. يېڭىساردىن، كۇچادىن، غۇلجىدىن جىمى
دارۋازلارنى ئۈرۈمچىگە يىغدىم. ئىشچىلار مەدە-
نىيەت سارىيىنىڭ ئالدىدا دار باغلىدۇق. تۆمۈر
داۋامەت باشچىلىقىدىكى ئاپتونوم رايون رەھبەر-
لىرىدىن تارتىپ ھەرقايسى نازارەتنىڭ نازىرلىرى-
غىچە ھەممىسى ئويۇن كۆرۈشكە قاتناشتى. ئو-
يۇن باشلاش مۇراسىمىدا جامائەتكە، جانابى رە-
ئىسلىرىمىزگە نۇتۇق سۆزلىدىم: «مىللىتىمىز-
نىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزاق تارىخقا ئىگە، يازما
تارىخلاردا ئالاھىدە قەيت قىلىنغان دارۋازلىقتىن
ئىبارەت مۇشۇنداق ئېسىل مەدەنىي مىراسى ھالا
بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بازار ئىگىلىكىنىڭ ئە-
جەللىك زەربىسىگە دۇچ كېلىپ ۋەيران بولۇش
گىرداۋىغا بېرىپ قالدى. بۇ مىراسقا ۋارىسلىق
قىلغۇچى ئەزىمەتلىرىمىز پۇت دەسسەپ تۇرغىدەك
زېمىن، ماھارىتىنى، شانۇ ـ شەۋكىتىنى جەۋلان
قىلدۇرغىدەك بوشلۇققا ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ. يېڭى-
سار سېرىك ئۆمىكى زۇنۇن قۇرباننىڭ تەشكىللى-
شى بىلەن 1955 ـ يىلى قۇرۇلغان. ھازىرغىچە
34 يىللىق تارىخنى باشتىن كۆچۈردى. ئۇلار
1957 ـ يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ ئۆمەكنى ‹خەلق
سېرىك ئۆمىكى› دەپ كېڭەيتىپ قۇرغان. 1961 ـ يىلى
ئۇلار قەشقەرگە چۈشۈرۈۋېتىلگەن. 1967 ـ يىلى يېزا ـ
يېزىلارغا تارقاقلاشتۇرۇلۇپ يوق قىلىۋېتىلگەن.
ئەسلىدە شىنجاڭنىڭ سېرىكىگە ۋەكىللىك قىلىدى-
غان مۇشۇنداق بىر ئۆمەك نېمە ئۈچۈن تارقىتىۋې-
تىلىپ، ئىچكىرىدىن خاتالىق ئۆتكۈزۈپ سۈر-
گۈن قىلىنغان ئاققۇن ئۆمەك ئۇلارنىڭ ئورنىغا
دەسسىتىلىپ تا ھازىرغىچە ئاپتونوم رايونلۇق
سېرىك ئۆمىكىنى بېشىغا كىيىپ ياتىدۇ؟ ئەجەبا،
سۈرگۈن قىلىنغانلارغا باشپاناھ بولغان بۇ ئۆمەك
نېمىشقا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىگىلىرىگە تا ھازىر-
غىچە باشپاناھ بولالمايدۇ؟ باشقىلارنىڭ سىياسىتى
ئۆز ۋاقتىدىلا خاتا ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلىدۇيۇ،
نېمىشقا ئۆز ۋاقتىدا خاتا ھالدا تارقىتىۋېتىلگەن
‹ شىنجاڭ خەلق سېرىك ئۆمىكى › (ھازىرقى ئىس-
مى يېڭىسار دارۋاز ئەترىتى) نىڭ سىياسىتى تا
ھازىرغىچە ئەمەلىيلەشمەيدۇ؟ خارۇ-زارلىقتا يا-
شاۋاتقان دارۋازلىرىمىزنىڭ مالامەتلىرى، ئەنئە-
نىۋى مىراسلىرىمىز دۇچ كېلىۋاتقان بۇنداق پا-
جىئەلىك قىسمەت پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى پارلاق
سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزنىڭ شەنىگە داغ كەل-
تۈرمەي قالارمۇ؟ مۆھتەرەم رەھبىرىي يولداش-
لار، قەدىرلىك جامائەت، دارۋازلىق سەنئىتى-
مىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالايلى! ئەجدادلىرىمىزنىڭ
روھى قورۇنۇپ قالمىسۇن! ھەممىمىز دارۋازلى-
رىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن دۇئا قىلايلى! » سۆزۈم
تۈگىشىگىلا ئاتۇشلۇق بىر ئادەم نەق مەيداندا مىڭ
يۈەن پۇلنى ئاتىدى. مەن ئۇنى نەق مەيداندا دار-
ۋازلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بەردىم. تۆمۈر داۋامەت
دارۋازلارنى قوبۇل قىلىپ ھال ـ ئەھۋالىنى سو-
رىدى. بىزنى دۆلەت باقمىسا، سودىگەرلەرچىلىك
قىلىشتىن باشقا يولىمىز قالمىدى. يا دار ئويناپ
پۇل تاپالمىساق، يا مائاش ئالالمىساق. . . دەپ
ھەممىسى بىر ئېغىزدىن دەرد تۆكتى. تۆمۈر دا-
ۋامەت نازىر مۇھەممەت زۇنۇن قاتارلىقلارنى چا-
قىرىپ قىسقىغىنە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىپ،
دارۋازلارنى مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا
تاپشۇرۇپ بەردى. خۇشاللىقتىن ئۆزۈمنى قويغى-
لى يەر تاپالماي قالدىم. «تاتلىق ئۈزۈمنىڭ پۇتى-
قى تولا، ياخشى ئىشنىڭ چاتىقى » دېگەندەك،
رەئىسنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش
جەريانىدا نۇرغۇن توسالغۇلارغا يولۇقتۇق. مەن
ئەتىسىلا رەئىسنىڭ كۆرسەتمىسىنى ئاخبارات ئو-
رۇنلىرىغا تارقىتىپ ئېلان قىلدۇرىۋەتكەنىدىم.
ئۈچ ئايغىچە يول مېڭىپ دارۋازلارغا شتات ھەل
قىلالمىدۇق. ئاخىرى يەنە تۆمۈر داۋامەتنىڭ قول-
لىشى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى
مەخسۇس مۇشۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن
يىغىن ئاچتى. مەن يىغىندا يەنە نۇتۇق سۆزلى-
دىم: «بىز نۇرغۇن مەدەنىي مىراسلىرىمىزنى
ئارخېئولوگىيىلىك قېزىلمىلار، يازما تارىخىي

خاتىرىلەر ئارقىلىق بىلىۋاتىمىز، بىراق، بۇ مەدەنىي مىراسلىرىمىز ئىچىدە بىزگە بىردىنبىر ھايات يېتىپ كەلگىنى دارۋازلىق، دارۋازلىقنى تارىختىن بۇيان ئادەم ئادەمگە ئۆگىتىپلا كېلىۋاتىدۇ. يا بىز ئۇنى تام سۈرەتلىرىدىن ياكى قېزىلمىلاردىن تېپىۋالمىدۇق. دارۋازلىقىمىزنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق تارىختا ئىگە ئىكەنلىكىنى خەنزۇ تارىخچىلارمۇ يېزىپ قالدۇرۇپتىكەن. ھازىرقى دارۋازلىرىمىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى تۆت يۈز يىلدىن ئارتۇق دەۋرنى دارۋازلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ، بۇ مىراسنى بىزگە تىرىك پېتى يەتكۈزۈپ بەردى. ئەمدى بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلگەندە ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۆچۈرۈۋەتمەي يېقىپ كەلگەن بۇ چىراغنى ئۆچۈرۈپ قويساق، بىزگە بۇنىڭدىن ئارتۇق جىنايەت بولمايدۇ. سىلەر ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ تۇرىۋاتقان مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ئاتمىش يىللىق ئۆمرىنى دار ئۈستىدە ئۆتكۈزگەن بىر دارۋاز يەكەننىڭ چايخانىسىدا كىم بىر پىيالە چاي قۇيۇپ بېرەركىن، دەپ كىشىلەرنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرسا، يەنە بىر دارۋازىمىز كوچا بىلەن غۇلجىنىڭ ئارىلىقىدا قاتراپ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان يەتتە مېتىر خامغا پۇل تاپالماي يۈرسە، سىلە - بىزلەرگە نومۇس ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ دەۋرىمىزدە خەلق سەنئەتكارلىرىنىڭ كۆرىدىغان كۈنى مۇشۇمۇ؟ رەئىسلىرىمىز كۆڭۈل بۆلىۋاتقان شارائىتتا سىلەر بۇ ئىشقا بويۇنتاۋلىق قىلماڭلار. ئويلايمەنكى، سىلەرگە خەلق رەھمەت ئېيتىدۇ. دارۋازلارنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلغىنىڭلار ئۈچۈن خەلق سىلەرگە دۇئا قىلىدۇ. مۇشۇ ئىشلار تۈپەيلى خەلقنىڭ قەلبىدىن مەڭگۈ ئورۇن ئالىسىلەر.» بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ يىغىندىكىلەر ھاياجانلىنىپ جايىدا ئولتۇرالماي قالدى. مۇناسىۋەتلىك نازارەت ۋە باشقارمىلارنىڭ باشلىقلىرى: «ئۇ ئىشنى مەن ھەل قىلىمەن» دېسە، «بۇ ئىشنى مەن ھەل قىلىمەن» دەپ، بەس - بەس بىلەن مەيدىسىگە مۇشتلىغىلى تۇردى. شۇنداق قىلىپ 20 كىشىلىك شتات كۆرسەتكۈچىنى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىۋالدۇق. ھۆكۈمەتنىڭ قارارىدا: «بۇنىڭدىن كېيىن دارۋازلارنىڭ مۇئامىلىسى ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ، دراما ئۆمىكىنىڭ ئارتىسلىرى بەھرىمەن بولىۋاتقان مۇئامىلە بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. بۇلارنى ھەرگىز ‹دېھقانلار، خەلق ئارتىسلىرى، سەھرالىق›دەپ كەمسىتىشكە رۇخسەت يوق» دەپ ھۆكۈمنامە قىلىۋەتكەنىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي يېڭىسارغا بېرىپ ئۆمەكنى ئۆتكۈزىۋالدۇق: «تارىخىڭلار يېڭىۋاشتىن يېزىلىشقا باشلىدى. سىلەر نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى باشتىن كۆچۈرۈپ، ئويۇندا داردىن، تۇرمۇشتا پىلسىرات كۆۋرۈكتىدىن ئۆتۈپ، ئاخىرى پۈت قويغۇدەك زېمىن، پەرۋاز قىلغۇدەك ساماغا ئېرىشتىڭلار!» دېدىم ئۇلارغا ھاياجان بىلەن. مەنمۇ بۇرۇنقى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن تارتقان پۈتمەس - تۈگىمەس ئازابلىرىمغا خاتىمە بېرىپ پۇخادىن چىققاندىم. ئاشماقچى بولغان داۋانلىرىمنىڭ تۈنجىسىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاشتىم. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردىكى خۇشاللىقىمغا گەپ توغرا كەلمەيدۇ. بىراق، ئالدىمدا يەنە نەچچە داۋان مېنى ساقلاپ تۇراتتى. دارۋازلىق سەنئىتىنى مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا تونۇتۇشۇم كېرەك ئىدى. مۇھىمى شۇ ئاساستا ئۇيغۇرلارنى ئۆز - ئۆزىگە تونۇتۇشۇم كېرەك ئىدى!

شۇندىن كېيىنكى يەتتە يىلدا مەملىكەت ئىچىدىكى 20 نەچچە شەھەردە ۋە شياڭگاڭ، تايلاند، مالايشىيالاردا ئويۇن قويۇپ ئۇيغۇر دارۋازچىلىقىنى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا تونۇتتۇق.

سەنشىيا بوغۇزىدىن ئۆتىدىغاننىڭ گېپى چىقىۋىدى، قورسىقىمغا يەنە بىر قېتىم جىن كىردى. مەن تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ كېلىۋاتقان ئەڭ ياخشى پۇرسەتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. پۇرسەت غىل - پال چاقناپ ئۆتۈپ كېتىپ قالىدىغان بىر چاقماق، ئۇ ۋاللىدە يورۇقلۇق بەرگەن چاغدىكى ئەنە شۇ بىر لەھزىنى چىڭ تۇتىۋالساق ۋە ئۇنىڭدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنالىساق، ئۇنىڭ نۇرىنى تاغۇ تاش، دالا - قىرلاردىن مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ قەلب كەڭلىكىگە كۆچۈرۈپ كەلگىلى ۋە بۇ بىر دەقىقىلىق يورۇقلۇقنى كۆڭۈلدىن - كۆڭۈلگە، كۆزدىن - كۆزگە يول ئېلىپ بارالايدىغان مەڭگۈلۈك يورۇقلۇققا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. دېمەك، دەقىقىدىن ئىبارەت بۇ تاسادىپىيلىق ئىچىدە مەڭگۈلۈكتىن ئىبارەت بۇ مۆجىزىنى يارىتقىلى بولىدۇ، پۇرسەت — بىر دانە قۇم، ئۇنى بايقاش ۋە تونۇۋېلىش بەك مۈشكۈل. ئەگەر ئۇنى بايقىيالىساق ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنالىساق، ئۇ پۈتكۈل تارىختا ھۆسن قوشۇپ تۇرالايدىغان بىباھا گۆھەرگە ئايلىنىدۇ. بۇ گۆھەر ئىنسانىيەتنى ئۆز - ئۆزىگە تونۇتىدىغان ئەڭگۈشتەر. دەقىقىنى مەڭگۈلۈككە، قۇمنى گۆھەرگە ئايلاندۇرۇپ مۆجىزە يارىتىش ئۈچۈن بىزنى ئەڭ تەقەززا قىلىدىغان نەرسە يەنىلا قەھرىمان. بىزدە قەھرىمان كۆپ، بىراق، پۇرسەت ئاز، ھەتتا يوق دېيەرلىك. خۇدا بىزگە كەلگەندە تولىمۇ بېخىللىق بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئەنە شۇنداق پۇرسەتلەرنىمۇ بىز تالاي قېتىم خامۇشلۇق بىلەن ئۆتكۈزىۋەتكەن. شۇڭىمۇ ئېتى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق بىر مىللەتكە ئايلىنىپ قېلىۋەردۇق. بۇ كۆڭۈلسىز تارىخنى يەنە تەكرارلاۋېرىشكە بولمايدۇ. سەنشىيا بوغۇزىدىن ئۆتىدىغاننىڭ گېپى چىقىۋىدى، بۇ غەنىمەت پۇر-

سەت دارۋازلىرىمىزنىڭ ئارىسىدا تالاشتا قالدى. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىشتا قەھرىماندىن تەلەيلىك ئىدىم. ئۇمىكىمىزدىكى بەش - ئالتە نەپەر دارۋازنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سەنشيا بوغۇزىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ كېتەلەيدىغانلىقىغا، ھەتتا پولات ئارقان ئۈستىدە گېزىت ئوقۇپ ماڭغان تەقدىردىمۇ كوچرائىننى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى. دارۋازلىرىمىزنىڭ ھەممىسى خۇددى ھۇجۇمغا ئۆتۈش ئالدىدا بۇيرۇق كۈتۈۋاتقان ئەسكەرلەردەك تەق بولۇپ تۇراتتى. ئۇلار خۇددى دۈشمەن ئىستىھكامىغا قاراپ ئاتاكىغا ئۆتكەن ئەسكەرلەردەك سەپ تارتىپ، سەنشيا بوغۇزىدىن ھەممىمىز بىر - بىرىمىزنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ ئۆتىمىز، دېيىشمەكتە ئىدى. بەزىدە بۇنداق غەنىمەت پۇرسەتنى تاپقاندا ئۇنىڭغا جان پىدا قىلىدىغان قەھرىماننى تاپماق تەس. بىزدە بولسا قەھرىمان دېگىنىڭ سامان نەرخى، ئىچ - ئىچىمدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك تەييارلىقلىرى پۇختا ئىدى. ھەتتا ئاينۇر سەنشيا بوغۇزىغا ئىشتەي ساقلاپ ئىككى يىلغىچە بالا ئالمىدى. بىراق، بۇ جەڭگە ھەممەيلەننى تەڭ سېلىشقا بولمايتتى. چوقۇم بىرگە - بىر چىقىشىمىز كېرەك ئىدى. بۇ جەڭگە كوچرائىنغا قارشى دارۋازلىرىمىزنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشىسىنى تاللاپ سېلىشىمىز كېرەك ئىدى. ئادىلنىڭ ئېگىزلىكتىكى ئىنكاسى ھەممىسىدىن ياخشى ئىدى. ئۇ ئېگىزگە چىقىۋالسا خۇددى يەردە بالىسىنى ئەركىلىتىپ كېتىۋاتقاندەك بىخىراما مېڭىپ كېتەتتى، ھەتتا يەر يۈزىدە تۇرۇپ قالسا ئىچى سىقىلىپ، دارنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالسا يايلاقتا قويۇۋەتكەن قوشقاردەك يايراپ كېتەتتى. ئاڭلىسام، ھوشۇركام رەھمەتلىك يولدا ماڭسا دەلدەڭشىپ تۈزۈك ماڭالمايدىكەن، ئەمما دارغا چىقىۋالسا يىكتەك تۈپتۈز مېڭىپ كېتەركەنمىش. ئادىلمۇ دادىسىنى دورىغان. يەر ئويۇنلىرىغا سالسا تۈزۈك ئويناليالمايدۇ، ئەمما دارغا چىقىۋالسا ئۇنىڭدىن نوچى ئادەم يوق . بالىلىرىمىزنىڭ مىجەزى بىزگە بەش قولدەك ئايان. كوچرائىنمۇ دۇنيادا بىرلا ئادەم. ھازىرچە ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق. مەنمۇ دەل شۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلماي بولمايدۇ، دېگەن يەرگە كەلگەن. پۇتبول ياكى باشقا رىقابەت تۈرلىرى بولسا، جۇڭگودا يەڭگەن ئادەم گېرمانىيىدە يېڭىلىپ قالىدۇ؛ ئامېرىكىدا يېڭىۋالغۇچى برازىلىيىدە ئۇسەيگە چىقىدۇ. چۈنكى، بۇنداق تۈرلەردە ئىتىنىڭ بېشىغا ئۇرسىلا رىقابەتچى چىقىپ تۇرىدۇ. لېكىن كوچرائىن ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇدا ئېگىزلىكتە مېڭىش چېمپىيونى بولۇپ، «بوشلۇق شاھزادىسى» دېگەن مۇبارەك تاجىنى تاقاپ، ئۆزى ياراتقان رېكورتنى ئۆزىلا بۇزۇپ كەلگەن. شۇڭا ئۇ: «تارىختا مەندەك ئادەم چىقمىغان، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ چىقمايدۇ» دېيەلىگەن. ئەگەر ئارىمىزدىن بىرەرسى چىقىپ ئۇنى يېڭىۋالسا، بۇنىڭدىن كېلىدىغان شان - شەرەپكە ھېچنېمە توغرا كەلمەيدۇ. باشقا رىقابەت تۈرلىرى كەڭ دائىرىدە ئومۇملىشىپ كەتكەن. بىراق، بۇ دارۋازلىق ئېزىپ - تېزىپ ئامېرىكىدىن چىقىپ قالدى. بولمىسا بۇ ئۇيغۇرلاردىن باشقا ھېچقانداق مىللەتتە يوق ئىش ئىدى. باشقا مىللەتلەرنىڭ تارىخىدا بار بولغان بولسىمۇ، كېيىن يوقاپ كەتكەن. پەقەت بىزلا بۇنى تا بۈگۈنگە قەدەر تىرىك پېتى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. شۇڭا تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە ئۈنۈمدارلىق نۇقتىسىدا تۇرۇپ بۇ ئىشقا كانىدەك چاپلاشتىم. ئەگەر بۇ ئىشقا بىز ئوتتۇرىغا چىقمىساق، دۇنيادا كوچرائىنغا تەڭداش تېپىلمايتتى. يا برازىلىيىدىن، يا روسسىيىدىن، يا ياپونىيىدىن ئۇنىڭغا جەڭ ئېلان قىلىدىغان بىرەر ئادەم چىقمايدۇ. شۇڭا مەن بۇ پايدىلىق شارائىتنى ناھايىتى توغرا تاللىدىم. مەن بۇ ئىشقا چوقۇم ئادىلنى تاللاپ سېلىشىم كېرەك ئىدى. چۈنكى، بۇ بىرگە - بىر چىقمىسا بولمايدىغان ئىش ئىدى. شۇڭا باتۇرلۇق قىلغۇسى كېلىپ تۇرالماي قېلىۋاتقان دارۋازلىرىمىزنى يەڭگىپ نەسىھەت قىلدىم: «سىلەرنىڭ قىزغىنلىقىڭلارغا سوغۇق سۇ سەپكۈم يوق. لېكىن بۇ بىرگە - بىر چىقمىسا بولمايدىغان ئىش. بىز ئۇيغۇرلاردا بۇ خىل مەردلىك ئەنئەنىسى ئالاھىدە كۈچلۈك. بىز بۇ ئەنئەنىگە خىلاپلىق قىلساق بولمايدۇ. جەنۇبنىڭ بازارلىرىدا كىشىلەر جېدەللىشىپ قېلىپ، بىر ئادەمگە بەش - ئون ئادەم تەڭ يوپۇرۇلۇپ كەلسە، نوچى بولساڭ بىرگە - بىر چىقمامسەن؟ دەپ ئۇلارنىڭ دەككىسىنى بېرىپ، ئارىغا چۈشىدىغان خالىس نوچىلىرىمىز ھازىرمۇ بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز بىر ئادەمگە قارشى ئۈچ - تۆت ئادەم تەڭلا مەيدانغا چىقساق، بىزگە كېلىدىغان شان - شەرەپنى خىرەلەشتۈرۈپ قويىمىز. ئۇ چاغدا بىز ئېرىشىدىغان شان - شەرەپ بىرگە - بىر چىقىپ ئېرىشىدىغان شان - شەرەپكە سېلىشتۇرغاندا نەچچە ھەسسە تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. بۇ ئىشتا ھازىر بىز ئۆزىمىزگىلا مەنسۇپ ئەمەس، بەلكى، پۈتۈن ئۇيغۇرغا، ھەتتا پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرىگە مەنسۇپ. كوچرائىنمۇ: ‹جۇڭگولۇق جىق بولغاندىكىن، رىقابەت بولسىمۇ چاشقاندەك چىقىدىغان خەق ئىكەن دەپ قالسا ھەممىمىزگە سەت. شۇڭا چاپقىنى ئالمەن دەپ كۆزىنى قارىغۇ قىلىدىغان ئىشنى قىلمايلى، دېدىم.» ئۇلارمۇ قايىل بولۇشتى. ئادىل ئاخىرى

كوچرائىنغا جەڭ ئېلان قىلدى. پۈتكۈل تەشۋىقات ۋاستىلىرىنىڭ دىققىتى ئادىلغا مەركەزلەشتى. دۇنيانىڭ كۆزى ئادىلغا تىكىلدى. جەڭ ئېلان قىلغۇچە ئارىلىقتا يەتكىچە قارامىلىق قىلدۇق. ئادىلنىڭ رىقابەتتە ئۇتۇپ چىقالىشىدا گەپ يوق. شۇنداقتىمۇ يۈرىكىم پوك - پوك. چۈنكى، بۇ ئىشقا ناھايىتى كۆپ ئىقتىساد كېتەتتى. مەن ئىشىنىدىغان خەلق نامرات. مۇتلەق كۆپ ساندىكى سودىگەرلىرىمىز پايدىدىن باشقىنى تونۇمايدۇ. ئۇلار خۇسۇسىي ماددىي مەنپەئەتنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ. ئازراقلا نەپ چىقمىدىغان بىرەر سودا بىلەن بەنت بولۇپ قالسا، ئاتا - ئانىسى تۈگەپ كەتكەن تەقدىردىمۇ بىخىرامان ھالدا سودىسىنى پۈتتۈرۈۋېلىپ، ئاندىن ئۇلارنى يەرلىككە قويىدۇ. ئىئانە يىغىش جەريانىدا تارتمىغان خورلۇقلىرىمىز قالمىدى. رەئىس ئابلەت ئابدۇرىشىتنىڭ «خەلق ئىچىدە ئىئانە توپلىساڭلار بولىدۇ» دېگەن يولىيورۇقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، خورجۇننى يۈدۈپ شەھەرمۇ شەھەر، يۇرتمۇ يۇرت ئايلاندۇق. كۈلدۈرىدىغان يەردە كۈلدۈردۇق، يىغلايدىغان يەردە يىغلىدۇق؛ چۈشەنچە بېرىدىغان يەردە ئېزىپ - ئېچۈرۈپ چۈشەندۈردۇق؛ ئاچچىقلايدىغان يەردە ئاچچىقلىدۇق. ھەتتا دۆڭكۆۋرۈكتە تىلەمچىگە ئوخشاش تۇرۇپمۇ كەتتۇق. پۇل چىقىدىغان بارلىق يوچۇقلارنى ئالا قويماي تىمىسقىلاپ چىقتۇق. جان تومشۇققا كەلگەندە قەشقەر خەلقى ناھايىتى ياخشى قوللاپ بەردى. ئەتە سەنشىيا بوغۇزىغا ماڭىمىز دېگەن كۈنى ئۇلاردىن بىر - ئىككى سائەت ئىچىدىلا 111 مىڭ يۈەن يىغىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سودا - سانائەت بانكىسىنىڭ باشلىقى غوجىخان، جۇڭگو خەلق بانكىسىدىكى ئەمەت ھاشىم، شەھەرلىك سودا - سانائەت بانكىسىدىكى ئابلىمىت، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك بانكىسىدىكى ئابدۇرىشىت، غۇلجا خالىس فوند جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرى ئابلىمىت خالىس ھاجى قاتارلىقلارمۇ ياخشى قوللىدى. ئۇلارنىڭ ئىئانە بېرىشتىكى باتۇرلىقى ئادىلنىڭ سەنشىيا بوغۇزىدىكى باتۇرلىقىدىن قېلىشمايدۇ، ئەلۋەتتە. «ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ» دەپ، ئارىدا پۈتۈن مەبلەغنى بىز چىقىرىمىز دەپ مەيدىسىگە مۇشتلىغان بەزى كارخانىلار چىڭغا چىققاندا بىراقلا يەل قويۇۋەتتى. ئۇلار بىزگە بىر تىيىن نەپ بەرمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە ۋاقىت جەھەتتىن بىزنى زور زىيانغا ئۇچراتتى. ۋاقىت جەھەتتىن ئۇتتۇرۇپ قويۇش بەدىلىگە ئاخىرقى مىنۇتلاردا پۇتى كۆيگەن توخۇدەك تىپىرلاپ قالدۇق. چۈنكى ئازراقلا كېچىكسەك، سەنشىيا بوغۇزىغا توسما سېلىناتتى - دە، سەنشىيا بوغۇزىدىكى سۇ قېيىپ، تەبىئىي ئېگىزلىكى تۆۋەنلەپ كېتەتتى. ئۇ چاغدا بىز رېكورتنى مىڭ بۇزغان بىلەن، كوچرائىن رېكورت ياراتقان شارائىت بىلەن بىز ئۆتكەن چاغدىكى شارائىت ئوخشاشمىغانلىقتىن دۇنيا بىزنى ئېتىراپ قىلمايتتى. شۇڭا ئاخىرقى كۈنلەردە ئالدىراشچىلىق جېنىمىزنى ئېلىپ جاڭگالدا قويدى. ھەتتا سەنشىيا بوغۇزىدىن ئۆتۈشتىن ئىبارەت بۇ خاسىيەتلىك ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالماي، دۇنيا جامائەتچىلىكى ئالدىدا لەت بولۇپ قالغىلى قىل قالدۇق. بىزنى ئالداپ مۇشۇنداق قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان كارخانا ئىگىلىرىنىڭ قورسىقىدا زادى نېمە غەرىزى بارىكىن - تاڭ؟ پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى چىرىكلىكتىن كۆڭلىمىز ئېلىشىپ قەي قىلىپ سالغۇدەك بولدۇق. ئۇلار پۇلنى بۇزۇپ - چېچىشقا، خىيانەت قىلىشقا ئايىماي ئىشلەتكىنى بىلەن، بۇنداق ۋەتەنگە شان - شەرەپ كەلتۈرىدىغان ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا كەلگەندە، يۈزىنى داپتەك قىلىپ بېزىرىپ تۇرىۋېلىشتىن نومۇس قىلىشمايدىكەن.

ئاخىرى ئىككى يىلدىن بۇيان تىرىشىپ - تۆشەپ يۈرۈپ ئاران يىغقان 200 مىڭ يۈەندەك پۇلنى كۆتۈرۈپ «دەتتىكام، بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرەرمىز» دەپ سەنشىيا بوغۇزىغا باردۇق. بۇ پۇل بىز تۈزگەن خامچوتتىن نەچچە ھەسسە تۆۋەن ئىدى. كوچرائىن 20 مىليون يۈەن خەجلەپ ئۆتكەن سەنشىيا بوغۇزىدىن بىز ئاران 200 مىڭ يۈەن خەجلەپ ئۆتىمىز دەۋاتاتتۇق. بۇ پۇل كوچرائىن ئىشلەتكەن خىراجەتتىن 100 ھەسسە تۆۋەن ئىدى. بۇ ھەقىقەتەن تەڭدىشى يوق قارامىلىق بولماي نېمە؟ ئادىلنى سەنشىيا بوغۇزىدىن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن، بىزمۇ پىلسىرات كۆۋرۈكىدەك خەتەرلىك تالاي ئۆتكەللەرنى بېسىپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدۇق. ئالدىمىزدىكى داۋانلار بىر - بىرىدىن ئېگىز، بىزنى كۈتۈپ تۇرغان سىناقلار بىر - بىرىدىن قىيىن ئىدى. كىرەيلى دېسەك يەر قاتتىق، چىقايلى دېسەك ئاسمان يىراق، بىر قەدەممۇ كەينىمىزگە چېكىنىشكە بولمايتتى. دۇنيانىڭ دىققىتى بىزدە. ئاتتىن چۈشسەكمۇ دەسسىۋالىدىغانغا ئۆزەڭگە يوق ئىدى. بىزگە بىردىنبىر چىقىش يولى سەنشىيا بوغۇزىدىن ئۆتۈش، ئىككىنچى يول يوق. تەۋەككۈلچىلىك قىلىشتىن باشقا ئىمكانىيەتلەر پۈتۈنلەي تۈگىگەنىدى. ھەتتا ئۆلۈمگىمۇ تولۇق تەييارلىنىپ قويغانىدىم. ئەگەر ئادىلنى سەنشىيا بوغۇزىدىن ئۆتكۈزەلمىسەم شەك - شۈبھىسىز ئۆزۈمنى ئۆزۈم جەھەننەمگە ئۇزاتقان بولاتتىم. چۈنكى بۇ پۈتۈنسۈرۈك بىر مىللەتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئىسپاتلايدىغان سىناق ئىدى. بىز ئۇتساق جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئۇي-

غورنىڭ يۈزى يورۇق بولاتتى. بىز يېڭىلسەك ئابرويىمىز يەر بىلەن يەكسان بولاتتى. ئېچىنىشقا تېگىشلىكى شۇكى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ۋەتەنداشلىرىمىز، قىسمەن رەھبەرلەر بۇ ئىشنىڭ ئەھمىيىتىنى بىزنىڭ كۈتكىنىمىزدەك چۈشىنىپ كېتەلمىدى. بىز ھەممە ئىشنى كېچىكىپ چۈشىنىپ ئادەتلەنگەن. شۇنداقتىمۇ ئۇلاردىن ئاغرىنىشقا ھەددىمىز ئەمەس. بىزدىكى قارامىلىق، قۇربان بېرىش روھى دەل شۇلاردىن كەلگەن. ئۇلار بىزگە ئەڭ قىيىن شارائىتلاردىمۇ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەشنى ئۆگەتكەنىدى.

بىز كەچ قالغان بازارچىدەك ئالدىراپ - سالدىراپ سەنشيا بوغۇزى جايلاشقان فىڭجې ناھىيىسىگە يېتىپ كەلگەندە، ئادىلنىڭ سەنشيادىن ئۆتۈشى بەلگىلەنگەن كۈنگە ئاران ئون كۈندەك ۋاقىت قالغانىدى. «توققۇز كېلىنىنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتۇپتۇ» دېگەندەك، بار - يوق ئالدىراشچىلىقنىڭ ھەممىسى تېخى بىزنى مۇشۇ يەردە كۈتۈپ تۇراتتى. قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ جىقلىقىدىن بېشىم پىررىدە قايدى. بىز بىرىنچى بولۇپ سەنشيا بوغۇزىغا بېرىپ كوچرائىن تارتقان سىم ئارقاننى تەكشۈرۈپ چىقتۇق. ئادىل: «ئۆلسەممۇ مەيلى، تۇراقلاشتۇرغۇچى سىملارنى تارتمايلا ئۆتۈپ كېتىۋېرىمەن» دەپ تۇرىۋالغانىدى. بىزمۇ ئەگەر ئوق سىم پولاتتىن ياسالغان بولۇپ قالسا، ئۆز ئېغىرلىقى تۈپەيلى تەۋرىنىشچانلىقى ئاز بولىدۇ. ئەگەر غەيرىي ئەھۋال سېزىلمىسە بۇنداق سىمدىن ئادىل ئۆتۈپ كېتەلەيدۇ، دەپ قارىدۇق. بىراق، سەنشيا بوغۇزىغا بېرىپ ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆزەتكەندىن كېيىن ئويلىغانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى خام خىيال بولۇپ چىقتى. ئوق سىم پەقەت داتلاشمىغانىدى. لېكىن سىمنى لىڭشىتىۋىدۇق، خۇددى غولاپ چۈشكەن تۈۋرۈكتىن ئاجراپ كەتكەن توك سىمىدەك لەپپەڭشىپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىم ئۆز ئوقىدا بەئەينى بۇرمىلىق مىختەك يۆگىشىپ كېتىۋاتاتتى. چۈنكى ئوق سىم پولاتتىن ئىشلەنمەي، بەلكى باشقا بىر خىل يېنىك مېتاللارنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ئىشلەنگەن، ئوق سىمنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر تاللا ئىنچىكە پولات سىم جايلاشتۇرۇلغانىدى. ئادىل ئوق سىمنىڭ ئۈستىگە چىقىپ بىرەر يۈز مېتىرچە مېڭىپ كۆرۈۋىدى، يۆگىشىپ تۇرغان سىم ئادىلنىڭ پۇتىنىمۇ تەڭ يۆگەپ كېتىپ، ئادىلنى يىقىتىۋەتكىلى تاس قالدى. ئادىل پەم بىلەن قايتىپ چۈشىۋالدى. ئەتىسى قارشى تەرەپكە ئۆتۈپ سىناپ باقساقمۇ، يەنە ئوخشاشلا نەتىجىگە ئېرىشتۇق. ئوق سىم يەنە ئوخشاشلا شىپ - شىپ يۆگىشىپ تۇراتتى. بۇنداق ئەھۋالدا بىزگە تۇراقلاشتۇرغۇچ

سىمنى تارتماي ئامال يوق ئىدى. شۇڭا دەرھال چۇڭچىڭدىن 10 مىڭ مېتىر سىم ئەكەلدۇردۇق. ئۆز ۋاقتىدا كوچرائىنغا بىر مېتىرىنى بەش موچەندىن سېتىپ بەرگەن سىمنى ئۇلار بىزگە بىر يېرىم يۈەندىن سېتىپ بېرىشتى. كەملىسىمۇ مەيلى، مۇشۇ 10 مىڭ مېتىر سىمنىلا تارتىپ بولدى قىلايلى دېيىشتۇق. بىراق، تۇراقلاشتۇرغۇچى سىملارنى قانداق تارتىشنى تېخى بىلمەيتتۇق. كوچرائىنغا سىم تارتىپ بەرگەن قۇرۇلۇش ئەترىتىگە ھاۋالە قىلساق، ئۇلار: «1 مىليون 200 مىڭ يۈەن ئالىمىز» دېدى. بېشىمىز قاتتى. تونۇش - بىلىشلىرىمىز ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتا سىم تارتىشقا قاتناشقان بىر ئىشچىنى تېپىۋالدۇق. ھېلىقى ئىشچى 30 مىڭ يۈەنگە تارتىپ بەرمەكچى بولىۋىدى، خۇشاللىقتىن ئۆزىمىزنى قويغىلى يەر تاپالماي قالدۇق. بۇ چاغدا ئادىلنىڭ ئۆتىشىگە ئاران بەش كۈن قالغانىدى. بىراق، ھېلىقى ئىشچى شۇ كۈنى كەچتىلا ئۆزگىرىۋالدى. ياردەملىشىدىغان ئادەملىرى ئەرزان كۆرۈپ قاپتۇ. «زادى قانچە پۇل ئالىسەن؟» دەپ سورىسام، «قىرىق مىڭ يۈەن» دېدى. بىزمۇ ۋاقىت قىستاپ قالغاچقا ئاغزىدىن چىققىنىغا ماقۇل دېمەي ئامالىمىز يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ يەنە گېپىدىن يېنىۋېلىپ يۈرمىسۇن دەپ چىڭ تۇرىۋالدىم. «سەندىمۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ يۈرىكى بار، ئادىل جۇڭگو خەلقىگە شان - شەرەپ كەلتۈرۈش ئۈچۈن جېنىدىن كېچىپ مۇشۇ ئىشقا تۇتۇش قىلىۋاتىدۇ. جۇڭگو خەلقى دېگەن ئۇقۇمنى چۈشىنەمسەن؟ يالغۇز مەنلا ئەمەس، سەنمۇ بار شۇنىڭ ئىچىدە. ئۆز ۋاقتىدا سەنشيا بوغۇزىدىن بىر ئەجنەبىي بېشىڭغا دەسسىگەندەك ئۆتۈپ كېتىپتىكەن. ئەنە شۇ ئەجنەبىينىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ نومۇسىنى ئاقلايمىز دەپ مۇشۇ ئىشنى قىلىۋاتىمىز. سەندە تىرناقچىلىك بولسىمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى باردۇر؟» دېسەم، ھېلىقى ئىشچى: «بار، شۇڭا ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ باھا قويىۋاتىمەن» دېدى. «ئۇنداقتا نېمىشقا يېنىۋالىسەن؟ بولمىسا بىز ئۆزىمىزمۇ بۇنى ياسىيالايمىز، شۇڭىمۇ 18 ئادىمىمنى بىللە ئېلىپ كەلدىم. بوپتۇ، 35 مىڭنى بېرەيلى. بۇنىڭغا ئۇنىمىساڭ ئۆزىمىز ئىشلەۋېرىمىز» دېسەم، ئاخىرى 35 مىڭغا ماقۇل كەلدى. «ئەمىسە ھۆججەت يېزىپ قول قويە!» دېسەم، «بولدى، ھاجىتى يوق. بىز ئوغۇل بالا» دېدى. شۇنداق پۈتۈشتۇق. ئەتىسى ئادىل تاغدىن تېلېفون بېرىپ: «ھېلىقى ئىشچى يەنە يېنىۋالدى» دەيدۇ. «نېمە دەپ يېنىۋالدى؟» دەپ سورىسام، «بۇ ئىش بەك تەس ئىكەن دەۋاتىدۇ»

دېدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە 10 مىڭ مېتىر سىم ئالمىساڭلار يەتمەيدىكەن، دەپ تۇرىۋاپتۇ. تېخى ئۇ سىمنى ئىككى كۈن ئىچىدە تەييارلاپ بېرىشىمىز كېرەك ئىكەن. چۇڭچىڭغا بېرىپ سىم ئەكىلىش ئۈچۈن تېز ماڭساق تۆت كۈن كېتەتتى. تۆت كۈندىن كېيىن ئادىلنىڭ سەنشىيادىن ئۆتىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالاتتى. ئۇيان تارتىشىپ، بۇيان تارتىشىپ كەملەپ قالغان سىمنى ئۆزلىرى ھەل قىلىدىغانغا 50 مىڭ يۈەنگە پۈتۈشتۇق. «ئەمدى قەتئىي يېنىۋالمىغىن» دېسەم، «ئەمدى يېنىۋالسام قىز بالا بولۇپ كېتەي» دېدى. «ئەگەر يېنىۋالساڭ، ئارىمىزدا سېنى قىز بالىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان ئادەم بار» دەپ قۇربانجاننى كۆرسىتىپ، چاقچاق ئارىلاش پوپوزا قىلىپ قويدۇم. سىم تارتىدىغان سېمونت قوزۇقلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك چىقىرىۋېتىلگەنىكەن. ئامالسىز يېرىمىنى قوزۇققا، يېرىمىنى قورام تاشلارغا باغلاپ پۈتكۈزۈشتى. ھېسابلىشىدىغان چاغدا ئۇ چىقىم، بۇ چىقىم دەپ غىڭشىپ يۈرۈپ يەنە 6 مىڭ يۈەننى قوشۇپ ئېلىۋالدى. نېمىلا بولمىسۇن قۇرۇلۇش ئەترىتىدىكىلەر 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن باھا قويغان ئىشنى 56 مىڭ يۈەن خەجلەپلا پۈتتۈرىۋالدۇق. لېكىن تۇراقلاشتۇرغۇچى سىمنى كوچرائىنغا قارىغاندا بىر ھەسسە ئاز تارتتۇق. ئوق سىمنىڭ تەۋرىنىشچانلىقىنى يوقىتالمىغان بولساقمۇ، لېكىن يۆگىنىشچانلىقىنى يوقاتتۇق.

ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى. بىر چاغدا بىزنى تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرى ئىزدەپ كەلدى. شاڭخەيدىن چۇڭچىڭغا بارىدىغان بىرىنچى دەرىجىلىك تېلېگراف لىنىيىسى دەل سەنشىيا بوغۇزىدىن ئۆتىدىكەن. ئۇلار: «سىلەر سىمدىن ئۆتكەن كۈنى مۇبادا تېلېگراف لىنىيىسى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا، بىز دەرھال ئوڭشايدىغانغا تەييارلىنىپ تۇرمىساق بولمايدۇ» دەپ، ئېھتىماللىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا كېتىدىغان خىراجەتلىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ 5 مىڭ يۈەن پىچىپ قويدى. 5 مىڭ يۈەننى ساناپ بېرىۋاتقان چېغىمدا قوللىرىم لاغىلداپ تىترەپ كەتتى. چۈنكى ئېلىپ كەلگەن پۇلىمىز تۈگەپ بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ئۇلارنى يولغا سېلىپ تۇرۇشىمىزغا، سۇ يولى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئادەملىرى ئىزدەپ كەلدى. ئۇلار ئادىل ئۆتىۋاتقان چاغدا ئىككى تەرەپتىن كېلىدىغان پاراخوتلارنى توختىتىپ، سۇ يولىنىڭ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن بىزدىن ھەق ئالغىلى كەپتۇ. كوچرائىن ئۆتكەن چاغدا ئۇلارغا 40 مىڭ يۈەن باشقۇرۇش ھەققى تۆلەپ، ئۇلارنىڭ نەپسىنى يوغىنىتىپ قويغانىكەن. جىق تالىشىپ كەتتۇق، كۆكىرىپ قالغان نانلارنى دېرىزىگە ئەتەي تىزىپ قويغاندۇق. «يەيدىغىنىمىز مۇشۇ» دەپ نانىنى كۆرسەتتۇق. يېتىۋاتقان ياتاقلىرىمىزمۇ تۆۋەن دەرىجىلىك مېھمان كۈتۈشنىڭ ئەرزان باھالىق ياتاقلىرى ئىدى. ئۇلارنى تەسىرلەندۈرۈش ئۈچۈن قىلمىغان گېپىم، ئىشلەتمىگەن تاكتىكىلىرىم قالمىدى: «جۇڭگودا باشقىلار بۇنداق كاتتا ئىشقا تۇتۇش قىلسا بەش يۇلتۇزلۇق مېھمانخانىلاردا ياتىدۇ. پۇلنىڭ كۆپ قىسمىنى شۇلار خەجلىۋېلىپ، بىز مۇشۇ كۈنگە قېلىۋاتىمىز» دېدىم. يېڭىساردا باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرى بىر موچەن، ئىككى موچەندىن يىغىش قىلىپ يوللۇق تۇتقان بىر تۇتام پۇل بار ئىدى. بۇ پۇلنى بانكىدىمۇ قويماي ئايرىم ساقلاپ قويغانىدىم. ئۇلارغا ئەنە شۇ پۇللارنى كۆرسەتتىم: «مانا كۆرۈڭلار، بىز سىلەرگە بېرىدىغان پۇلنى مانا مۇشۇنداق موچەنلەپ يىغدۇق. ھۆكۈمەتتىن ئالتە پاتمان پۇل بەردىمىكىن دەپ ئويلاپ قېلىۋاتامسىلەر؟ شىنجاڭنىڭ كارخانىلىرى بىر - بىرىدىن كەمبەغەل، شۇڭا بۇ قېتىم بىزگە بىرەر كارخانا موچەن چاغلىق ياردەم قىلمىدى. . . » ئەنە شۇ يوسۇندا ھال ئېيتىپ يۈرۈپ، ئۇلارنى 2 مىڭ يۈەن بىلەن يولغا سالدۇق. ئامانلىق قوغداش ساقچىلىرى ھەق تەلەپ قىلمىدى. ئادىلنىڭ بىر كۈنلۈك ھاياتىنى خەۋپسىزلەندۈرۈش شىركىتىگە 20 نەچچە مىڭ يۈەن تۆلەپ خەۋپسىزلەندۈرۈشكە قاتناشتۇرغاندۇق. ئەگەر ئادىل خەۋپ - خەتەرگە ئۇچرىسا ئۇلار ئادىلغا 880 مىڭ يۈەن خەۋپسىزلەندۈرۈش ھەققى تۆلەيتتى. شۇڭا ساقچىلارغا خەۋپسىزلەندۈرۈش شىركىتى پۇل خەجلەپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىپادىسى ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئەمدى يەنە پۇل تەلەپ قىلىپ كىملەر ئىزدەپ كېلەر دەپ ياتاقتا دەككە - دۈككىگە چۈشۈپ، ئىشىك - دېرىزىلەرگە پات - پات ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ قوياتتىم. روھىي جەھەتتىن ناھايىتى جىددىيلىشىپ كەتتىم. قولۇمدا ئازغىنا پۇل قالدى. تەلىيىمگە ئەتراپىمدىكى مەيدىسىگە مۇشتلاپ تۇرىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئابلىمىت خالىس ھاجى: «پۇلدىن قورقمىسىلا، مانا مەن بار!» دەپ مەدەت بېرىپ تۇردى. رەئىس ئابلەت ئابدۇرىشىتنىڭ مىجىت ناسىرغا ھاۋالە قىلغان كۆرسەتمىسىنى ئېسىمگە ئالدىم. «پۇلى بولمىسا خاتىرجەم مېڭىۋەرسۇن، قانچە پۇل كەملىسە كەينىدىن ئەۋەتىپ بېرىمىز» دېگەن كۆرسەتمىنى ئاڭلاپ بىزگە يېڭىۋاشتىن جان كىرگەنىدى. شۇڭا پۇل تۈگەپ كېتىۋاتىسىمۇ ئانچە ئەنسىرەپ كەتمىدىم. قاتمۇ قات بېسىم، قاتمۇ قات قىيىنچىلىقلارنى بىز ئەنە شۇنداق يەڭدۇق. ئادەتتە سۇ پومپىسـ

ـنىڭ بېسىمى قانچە يۇقىرى بولسا، يەر ئاستى سۈيى شۇنچە كۆپ ئېتىلىپ چىقىدۇ. توك بېسىمى قانچە يۇقىرى بولسا ئېلېكتىر لامپىسى شۇنچە يورۇيدۇ، مىلتىقنىڭ تەپكىسى پىستانغا قانچە بېسىم بىلەن تەگسە ئېتىلغان ئوق شۇنچە يىراققا بېرىپ تېگىدۇ. بۇ بېسىملار بىزنىڭ ئىرادىمىزنى ھەسسىلەپ چىڭىتتى. غەلىبە قازىنىش ئۈچۈن ئۆزىمىزگە تېخىمۇ جىق قۇۋۋەت يىغىۋالدۇق.

ھەممىلا ئىشنى پۇل بىلەنلا ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمىدى. كۈتۈلمىگەندە فىنجى ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ پوزىتسىيىسى بىزگە پايدىسىز تەرەپكە ئۆزگىرىۋالدى. نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئەمدىلا «ئۇھ» دەپ تۇرساق، «ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك، ئەمدى بۇ ئىش چىقتى. ئۇلار بىز بىلەن يېپىق شەكىللىك سۆھبەت ئۆتكۈزدى. بىز تەرەپتىن مۇھەممەت زۇنۇن بىلەن ئىككىمىزلا سۆھبەتكە قاتناشتۇرۇلدۇق. ئۇلار شۇ كۈنى كەچتە بىزگە كۈتۈۋېلىش زىياپىتى بەرمەكچى ئىدى. ئەتىگەندە توساتتىن چاپاننى تەتۈر كىيىپ، ئىشىمىزنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىۋېتىشكە ئۇرۇندى. ئۇلاردىكى بۇ تاساددىپىي ئۆزگىرىشتىن ئەجەبلىنىپ قالدۇق. كېيىن ئۇقساق، چۆچەكنىڭ شەھىرىنىڭ باشلىقى ئىلگىرى فىنجى ناھىيىسىگە ھاكىم بولغانىكەن. ئۇ بىزنىڭ ئىشىمىزنى ئاڭلاپ ئەنسىرەپ، فىنجى ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسىغا كېچىلەپ تېلېفون بېرىپ: «بۇ خەلقئارا تەسىر پەيدا قىلىدىغان چوڭ ئىش، ئەگەر بىرەر چاتاق چىقىپ قالسا يالغۇز فىنجى ناھىيىسىگىلا ئەمەس، بەلكى ئەمدىلا مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق شەھەر بولغان بىزنىڭ چۆچەكنىڭمۇ مالامەت يېتىدۇ. شۇڭا بۇ ئىشنى ئەستايىدىل ئويلىشىڭلار!» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەتىگەن سائەت ئالتىدىلا يىغىلىپ يىغىن ئېچىپ بىزگە قانداق خىزمەت ئىشلەش ئۈستىدە سائەت ـ سائەتلەپ باش قاتۇرۇپتۇ. بىز ئۇلارنىڭ بۇنداق پۇختا تەييارلىق كۆرۈۋېلىشىنىدىن خەۋەرسىز ھالدا ھاشاردىن كېلىپلا تويغا قاتناشقان دېھقاندەك بىخىرامان ھالدا سۆھبەت ئۈستىلى ئالدىغا كەپتۇق. ھاكىم: «سىلەر شىنجاڭدىن كېلىپ خەلقئارا تەسىر پەيدا قىلىدىغان شۇنداق چوڭ ئىشقا تۇتۇش قىلىۋېتىپسىلەر، قولۇڭلاردا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ تامغىسى بېسىلغان ئالاقە بارمۇ؟» دەپ سورىدى سۆھبەتنىڭ باش بۇرنىدىلا. «بىز ئۆمەك نامىدىن كەلدۇق. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بۇ ئىشنى خەلق ئىچىدە ئېلىپ بېرىش ھەققىدە قارار چۈشۈرگەن» دەپ جاۋاب بەردىم، مەنمۇ پەرۋاسىزلا. «ئالاقەڭلارغۇ بولمىسۇن، ئەدناسى قولۇڭلاردا لايىھە چاغلىق بىر نەرسىنىمۇ بىزگە تاپشۇرمىدىڭلار، چاتاق چىقىپ قالسا كىم جاۋاب قىلىدۇ؟»، «ئەلۋەتتە ئۆمەك باشلىقى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن مانا مەن جاۋاب قىلىمەن!» دېدىم يەنە جاۋاب بېرىپ. «ئەگەر ئۆلۈم ۋەقەسى يۈز بەرسە كىم مەسئۇل بولىدۇ؟»، «مەن مەسئۇل» دېدىم يەنە كەسكىن تەلەپپۇزدا جاۋاب بېرىپ. «ۋەقە چىقسا ھەممىنى ماڭىلا ئارتىپ قويۇڭلار، بۇ ئىشنى مەن قىلىۋاتىمەن»، «ئەمىسە چاتاق چىقسا سىزنى تونۇيمىز». «چاتاق يوق، سىلەرگە تىلخەت يېزىپ بېرىمەن تېخى.» ئۇلار بىر ـ بىرلەپ ھۇجۇمغا ئۆتكىلى تۇردى. بايا سوئال سورىغان ھاكىم ئەمدى ئاستا بىر چەتكە چىقىپ، ئەمدى پارتكوم شۇجىسى سوئال سوراشقا باشلىدى: «مەسىلە تىلخەت يېزىپ بېرىش بىلەنلا پۈتمەيدۇ. بۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىش. ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتەمدۇق ياكى كەينىگە سۈرەمدۇق؟ مۇشۇنى ئويلىشىڭلار.» قۇيقا چېچىم تىك تۇرۇپ كەتتى: «پۈتۈن جۇڭگو خەلقىگە جاۋاب بېرەلىگۈدەك سالاھىيىتىڭلار بولسا ئاندىن ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا ئېغىز ئېچىڭلار. قېنى، جۇڭگو خەلقىگە نېمە دەپ جاۋاب بېرەلەيدىغانلىقىڭلارنى مەن بىر ئاڭلاپ باقاي» مەن شۇجىنىڭ كۆزىگە مىختەك تىكىلدىم. ئۇ مەندىن كۆزىنى ئەپقاچتى ـ دە، بىر قەدەم كەينىگە چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى: «ئۇنداقتا كەينىگە سۈرەمدۇق؟». «شەرتلىك ئاساستا بىرەر كۈن كەينىگە سۈرۈشنى ئويلىشىپ باقساق بولىدۇ. لېكىن، نېمە ئۈچۈن كەينىگە سۈرۈشكە توغرا كېلىدىغانلىقىنى بىلىشىم كېرەك. مېنىڭ خىزمىتىم تۈگىدى. سىمىنى سىناق قىلدۇق. ئادىل ماڭالايدىغان بولدى. مۇشۇ سىمغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق ئىش بولسا مەن ئۈستۈمگە ئالىمەن. بۇنى سىلەر بىلىسىلەر. لېكىن تاغقا ئادەم چىقارمايسىلەر، مەندە ساقچىغا بېرىدىغانغا پۇل يوق. تاغقا ئادەم چىقىرىپ ۋەقە يۈز بەرسە ئۇنى ئۈستۈمگە ئالالمايمەن.» ئەمدى مەن قەدەممۇ قەدەم ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە باشلىغانىدىم. «تاغنىڭ ئادەملىرى بەك كەپسىز، تاغقا ھامان چىقىۋالىدۇ» دېدى ئارىدا بىرەيلەن. «ئۆتكەن يىلى تاغدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر پائالىيەتتە بىر بالىنىڭ بېشىغا تاش چۈشۈپ كېتىپ ئۆلۈپ كېتىۋىدى، 8 مىڭ يۈەن تۆلەم تۆلەپ بەردۇق ئەمەسمۇ؟» دېۋىدى يەنە بىرى، «سەن تېخى ئاز تۆلەپسەن، ئاشۇنداق ئىش چىقىپ قالسا مانا مەن بىر ئادەمنىڭ خۇنى ئۈچۈن 80 مىڭ يۈەن تۆلەي-

مەن» دېدىمەن. «بايا ساقچىغا بەرگىلى پۇل
يوق دەۋاتاتتىڭ، قايسى پۇلنى تۆلەيسەن؟» سو-
ئال قويغۇچى مىيىقىدا مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ
قويدى. «مەن ئادىلنى ئۆتكۈزىۋالاي، ئادىل
سەنشىيادىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئاشۇ پۇلنى
پۈتۈن جۇڭگو خەلقى بېرىدۇ. سىلەر ئۈچۈن شان-شەرەپ
قازىنىپ قەرزدار بولۇپ قالدىم دېسەم، بەرمىگە-
نىنى كۆرەي قېنى. هازىر ئادىلنى ئۆتكۈزگۈچىلار
يوق بولغاچقا مۇشۇنداق قىينىلىۋاتىمەن.» ئارد-
نى بىرهازا جىملىق باستى. «سىلەر زادى نېمە
دېمەكچى؟ ئاچچىق ئۈچەيدىكىنى بىر ئېيتىپ بې-
قىڭلار!» دېسەم، ئۇلار: «بۇ بەك چوڭ ئىش-
كەن. مەملىكەت مىقياسىدىلا ئەمەس، خەلقئاراغا
تەسىرى بولىدىكەن» دېيىشتى. «مەن بۇنى كى-
چىك ئىش دەپ تۇتقان ئەمەس. چوڭ ئىش بولغان-
لىقى ئۈچۈن پايپېتەك بولۇپ يۈرىمەن. سىلەر
پەقەت ياردەملىشىپ بەرسەڭلارلا بولدى. تاغ ئې-
غىزىغا قاراۋۇل قويۇپ، تاغقا ئادەم چىقارمىساڭ-
لارلا بولىدۇ. سىلەردىن كېتىدىغىنى ناهايىتى
سەككىز-ئون قاراۋۇل». ئۇلار يەنە «ئۇنى
قانداق قىلىسەن؟ بۇنى قانداق قىلىسەن؟» دەپ
ئارقا-ئارقىدىن توقۇناق سوئالنى سوراۋەردى.
تولا سوئال سوراپ بېشىمنى ئۇچاق قىلىۋەتتى.
ھەممىسىگە «مەن مەسئۇل» دەۋەردىم، «مېنىڭ
ئەمىلىم بۇ ئىشلارغا كىچىكلىك قىلىدۇ. لېكىن
مەن جۇڭگو گىرازدانى بولۇش سۈپىتىم بىلەن 1
مىليارد 200 مىليون جۇڭگو خەلقى ئالدىدا مەس-
ئۇلىيىتىم بار دەپ بىلىمەن. بىز ئېرىشىدىغان
شان-شەرەپ شۇلارغا مەنسۇپ. شۇنىڭ ئۈچۈن
مەن بۇ ئىشقا بەل باغلىغان». ئۇلار ئاخىرى گەپ
تېپىپ بېرەلمەي قالدى. شۇنداقتىمۇ يەنە مەغلۇ-
بىيەتكە تەن بەرگۈسى كەلمىدى: «سىلەرنى هۆ-
كۈمەت خەلققە تاشلاپ بېرىپتۇ. شۇڭا بىزمۇ بۇ ئىشقا
هۆكۈمەت نامىدىن ئارىلاشساق بولمايتتى». «مەن شۇڭا
سىلەرنى' ئارىلاشتۇرماي ھەممە ئىشنى پۈتتۈرۈپ
بولدۇم. سىلەر تاماشا كۆرۈپ بەرسەڭلارلا بولما-
دىمۇ؟» دېسەم، «شۇنداق دېگىنىمىز بىلەن يەنە
ئارىلاشمىساق بولمايدۇ» دەپ تۇرىۋېلىشتى ۋە:
«چاتاق چىقسا يەنە فىنجى ناهىيىلىك هۆكۈمەت
جاۋابكار بولۇشقا توغرا كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟» دەپ
باهانە كۆرسىتىشتى. «ئەڭ ياخشىسى، سىلەرمۇ
كۆزۈڭلارنى يۇمۇۋېلىڭلار، ھەممىنى ماڭىلا دۆڭ-
گەپ قويۇڭلار. مىجىت دېگەن بىر ئادەم چىقىپ
‹ھەممىگە مەن مەسئۇل دېگەنىدى› دەپ ماڭىلا
ئىتتىرىپ قويساڭلار سىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىڭلار
تۈگەيدۇ. مەن گېزى كەلسە تۈرمىدە يېتىشقىمۇ
تەييارلىق كۆرۈپ قويدۇم». ئۇلار ئەڭ ئاخىرىدا
يەنە مۇنداق سوئال قويۇشتى: «سەنشىيا بوغۇزىغا
تارتىلغان سىم ئامېرىكىلىقنىڭ سىمى. ئەگەر
سىمدىن چاتاق چىقسا خەلقئارا سوتقا كىم چۈشى-
دۇ؟» «مەن چۈشىمەن!» دېدىم يەنە قىلچە ئىك-
كىلەنمەيلا. بۇ ھەقتە يەنە ئايرىم توختام تۈزۈش-
تۇق. تىلخەتنىمۇ يېزىپ بەردىم. لېكىن يەنىلا
خاتىرجەم بولالمىدىم. ئۇلارنىڭ ئەلپازى يامان
ئىدى، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ ئىشنى بۇزىدى-
غاندەكلا تۇراتتى. تۇساتتىن كاللامغا بىر ئەقىل
كەلدى. ئۆتكەن يىلى ۋېيىۋەنجاڭ تۆمۈر داۋامەت-
نىڭ فىنجى ناهىيىسىگە كەلگەنلىكىدىن خەۋەر
تاپقانىدىم. «ناهىيىدىكىلەر ۋېيىۋەنجاڭنىڭمۇ بى-
لەر. ۋېيىۋەنجاڭغا بىر تېلېفون ئالمايمۇ» دەپ
ئويلىدىم. بۇ چاغدا ناهىيىلىك هۆكۈمەتنىڭ بىر
ئەمەلدارى يېنىمدا ئىدى. ۋېيىۋەنجاڭغا دەرهال
تېلېفون بەردىم. تەلىيىمگە ۋېيىۋەنجاڭ ئۆيىدە
بار ئىكەن: «تۆمۈركا، ئىشىمىز يامان ئەمەس.
يېنىمدا هۆكۈمەتنىڭ بىر ئەمەلدارى بار. ئۇنىڭغا
رەھمەت ئېيتىپ قويسىلا ئىشىمىزغا تېخىمۇ قىز-
غىن ھەمكارلىشاتتى» دېسەم، «تېلېفوننى بې-
رىڭ» دېدى. تېلېفون تۇرۇپكىسىنى يېنىمدىكى
ئەمەلدارغا بەرسەم، ئۇ ۋېيىۋەنجاڭغا توختىماي
رەھمەت ئېيتقىلى تۇردى. بۇ ئەمەلدار «ۋېيىۋەن-
جاڭنىڭ سۆزىنى هاكىمغا دەرهال يەتكۈزىمەن!» دەپ
كېتىپ قالدى. كەچتە ناهىيىلىك هۆكۈمەت بىز-
گە كۈتۈۋېلىش چېيى بەردى. ئۇلارنىڭ ئەتىگەنكى
مۇئامىلىسى پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەنىدى. زىياپەت
تەنتەنىلىك دۇئايى-سالاملار بىلەن باشلاندى.
ئادىلنى ھەممەيلەن بىر ئېغىزدىن: «جۇڭگو خەل-
قىنىڭ قەهرىمانى» دەپ كۆككە كۆتۈرۈشتى. زى-
ياپەتتىن تۇن يېرىمىدا قايتىپ كېلىپ ئەمدىلا
يېتىشقا تەمشىلىۋاتساق، مۇئاۋىن رەئىس مىجىت
ناسىردىن تېلېفون كەلدى: «نەچچە سائەت بول-
دى، سىلەرنى تاپالماي كەتتۇق. فىنجى ناهىيە-
لىك هۆكۈمەتتىن تېلېگرامما كەلگەنىكەن. ھەم-
مىمىز سىلەردىن ئەنسىرەپ پاتپاراق بولۇپ كەت-
تۇق. رەئىس ئابلەت ئابدۇرىشىت هازىرغىچە
ئۇخلىماي مېنىڭ جاۋابىمنى كۈتۈۋاتىدۇ. تېلېگ-
راممىدا پائالىيەتنى توختىتىشقا بۇيرۇق بېرىشى-
مىزنى تەلەپ قىپتۇ. ۋاڭ لېچۈەن شۇجى: ‹تەي-
يارلىقى پۈتمىگەن بولسا، قىلماي تۇرسىمۇ بوپ-
تىكەن› دەۋاتىدۇ. بىز ‹قېنى، ئەھۋالنى ئۇقۇپ
بېقىپ بىر نەرسە دەيلى› دەپ جاۋاب بەردۇق.
ئىشىڭلار نەدىن-نەگىچە؟». «ھەممە ئىش پۈت-
تى، ناهىيىدىكىلەرنى ئۇگىتەي-توگىتەي قىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

180 گرادۇس بۇرۇۋەتتۇق. خاتىرجەم بولۇڭلار» دېسەم، «ناھىيىدىكىلەردىن يەنە بىر قېتىم سوراپ بېقىڭلار» دېدى. ئەتىگەندە ناھىيىنىڭ شۇجىسى «شىنجاڭغا تېلېگراممىا يوللايمىز» دەپ پوپوزا قىلغانىدى، ئۇنىڭ گېپىگە ئانچە ئىشەنمىگەندۇق. ھاكىمنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بېرىپ ئويغاتتۇق: « ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت سىلەر يوللىغان تېلېگراممىنى تاپشۇرۇۋاپتۇ. سىلەرنىڭ يەنە قانداق پىكىر - تەلەپلىرىڭلار بارلىقىنى سوراۋاتىدۇ» دېسەم، «سىلەرنىڭ ئىشىڭلار ئۈچۈن بۈگۈن بىر كۈن ئىچىدە ئالتە قېتىم يىغىن ئاچتۇق. تەشكىللەش ۋە ئامانلىق ساقلاش، جامائەت گۇۋاھلىقى بېجىرىشتىن تارتىپ ھەممە ئىشنى توققۇز گۇرۇپپا تەشكىللەپ تولۇق ئورۇنلاشتۇرۇۋەتتۇق. خاتىرجەم بولۇڭلار» دېدى. مۇئاۋىن رەئىس مىجىت ناسىرغا ھەممە گەپنى ئەينەن يەتكۈزۈپ قويدۇق. بىز جامائەت گۇۋاھلىقى باشقارمىسى بىلەن تېخى ئالاقىلەشمىگەندۇق. ئۇلارمۇ ئالتە پاتمان پۇلنىڭ گېپىنى قىلسا نېمە دەرمىز؟ دەپ بېشىمىز قاتقانىدى. ناھىيىدىكىلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن بۇ ئىشنىڭ ئۆزلىكىدىن ھەل بولۇپ قالغىنىغا ئىچ - ئىچىمىزدىن خۇشال بولدۇق. شۇ چاغدا ئادىلنىڭ سەنشىيا بوغۇزىدىن ئۆتىدىغىنىغا يەنە ئون سائەتلا قالغانىدى!

تاڭ يورۇشى بىلەنلا ئورنىمىزدىن تۇرۇپ تاغقا قاراپ ماڭدۇق. كۆزىمىزگە ئىشەنمەيلا قالدۇق. تاغنىڭ ھەممىلا يېرى مىغىلداپ يۈرگەن ئادەملەر بىلەن تولغانىدى. ئاخشام تېلېۋىزوردا: «ئەتە بىر كۈن تاغقا چىقىشقىلارغا رۇخسەت يوق. ئەگەر بۇيرۇققا بويسۇنماي چىقىۋالساڭلار، ۋەقە كۆرۈلسە ھۆكۈمەت تەرەپ ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالمايدۇ» دەپ ئېلان چىقىرىۋەتكەنىدى. ئەمدى قارىساق، بۇ ئېلان ئەكسىچە ئۈنۈم پەيدا قىپتۇ. پۈتۈن فىنجې خەلقى تەۋرەپ كەتكەنىدى. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممەيلەن تاغقا ياماشماقتا. تاغقا چىقىش ئېغىزىدا ئادەملەر بىر - بىرىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى. قاراۋۇللار ھەدەپ بېلەت يىغقىلى تۇرۇپتۇ. «ئىش ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن - دە» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. ساقچى تەرەپنىڭ ئېيتىشىچە، شۇ كۈنى تاغقا چىققان ئادەم كوچرائىن سەنشىيا بوغۇزىدىن ئۆتكەن كۈنىگە سېلىشتۇرغاندا بىر ھەسسە كۆپ ئىكەن. ئۇ چاغدا 60 مىڭ بېلەت ھاستۇرۇپ ئاران 20 نەچچە مىڭ بېلەت ساتقانىكەن. كىشىلەر قورقۇنچلۇق ھاڭلاردىن پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ كېتىشكەنىدى. قومۇرۇلۇپ چۈشكىلى ئاران تۇرغان تاشلارنىڭ ئۈستىدىمۇ لىق ئادەم. بىرسىنىڭ بېشىدا يەنە بىرسىنىڭ پۇتى ساڭگىلاپ تۇرغان. ئادەملەر خېيىم - خەتەرگىمۇ پەرۋا قىلماي ئەنە شۇنداق ئولتۇرۇپ كېتىشكەنىدى. ئادىلنى بىرەر - ئىككى سائەتكىچە تاپقىلىمۇ بولمىدى. كىشىلەر بىللە رەسىمگە چۈشۈۋالغىلى ئېلىپ كېتىشكەنىدى.

ئادىل ئاخىرى پولات ئارغان ئۈستىدە مېڭىشقا باشلىدى. دەسلەپتە خېلى ئەنسىرىدۇق. كېيىن ئادىلنىڭ بىخىرامان كېتىۋاتقىنىغا قاراپ كۆڭلىمىز خېلى جايىغا چۈشتى. مۇخبىرلارنىڭ قولىدا بىردىن كۆچمە تېلېفون، ( شىنجاڭدىن بارغان مۇخبىرلارنىڭ قولىدا بىرەرمۇ تېلېفون يوق ئىدى. ئۇلار بىزگە ئەگىشىپ كەلگەن سودىگەرلەرنىڭ تېلېفونىنى ئارىيەت ئېلىپ ئىشلەتتى. ) ئۇلار مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بەس - بەس بىلەن خەۋەر بېرىشكىلى تۇردى. ئۇلار ھەممىسى قولىدىكى تېلېفونىنى جايلاردىكى رادىئو ئىستانسىلىرىنىڭ بىۋاستە ئاڭلىتىش ئۇسكۇنىلىرىگە ئۇلىۋەتكەنىدى. مەن رەھبەرلىرىمىزنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ھېلى بېيجىڭغا، ھېلى شىنجاڭغا تېلېفون ئۇرۇپ تۇراتتىم. تۆمۈر داۋامەت، ئىسمائىل ئەھمەد، مىجىت ناسىر ھەممىسى دېگۈدەك ئۆيىدە تېلېفون ساقلاپ ئولتۇرۇشقانىدى. مىجىت ناسىرنىڭ ئۆيىگە تېلېفون ئالسام، رادىئو دولقۇنىنى توغرىلىيالمايۋاتقان ئوغلىنى ھەدەپ تىللاۋېتىپتۇ. «شەھەرلىك رادىئو ئىستانسىسى 603 - قانالدا نەق مەيداندىن ئاڭلىتىش بېرىۋاتىدۇ» دېدىم مەن ۋارقىراپ تۇرۇپ. مەن بۇ گەپلەرنى دەپ بولغىچە ئادىل قارشى قىرغاققا يېقىنلاپ قاپتۇ. ئۇ، كۆزۈمگە توشقاندەك كۆرۈنۈشكە باشلىدى: «ماڭغىلى قانچە مىنۇت بولدى؟ » دەپ سورىدى بىر چاغدا مىجىت ناسىر جىددىيلىشىپ. «19 مىنۇت بوپتۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتىمەن. ئادىل قارشى قىرغاققا چىقىپ بولغان چاغدا، مىجىت ناسىرغا: «ئادىل ئۆتۈپ بولدى. 13 مىنۇت 48 سېكۇنتتا ئۆتۈپتۇ» دېسەم، «بايا 19 مىنۇت دېگەنتىڭىزغۇ» دەپ تۇرىۋالدى. «بايا جىددىيلىشىپ كېتىپ ئالتە مىنۇتنى قوشۇپ ئېيتىۋېتىپتىمەن» دېسەم، رەئىس قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى: «ۋاي، كارامەت ئىش بوپتۇ! » دېدى كۈلكىدىن ئۆزىنى ئاران تۇختىتىپ.

ئىككى قاشتىكى ئادەملەر چۇقان سېلىپ تۇۋلىشىپ كەتتى: «ئادىل ياشىسۇن! » دېگەن

سادالار پەلەككە كۆتۈرۈلدى. تاغلاردىن يانغان
ئەكس سادالار ئاسمان - زېمىننى زىلزىلىگە كەل-
تۈردى. كىشىلەر توپىنىڭ ئىستىخىيىلىك ھال-
دىكى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئەسلىدىكى پائالى-
يەت كۈنتەرتىپىنى پۈتۈنلەي قالايمىقان قىلىۋەت-
تى. ماڭا تاغلار ھاياجان بىلەن قوزغىلىپ كېتى-
ۋاتقان، دەريالار خۇشاللىقىدا لەڭ ئۇرۇپ چاچقۇ
چېچىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. دائىم دېگۈدەك تۇتۇلۇپ
تۇرىدىغان ئاسمان، مانانغا پۈركىنىپ ياتىدىغان
سەنشىيا بوغۇزى بۈگۈن باشقىچە ئېچىلىپ كەتكە-
نىدى. بۇ يەردە كىشىلەرگە بېخىللىق بىلەن چى-
راي ئېچىپ كەلگەن ئاسمان - زېمىن بۈگۈن
بىزگە باشقىچە تەبەسسۇم قىلىۋاتاتتى. تاغدىن ھا-
سىراپ - ھۆمىدەپ چۈشىۋاتسام، شىنجاڭ تېلېۋى-
زىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى «ئىككى كەلىمە
گەپ قىلىپ بەرسىلە» دەپ مىكرافوننى تەڭلەپ
تۇرىۋالدى: «شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن ھاردۇ-
قىمنى چىقىرىۋېلىپ سۆزلەپ بېرەي» دېسەم پە-
قەت ئۇنىمىدى. مىكرافوننى قولۇمغا ئېلىپلا ھا-
ياجانغاچۆمگەن ھالدا شۇنداق دېدىم: «بىز دۇنيا
جېنىنىس رېكورتىنىلا ياراتمىدۇق، بەلكى بىر مۆ-
جىزە ياراتتۇق. بۇ مۆجىزىنى كوچرائىن ئاڭلىسا
بەلكىم ھوشىدىن كېتىشى مۇمكىن. بىز بۇ مۆ-
جىزىنى ھېچكىمگە بەرمەيمىز. بىز بۇ نەتىجىنى
مەڭگۈ ساقلايمىز!»

بېيجىڭدىكى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنىڭ
بىرسىدە پېشقەدەم رەھبەرلىرىمىزدىن بىرسى بىز
ياراتقان بۇ مۆجىزىنى ئۆز قىممىتىگە يارىشا تو-
لۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈپ شۇنداق دېدى: «مىللى-
تىمىزنى دۇنياغا تونۇتۇپ كېلىۋاتقان تۆت بۈيۈك
تاج ئۈستىگە بۈگۈن ‹ئۇيغۇر خەلقى دۇنيا جېنى-
نىس رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلاپتۇ› دېگەن بەشىن-
چى تاج بېشىمىزغا كىيدۈرۈلدى. بىز بۈگۈن
چەكسىز شان - شەرەپكە مۇيەسسەر بولدۇق. ئۇي-
غۇر مىللىتىنى دۇنياغا تونۇتقان بەش تاجنىڭ
بىرسى — مەھمۇت قەشقەرى يازغان ‹تۈركىي
تىللار دىۋانى›. بۇ، دۇنيادا ھېچقانداق مىللەت
تېخى ئۆزىنىڭ تىل لۇغىتىنى تۈزمىگەن ۋاقىتىدا
تۈنجى بولۇپ دۇنياغا تونۇلغان لۇغەت. شۇڭلاشقا
بۇ تاجىمىز مۇقەددەس. ئىككىنچىسى، يۈسۈپ
خاس ھاجىپ يازغان ‹قۇتاتغۇ بىلىگ› داستانى.
ھېچقانداق مىللەت ئۆزىنىڭ پەلسەپىسىنى ۋە باشقا
بىلىم دۇردانىلىرىنى «قۇتاتغۇ بىلىگ» كە ئوخ-
شاش مۇجەسسەملەپ دۇنياغا تونۇتالىغان ئەمەس.
بۇ ئۇيغۇر خەلقىنى دۇنياغا تونۇتىۋاتقان بىر تاج.
ئۈچىنچىسى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى. بۇ
دۇنيادا تەڭدىشى يوق ئەدەبىيات. تۆتىنچىسى،
«ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى» دىن ئىبارەت بۇ
كلاسسىك خەزىنە ئۇيغۇر خەلقىنى جاھانغا تونۇ-
تۇپ كەلگەنىدى. ئەمدى ئادىلجان جېنىنىس رې-
كورتىنى بۇزۇپ، دارۋازلىق سەنئىتىمىزنى دۇن-
ياغا تونۇتۇپ، بىزنى بەشىنچى تاج بىلەن تارتۇق-
لىدى. جېنىنىس رېكورتى، بۇ ئالەمشۇمۇل نەتى-
جە! ئادىلجاننىڭ باتۇرلۇقى بەدىلىگە پۈتكۈل
جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ دۇنيا جېنىنىس رېكورتى
قامۇسىغا كىرەلمەسلىك تارىخىغا خاتىمە بېرىل-
دى. ئادىلجان بىز ئۇيغۇرلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى
پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قەھرىمانى، ئۇ
جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ غۇرۇرى — ئىپتىخارى!»

ئادىلجان روھىنىڭ قىممەتلىك يېرى، «يا
ئۆلۈم، يا كۆرۈم» دەپ ئوتتۇرىغا چىقالىغانلىقىدا
ئىدى. بىز سەنشىيا بوغۇزىدىن قايتىپ كەلگەندىن
كېيىن خەلقىمىزنىڭ تەنتەنىسىنى كۆرۈپ ھەس-
سىلەپ ھاياجانغا چۆمۈلدۇق. بۇرۇن ئالدىغا يار-
دەم سوراپ بارغان چېغىمىزدا، بىزنى قۇرۇق
قول يولغا سېلىۋەتكەن پۇل مۇئامىلە ساھەسىدىكى
ئابرويلۇق ئەربابلارنىڭ بىرسى بىزگە شۇنداق دې-
دى: «مەن داغدا قالدىم. ئالدىڭلاردا كەچۈرگۈ-
سىز جىنايەت ئۆتكۈزدۈم. ھاياتىمدا بىرەر يېرىم-
نى چىشلەپ ئۈزىۋالسامۇ ئەسلىگە كەلمەيدىغان
ئېغىر پۇشايمان ئىچىدە قالدىم. بۇنداق پۇشايمان
ئادەمگە ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر تۇيۇلىدىكەن. ئەمدىكى
ئۆمرۈمدە خەلققە قەلبىمدىكى داغنى يۇيۇپ چىقى-
رىۋېتەلىگۈدەك ۋەزنى بار بىرەر چوڭ ئىش قى-
لىپ بېرەلمىسەم، ئۆلسەممۇ ئارمان بىلەن ئۆ-
لۈپ كېتىمەن. . . »

شىنجاڭ سىرك ئۆمىكى قۇرۇلۇش شىركىتى
ئەمەس، لېكىن بىز كۆز يەتكۈسىز ئېگىزلىكتە
بىر بىنا سالدۇق. بۇ بىنانى ھەرقانداق كۈچ
ئورنىدىن قوزغىيالمايدۇ. تارىخنىڭ ھەرقانداق
بوران - چاپقۇنى بۇ بىنانى ئۆرۈۋېتەلمەيدۇ. بىز
ئۆچمەس بىر ئابىدە تىكلىدۇق. بۇ ئابىدە مىڭلى-
غان - مىليونلىغان تارىخقا ھۆسن قوشۇپ بارالاي-
دۇ. بىز تارىخ تەتقىقات ئورنىمۇ ئەمەس، لېكىن
بىز بىر مىللەتنىڭ تارىخىنى يېڭىۋاشتىن يېزىپ
چىقتۇق. ئەۋلادلار بىزنى ئۇنتۇمايدۇ. بىزدىن
پەخىرلىنىدۇ، بىزگە ئاپىرىن ئوقۇيدۇ.

بىز ياراتىدىغان مۆجىزىلەر تېخى تۈگەپ
كەتكىنى يوق. ئەمدى نۆۋەت قىزلىرىمىزغا كەل-
دى! دۇنيا ئۇلارنىمۇ كۆرۈپ قويسۇن!

www.uyghurkitap.com

# سەھرايى قىيامەتتىكى يېڭى ھېكايە

(ھېكايە)

ئەنۋەر مۇھەممەد



مۇرات سۆيگۈنى گۈلنىسانىڭ ياتىقى ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى بىرنەچچە قېتىم قاقا - قاقمايلا سەنتۈرۈلگىنىچە يەرگە يىقىلدى، خېلىدىن كېيىن گۈلنىسا ياتىقىدىن چىقىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا زورۇقۇۋاتقان مۇراتنى كۆردى - دە، ئۇنى يۆلەپ ئاران دېگەندە مۇراتنىڭ ياتىقى ئالدىغا كەلدى. ئاندىن مۇراتنىڭ يېنىدىكى ئاچقۇچنى ئېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنى كارىۋىتىغا ياتقۇزدى. گۈلنىسا غەرق مەست ئۇخلاۋاتقان مۇراتقا قاراپ غېرىبسىندى، ئۈمىدسىزلەندى. ئۇنىڭ مۇراتقا بولغان ھېسداشلىقى بارا - بارا سۇسلاۋاتاتتى. ئۇلار ئالىي مەكتەپتە مۇھەببەتلەشكەنىدى. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مۇرات سۆيگۈنى گۈلنىساغا ئەگىشىپ خىلۋەت سەھراغا — ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى گۈزەل جايغا خىزمەت ئىزدەپ كەلدى ھەم مۇشۇ يېزىنىڭ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئورۇنلاشتى. گۈلنىسا بۇنىڭدىن چەكسىز شادلانغان، قەلبى ئارزۇ - ئۈمىدلەرگە تولغانىدى. ئەمما مۇرات بۇ يەرگە كېلە - كەلمەيلا ئۆرۈمچىدىكى جەننىتىدىن بۇ يەردىكى جەھەننەمگە پالانغاندەك جىمىپ كەتتى، ھەر ئاخشىمى يېزا بازىرىغا بېرىپ بىر - ئىككى سەر قېقىۋېلىپ گۈلنىسانى ئانچە ئىزدىمەيدىغان، خىزمەتكىمۇ كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بولۇۋالدى. بۇ ئىش گۈلنىساغا ئەلەم قىلدى. ئۇ مۇراتنىڭ قورسىقىدىكى «جىن»نى بىلەلمەي بۇرۇقتۇرما بولۇۋاتاتتى. گۈلنىسا ياتاق ئىچىگە بىردەم ئالاڭلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن مۇراتنىڭ يېزىق ئۈستىلىنىڭ تارتمىلىرىنى ئېھتىيات بىلەن ئاختۇرۇپ بىر قىزىل تاشلىق خاتىرىنى تاپتى، ئۇ مۇشۇ ئالتە كۈن مابەينىدە يېزىلغان كۈندىلىك خاتىرە ئىدى. گۈلنىسا مەلەق ئۇيقۇدا ياتقان مۇراتقا ئەلەم بىلەن قاراپ قويۇپ خاتىرىنى ئوقۇشقا باشلىدى.

چاشقان يىلى 1 - سېنتەبىر، دۈشەنبە

بىز ئولتۇرغان تراكتور پەرياد ئۇرۇپ، كەينىدىن توپا قالدۇرۇپ يورۇپ كېتىۋاتىدۇ. «بالا يىغىش» دېگەنمۇ گەپمۇ؟! بۈگۈن سادىق مۇدىرنىڭ ئالدىدا قولدەك باش ئەگدىم. مۇھىمى، سەھرانىڭ چەت ياقىلىرىنى، بالىلىرىنى ئوقۇتمايۋاتقان ئاشۇ نادان خەقلەرنى بىر كۆرگۈم كەلدى.

قاسماق شوپۇر تراكتورنى قوپال ھەيدەپ سەككىزىنچى كەنتكە كەلدى. كەنت شۇجىسىنى ئىزدەپ كەلدۇق. «قارا تىزىملىك»كە چۈشكەن بالىلارنىڭ ئۆيىنى نىشانلاپ ماڭدۇق. بىز تۇنجى قېتىم كىرگەن ئۆينىڭ ئىگىسى «بالام كالا باقىدىلى كەتكەن» دەپ تۇرۇۋالدى. شۇجىغا ئىلتىجا بىلەن تىكىلدۇق، ئۇ دەرھال بۇيرۇق سوقتى:

— بالىڭىز ئەتىلا ئوتتۇرا مەكتەپكە چۈشسۇن، بولمىسا قوناق تېرىغان ئۈچ مو يېرىڭىزنى كەنتكە ئۆتكۈزۈۋالىمىز!

ئۆي ئىگىسى خاپان بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ قالدى.

ئىككىنچى ئۆيگە كىردۇق. ئاۋاق، ئورۇق بىر مەزلۇم قازان بېشىنى چۆرگىلەپ يۈرەتتى. ئۇ بىزنى كۆرۈپ تېخىمۇ پايىپېتەك بولۇپ كەتتى.

— قىزىڭىز قېنى، مۇئەللىملىرى بىلەن كۆرۈشۈۋالسۇن، — دېدى شۇجى.

ئاڭغىچە بىر ئەينىكى يوق كۆزەينەك تاقىۋالغان شاپاق دوپپىلىق بىر ئادەم يەكچەشمىدەك قورقۇنچلۇق تۇستە ئالدىمىزدا پەيدا بولدى:

— شۇجى، ماڭا قارىسىلا، ماۋۇ كۆزۈم ئوپېراتسىيىگە چۈشۈپ ئاران مۇشۇنچىلىك بولدى، قىزىمنى ئوقۇتسام ئەر - خوتۇن ئىككىمىز تىلەم-

چىلىك قىلىشاق بولىدۇ، كومپارتىيىنىڭ زامانىدا ماڭا بىر كەڭچىلىك قىلىسىلا!

— تۇزۇك گەپ قىلىڭلا سايىماخۇن، سىلى تېخى تىلەمچىلىك قىلغۇدەك هالغا چۈشۈپ قالدىڭلىما؟! مەھەللىنىڭ بېغىنى ھۆددىگە ئالدىڭلا، توقايدا بىرمۇنچە بىنەم يېرىڭلا بار. قالغان بالىلىرىڭلىمۇ ئىشقا ياراپ قالدى. كۆزۈڭلىنى ئاچمەن دېسەڭلا قىزىڭلىنى ئوقۇتۇڭلا، ئۇنى چوڭ دوختۇر قىلىپ چىقىڭلا!

— ئۇنىڭ دوختۇر بولغۇسى يوق، سەنئەتچى بولغۇسى بار، بۇنداق قىز بالىنى ئوقۇتۇشتىن خۇدايىم ساقلىسۇن. ئۇنى مەكتەپكە بەرگەندىن كېيىنلا باش ئاغرىقى پەيدا بولىدۇ.

— شۇنداقتىمۇ، قىزىڭلىنى ئوقۇتمىساڭلا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە بەلگىلىمە بار، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىدىغان بولساڭلا ئېغىر چارە كۆرۈلىدۇ!

— قېنى شۇ بەلگىلىمە، مەن بىر كۆرۈپ باقاي!

— كۆزۈڭلا ئوبدان كۆرمىگەندىكىن جىم ئولتۇرۇڭلا، بەك كۆرگۈڭلا بولسا ھېلى ئىشخانامغا ئاپىرىپ ئوبدان كۆرسىتىپ قويىمەن!

— مەن شۇنى كۆرمىگۈچە قىزىمنى مەكتەپكە بەرمەيمەن! — سايىماخۇن يەرگە زوڭزىيىپ، تەتۈر قاراپ تۇرۇۋالدى.

— بۇ نادان خەققە ياخشى گەپمۇ، بېسىممۇ ئىشلىمەيدىكەن، — دېۋىدىم جىلە بولۇپ، ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ سەت كاركىردى:

— ئۆزۈڭچۇ ھېي، جۇسەينى بۇغداي دەيدىغان سېسىق زىيالىي گۆي! ھېچنېمىنى ئۇقماي تۇرۇپ تولا كاسىلدىما! يوغان بىر كۆزەينەك تاقىۋېلىپ گىدىيىشلىرىنى تېخى، كۆزۈم ساق بولىدىغان بولسا ئۇنداق بىرنېمىنى ئېشەك ئېغىلىغا چۆرۈۋېتەتتىم! . . .

مېنىڭ غۇززىدە ئاچچىقىم تۇتتى، بىرنېمە دەي دېگۈچە شۇجى ئاچچىقلىنىپ ۋارقىراپ كەتتى:

— قىزىڭغا ئىلىم بەرگەن ئادەمنى كۆزگە ئىلمايدىغان قانداق نېمە سەنھوي، قىزىڭنى ئوقۇتۇپ قويىلى دەۋاتسا ئوقۇتمايمەن دەيسەن، ئۇنى مەكتەپكە بەرمەي ئەرگە بېرەمتىڭ!؟

— قىزىمغا ھۆكۈمەت ئەمەس، ئېرى ئىگە بولىدۇ.

بۇ گەپتىن ئۇنىڭ نەقەدەر قالاق، تەرسا، تەتۈر ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى، شۇجى كۈلۈشنى، يا يىغلاشنى بىلمەي قالدى ۋە ياندۇرۇپ سورىدى:

— ھۆكۈمەت سېنىڭ ئىگەڭ ئەمەسما؟!

— سەن مېنىڭ ئىگەممىتىڭ؟! — سايىماخۇن ئۇنى سەنلەشكە چۈشتى، ئۇنىڭ خۇنۇك كۆزىدىن جاندىن تويۇش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

شۇجى غەزەپتىن تىترەپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى:

— ماڭە، ئىككىمىز ئىگىمىزنى تاپايلى!

— نەگە ماڭىمەن؟!

— گۇڭشېغا، لى شۇجىنىڭ قېشىغا! . . .

— بارالمايمەن، قوناقلىقتا سۇ ئېچىپ قويىدىغان، — دېدى ئۇ ئۆڭۈپ. مەن شۇجىغا:

— قىزىنى ئوقۇتمىسا مەيلى، چارە كۆرىدىغان ئىش بولسا ئۆزلىرى بىلىپ بىرنېمە قىلىسىلا، — دېۋىدىم ئۇ ماڭا قولىنى جۆڭۈپ:

— ھۆكۈمەت ئەسلىدە سەندەك ناتېپى گۆيغا چارە كۆرسە بولىدۇ، — دەپ ھۆركىرىدى.

سايىماخۇننىڭ زەردىسى قايناپلا تۇراتتى، ھەدېسە پەيلىنى بۇزاتتى. ئەگەر يېنىمدا شۇجى بولمىغان بولسا ئۇ بىزنى بالىڭىزنى ئوقۇشقا بېرىڭ دېگەنگە تويغۇزۇپ، ھويلىسىغا ئىككىنچى قەدەم باسماس قىلىۋېتەركەن.

شۇجىمۇ غورۇرى ناھايىتى كۈچلۈك ئادەمكەن، بىز بولدى قىلىسىلا دېگەنگە ئۇنىماي سايىماخۇننى ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىگە مىندۈرۈپ يېزا بازىرىغا يۈرۈپ كەتتى. مەن، ئەركىن ۋە شوپۇر ئۈچىمىز شۇجى بولمىسا بالا يىغالمايدىغانلىقىمىزغا كۆزىمىز يېتىپ، شۇجىنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ باردۇق ۋە ئۇنىڭ ۋېلىسىپىتىنى تراكتورغا بېسىپ، بەشىمىز تەڭلا يولغا چىقتۇق. شۇجى يول بويى قاپىقىنى تۈرۈپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. سايىماخۇن بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن غەلىبە قىلغاندەك كۆزۈپنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ ھېچقايسىمىزغا قارىماي غىڭشىپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى.

— ئېشەك ئۆلسە بىرنېمىسى غېجەك تارتىپتۇ دېگەن شۇ - دە! — دېدىم يېنىمدىكى ئەركىنگە پىچىرلاپ، ئۇمۇ ئاچچىق يۇتۇپ ئولتۇرغانىدى.

— نېمە كۇسۇلدىشىسەن ھېي سېسىق گۆيلار، گەپ بولسا ئوچۇق قىلىش، — دېدى سايىماخۇن كەينىگە ئۆرۈلۈپ، — كۆزۈم مۇنداق بولغان بىلەن قۇلىقىم خېلى ساق جۇمۇ؟!

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قېلىشىنى ئويلىمىغانىدىم، يۈرىكىم توساتتىن تىترەپ كەتتى، تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ سەل روھلاندىم، ئىچىمدە ئاچچىق گەپلەر قۇرتتەك مىغىلدايتتى.

— ناخشاڭنى ئوقۇۋەر ئاكا، بىز ئېتىزلىقتىكى ئاۋۇ ئېشەكلەرنىڭ پارىڭىنى قىلىۋاتىمىز، — دېدى ئەركىن ماڭا بولۇشۇپ. مەن خېلى يەڭگىللەپ

قالدىم.

— ئىككىڭغۇ ماڭا كۆرمىگەن مىدە تەخىيدەك بىرنېمىلەر، ئەركەكلىكى يوق زەيپانىلەر. . .

— بولدى قىلايلى ئەركىن، — دېدىم مەن، — بۇ خەق بىلەن تەڭ بولمايلى!

— ۋاي سېسىق گۈيلارەي، ئەپەندى بولغىنىڭغا چېچاي، شۇڭىمۇ قىزىمنى سەندەكلەرگە ئوقۇتقىلى بەرمەيمەن!

— ئوقۇتمىساڭ ئوقۇتما، — دېدىم مەن بىردىنلا غەزەپلىنىپ، — قىزىڭنى پادىلىرىڭغا قېتىۋەت! ئەلچى كەلسە تويلۇققا سېتىۋەت!

— بولدى ئۇكا، ئۆپكىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، — دېدى شۇجى كۆزۈمگە ھېسداشلىق بىلەن تىكىلىپ.

— قىزىنى بىر كىم بىرنېمە قىلىدىغاندەك گەپ قىلىدۇ - يا، ما ئوغرى! . . .

ئاچچىقتىن پارتلاپ كەتتىم. سايىماخۇننىڭ غورۇر پىلتىسىگە ئوت يېقىلدى بولغاي، ئۇمۇ گراناتتەك ئېتىلىپ ئالدىمغا تاشلاندى.

— قايسىمىز ئوغرى ھېي گويى، ئاپاڭنى ئوغرىلاپتىمەنمۇ، ئاچاڭنىمۇ! ؟ سەن پوق چالمىسى تېخى پوقۇڭنى چاچراتقۇدەك بولدۇڭما؟ ! ۋۇي ئاناڭنى، سەندەك قولڭ سويىمىنى تراكتوردىن چۈرۈۋېتىمەن! . . .

ئۇ ئالدىمغا دېۋەيلەپ ماڭا مۇشت ئاتقۇچە شۇجى بىر ياقتىن، ئەركىن بىر ياقتىن ئۇنىڭ كېلەڭسىز گەۋدىسىنى توسۇپ، ماڭا يېقىن يولاتمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ماڭا غالجىر ئىتتەك ئېتىلاتتى.

تراكتور يېزا بازىرىغا كىرگەندە شۇجى ۋەلىسىپىتىنى چۈشۈرۈپ، سايىماخۇننى ئەگەشتۈرۈپ، يېزىلىق ھۆكۈمەتكە كىرىپ كەتتى. قالغان ئۈچىمىز بىر ئاشخانىغا كىرىپ تاماق بۇيرۇتۇپ قويۇپ، چاي ئىچىپ ئولتۇردۇق. بىردەمدىن كېيىن شۇجى سالپىيىپ قالغان سايىماخۇننى كەينىگە سېلىپ يېنىمىزغا كەلدى.

— لى شۇجى نېمە دەيدۇ؟ — دېدى ئەركىن.

— شۇجىمىز بالىسىنى ئوقۇتمايدىغان بۇ قاراتۆرك ئادەمگە مەكتەپ يۈزىنى كۆرسىتىپ قويۇڭلار دەپ يولىيورۇق بەردى، — دېدى شۇجى مەغرۇر ھالدا.

— بۇ ئادەمگە مەكتەپنى كۆرسىتىپ قويامدىكەنمىز؟ — دېدى شوپۇر.

— شۇجىنىڭ دېگەن گېپىدە، سايىماخۇن قىزىنى مەكتەپكە بەرگۈچە مەكتەپتە ئامانەتتە تۇرۇپ تۇرغۇدەك.

— ۋۇي، ماۋۇ گەپنى كۆرۈڭ! — دېدى ئەركىن، مەنمۇ ھەيران قالدىم.

— سىلەر ئۇقمايسىلەر، — دېدى شۇجى، — لى شۇجى بۇنىڭغا قىزىڭىزنىڭ پۈتۈن ئوقۇش خىراجىتىنى مەكتەپ كۆتەرسۇن دېسىمۇ ئۇنىماي قويدى. . .

— ئۇ گەپكە ۋاقتى كەلگەندە پاختەك ئوسۇرىدۇ، — دېدى سايىماخۇن سافرىسىنى قاشلاپ.

— بۇنىڭ مۇشۇنداق بەغەرەزلىكىگە شۇجى سەل قايىناپ قالدى، شۇجى يەنە بالىسىنى ئوقۇتمايدىغان ئەزالارنى بۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپكە يىغىپ تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك؛ مەن ئەتە - ئۆگۈن ئۇلارغا ئايرىم يىغىن ئاچىمەن؛ نېمە گېپى بولسا شۇ يەردە ئاڭلايمەن دېدى ۋە بۇنى سىلەرگە ئۇقتۇرۇپ قويۇشۇمنى تاپىلىدى. سىلەر سايىماخۇننى ئېلىپ كەتكەچ، بۇ بۇيرۇقنى شۇجىڭلارغا، ئىلمىي جۇرنىڭلارغا يەتكۈزۈڭلار، ئۇلار بۇ ئىشنى چىڭ تۇتسۇن!

— ئەستا، ما ئىشنى، قانداق قىلىلا سايىماخۇنكا، گەپ سىلىدە قالدى، — دېدى ئەركىن جىلە بولۇپ.

— ئىگىمىز نېمە دېسە شۇ، — دېدى ئۇ شۇجىغا سىڭايان بېقىپ.

بىز سايىماخۇننى تراكتورغا يەنە سېلىپ مەكتەپكە ماڭدۇق. ئۇ ئەمدى ئېلىشى باردەك چىرايىمغا نەپرەت بىلەن تىكىلىپ، سەت كۆزلىرىنى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق پارقىرىتىپ ئولتۇراتتى. بىز مەكتەپكە كىرىپ سايىماخۇننى سادىق مۇدىر بىلەن كۆرۈشتۈردۇق. مۇدىر بىزنىڭ بىرمۇ بالا يىغىپ كېلەلمەي ئەكسىچە بىر توقۇناق بالانى ئارتىپ كەلگەنلىكىمىزدىن خاپا بولۇپ، ئەركىن ئىككىمىزنى «پەمسىڭلار يوق ئىكەن، داۋىجاڭنى چىڭ تۇتالماپسىلەر» دەپ ئەيىبلەپ كەتتى. سايىماخۇن بىرياقتا بىزنىڭ تاماشىمىزنى كۆرۈپ، موخۇركىسىنى مەغرۇر چېكىپ ئولتۇراتتى. خىزمەتكە چىقا - چىقمايلا بۇ سەھرايى قىيامەتتىكى قاقشال پۇتاقلارغا ئۇسكىلى تۇردۇم، بېشىم ئايلىنىپ كەتتى. شۇ ئاچچىقتا ئوقۇتقۇچى بولغاندىن پادىچى بولغان ياخشىكەن دېگەن ئويغىمۇ كەلدىم. ئىچىم بۇرۇقتۇرما بولۇپ كوچىغا چىقىپ، قاۋاقخانىدا ئۆلپەتسىز ھاراق ئىچتىم، ئەمما كەيپىياتىم يەنىلا تەڭشەلمىدى.

2 - سېنتەبىر، سەيشەنبە

ئەتىگەنلىك چېيىمنى ئىچىۋاتسام سادىق مۇدىر كىرىپ يېڭى ۋەزىپە تاپشۇردى. ئۇنىڭ گېپىچە، بۈگۈن مەكتەپتىكى جىمى ئوقۇتقۇچى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر بالىلىرىنى مەكتەپكە بەرمىگەن ئەزالارنى مەكتەپكە يىغىپ كېلىدىكەن، مەن يەتتىنچى كەنتكە مەسئۇل بولغۇدەكمەن.

بۇ ئىش بىر ھېسابتا ماڭا ئويۇن بولدى،

ۋېلىسىپىتىمنى چاپتۇرۇپ، مەنزىلىمنى ئىزدەپ - سوراپ
يۈرۈپ تاپتىم ۋە كەنت شۇجىسىنى ئارقامغا ئە-
گەشتۈرۈۋېلىپ، بالىسىنى مەكتەپكە بەرمىگەن
ئەزالارنى سۈرۈشتۈرۈپ ماڭدىم. بۇ كەنتتىكى
ئەزالارنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىدىغان بالىلىرى
بارلىرىدىن ئاران بىرسى چىقتى، ئۇنىڭغا ئازراق
تەربىيە ئىشلەپ بېسىم قىلىشۋېدۇق، ئۇ كىشى
بالىسىنى ئوقۇتىدىغان بولدى.

مەكتەپكە كەلسەم چىرايى بۇلۇتتەك تۇتۇلغان
ئەزالار ئۇياق - بۇياققا ھاڭۋېقىپ، دوقۇراپ يۈ-
رۈپتۇ. بىردەمدىن كېيىن سادىق مۇدىر ئۇلارنى
بىر يەرگە يىغىپ، مەكتەپ چوڭ زالىغا باشلاپ
ماڭدى. مەنمۇ باشقا ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىرلىكتە
ئۇلارنى نازارەت قىلىپ زالغا كىردىم ۋە ئىلمىي
مۇدىرنىڭ بەلگىلىشىگە ئاساسەن ئارقا ئىشىكتە
پوستتا تۇردۇم. زال ئادەمگە لىق تولغان بولۇپ،
ئۇ يەر - بۇ يەردىن كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان مو-
خوركا ئىسلىرى ئىشىك - دېرىزىلەرنى تۇرخۇن
قىلىپ سىرتقا چىقىپ كېتىۋاتاتتى.

سادىق مۇدىر لى شۇجىنى چاقىرغىلى كەت-
كەندە بىز ياش ئوقۇتقۇچىلار بىر يەرگە يىغىلىپ
ئۆزىمىزنىڭ پارىڭىنى قىلدۇق. مەندىن باشقىلار
چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە سۆزلىمەي ساپلا
ئۇششاق گەپ قىلاتتى، چاقچاقلىرىمۇ قاملاشمايت-
تى.

بىر يېرىم سائەتتەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كې-
يىن سادىق مۇدىر ئۆزى يالغۇز خاپا چىراي كەل-
دى ۋە ئىشخانىسىغا ئۇدۇللا كىرىپ كەتتى. ئەم-
دىلا بىر تال تاماكا چېكەي دەپ تۇراتتىم، ئەر-
كىن كەيپى ئۇچقان ھالدا قېشىمغا كېلىپ مېنى
سادىق مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ ماڭدى.
ئىشخانىغا كىرسەم سادىق مۇدىر ئىككىمىزنى تو-
نۇگۇنكىدىنمۇ بەكرەك ئەيىبلىگىلى تۇردى:

— ھەي ئۇكىلار، سىلەرنى مۇنداق دىتسىز،
بولۇمسىز دەپ ئويلىمىغانىدىم. بالا يىغىڭلار دېسە
بالىسىنى ئەمەس، ئاتىسىنى يىغىپ كېلىپ، ئا-
دەمگە بىرمۇنچە ئىش تېپىپ بەردىڭلار مانا! سى-
لەر بۈگۈن كېلىدۇ دېگەن لى شۇجى ناھىيىگە بىر
ھەپتىلىك يىغىنغا كېتىپتۇ، باشقا باشلىقلارنىڭ
بۇ يىغىندىن خەۋىرى يوق، ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن
ئالدىراش تۇرسا، بۇ يىغىننى ئەمدى قانداق ئاچى-
مىز؟! ئەكىلىشتىغۇ ئۇلارنى «لى شۇجى ئاتا -
ئانىلار يىغىنى ئاچىدىكەن» دەپ ئەكەلدىڭلار،
ئەمدى نېمىدەپ يولغا سالىسىلەر؟! بەزىلىرىنىڭ
ئۆيى يىراق، ئەمدى ئۇلارنى ئىككىڭلار تراكتوردا
توشۇمىسىلەر ياكى ۋېلىسىپىتتىمۇ، بىر ئامال قى-
لىپ ئاپىرىپ قويۇڭلار. بۇ ئىشنى ئىككىڭلارلا
بېجىرىسىلەر، باشقىلارنى ئارىلاشتۇرمايسىلەر!

بېشىمىز قاتتى. بىز ئىشخانىدىن ئارتۇقچە
گەپ - سۆز قىلمايلا يېنىپ چىقتۇق - دە، زالغا
كىرىشكە جۈرئەت قىلالماي، ئەتراپنى بىر ھازا
ئايلىنىۋەتكەندىن كېيىن توختاپ بىر - بىرىمىزگە
قاراپ كۈلۈشتۇق، روھلاندۇق. ئەركىن: «بول-
دى، بۇلارغا دەيدىغان گەپنى ئۆزۈم قىلاي» دې-
دى. ئىككىمىز زالغا كىردۇق. ئەركىن سەھنى-
گە چىقتى، مەن مىكرافون ئاپپاراتىنى تەڭشىگەن
بولۇپ ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ بەردىم. ئۇ كۆپچى-
لىككە قاراپ:

— ھۆرمەتلىك دېھقان ئاكا، ھەدىلەر! لى
شۇجى تېخى بايىلا جىددىي ئۇقتۇرۇشقا ئاساسەن
ناھىيىگە يىغىنغا كېتىپ قاپتۇ. باشقا باشلىقلارنى
تەكلىپ قىلايلى دېسەك ئۇلارنىڭمۇ ئىشى جىق
ئىكەن. مەكتەپ مۇدىرىمىز لى شۇجىنى چاقىر-
غىلى ناھىيىگە كەتتى. قانداق، ئۇلارنى ساقلام-
سىلەر ياكى. . .

پەستىكىلەر تەۋرەپ كەتتى، ئۇلار بۇ ئىش-
تىن غۇدۇرىشىپ زالدىن سىرتقا ماڭغاندا ئەركىن
سەھنىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن قويۇندەك پىرقىراپ
چىقىپ كەتتى - دە، ئۇدۇللا سادىق مۇدىرنىڭ
ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى ۋە يەنە تېزلىكتە قاي-
تىپ چىقىپ، جىددىيلەشكەن ھالدا ھەممە ئىش-
خانىلارنى ئاختۇرۇپ چىقتى. مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن
تەڭ ئالدىراپ، سادىق مۇدىرنى ئىزدەپ ماڭدىم.

— سادىقكام بۇ خەققە چېلىقىپ يۈرمىسىلا
بولاتتىغۇ،— دەيتتى ئەركىن پاراكەندە بولۇپ.
دەل شۇ پەيتتە مۇدىر مەكتەپ دەرۋازىسىغا چىقى-
دىغان چوڭ يولنىڭ بويىدىكى ھاجەتخانىدىن چى-
قىپ بىخارامان كېلىۋاتاتتى، زالدىن چىققان
خەقلەر ئۇدۇللا بېرىپ ئۇنى قورشىۋېلىپ بىرنې-
مىلەرنى دېگىلى تۇردى. ئەركىن ئىككىمىز بۇ
كېلىشمەسلىكنى كۆرۈپ «ئەمدى تۇگەپتۇق» دەپ
يۈتىمىزغا شاپىلاقلىدۇق، كۈلكىمىز كەلسىمۇ
كۈلەلمەي، يا يىغلىشىمىزنى بىلەلمەي، چىمىل-
داۋاتقان يۈزىمىزنى، چەكچەيگەن كۆزىمىزنى نې-
رى ئەپقاچتۇق. مەن ياتىقىمغا غىپپىدە تىكىۋەت-
تىم، ئەركىنمۇ شۇنداق قىلدى. بىراق قېچىپ
نەگە بارالايتتۇق، سادىق مۇدىر ئۆزىنى قويۇپ
بەرمىگەن بۇ ئۆكتەم خەقلەرنى باشلاپ ياتىقىمغا
كەلدى، نېمە بولسام بولاي دەپ ئالدىغا چىقتىم.
ھېلىمۇ ياخشى، ئۇلار: «يالغان گەپ قىلغان بۇ
ئەمەس» دەپ مېنى ئاقلىدى. سادىق مۇدىر مېنى-
مۇ بىللە ئېلىپ ئەركىننىڭ ياتىقى ئالدىغا كەلدى
ۋە ئۇنى چاقىرىپ چىقىپ قاتتىق تىللىۋەتتى،
ئاچچىقى يامان ئۇرۇشقاقلاردىن بىرنەچچىسى ئەر-
كىننى دۈشكەللەپ، ھەتتا ئۇنى ئۇرۇشقا ئۇرۇن-
دى. مەن چىداپ تۇرالماي، ئەركىن تەرەپتە تۇ-

www.uyghurkitap.com

رۇپ مۇدىرغا يالۋۇردۇم. مۇدىر ئۇلارنى توستى، خەقلەرنىڭ پەيلى سەل بوشاپ قالدى. مۇدىر ئۇلارغا بىرمۇنچە ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، ئەركىن ئىككىمىزنى ئۇلارنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇشقا بۇيرۇدى. بىز تراكتورچىمىزغا يالۋۇرۇپ، تاپان ھەققى بېرىدىغان بولۇپ بۇ ئۇششۇقلارنى ئۆيى يىراقلىق تەرتىپى بويىچە بۆلۈپ، كەچكىچە ئاران ئۇزاتتۇق. ئۆيى يېقىن ئەتراپتا بولسىمۇ كېتەلمەيمەن دەپ ئۇششۇقلۇق قىلىپ تۇرۇۋالغان بىرەيلەننى ئەركىن ۋېلىسىپىتىگە مىندۈرۈپ ئەكەتتى.

مەن گۈلنىسانىڭ ياتىقىغا كىرىپ، بۈگۈن بولغان ئىشلارنى ئېيتىپ ئىچىمنى بوشىتىۋالاي دەپ ماڭسام، نەدىندۇر سادىق مۇدىر پەيدا بولۇپ مېنى چاقىردى.

— ھوي ئۇكا ماڭا قاراڭ، تۈنۈگۈنكى ھېلىقى ئادەمنى بۈگۈنكى يىغىنغا نۇقتىلىق قاتناشتۇرىمىز دېگەن مەقسەتتە ئۆيىگە قايتۇرماي، مەكتەپنىڭ ئىسكىلاتىغا ئەكىرىپ قويغانىدۇق. تېخىچە شۇ يەردىمىكىن، قاراپ بېقىڭە! ئۇ ئادەم ئەمدى بىرنېمە بولۇپ بىزگە ئېسىلىۋالمىغىيدى، ئۇنىڭغا سىز مەسئۇل بولۇپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇڭ!

ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، مۇدىر ئۇنى ئىسكىلاتتىن چىقىرىشنى نېمىشقا ئۇنتۇپ قالغاندۇ؟! ئاخشام ئۇ قانداق ئۇخلىدى، قورسىقىغا بىرنېمە يېدىمۇ - يېمىدىمۇ؟! كىبەل تارتىپ ئۆلۈكنى ئارتىپ يېتىپ قالدىمۇ - يا! مەن سادىق مۇدىردىن ئىسكىلاتنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا بىزارلىق بىلەن قاراپ قويۇپ ئېغىر قەدەملىرىم بىلەن ئۇ كونا ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدىم - دە، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ماڭا زەھەرخەندىلىك بىلەن تىكىلىپ تۇرغان «يەكچەشمە» نى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىم.

— ئىشىكنى نېمىشقا ئېتىپ قويۇشتۇڭ ئىتنىڭ باللىرى! قايسى پوشتۇڭنى بىرنېمە قىلغان گۇناھىمغا مېنى سولاپ قويۇشىسەن!

— مېنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرىم يوق، — دېدىم مەن.

— ئىشىكنى چاققان ئاچ، ئىتنىڭ بالىسى. ئىتمۇ كۈندە بىرنېمە تېپىپ يەيدۇ، ئاچ قالسامۇ كارى يوقا ماۋۇ كىسپۇرۇشلارنىڭ!

ئىشىكنى ئاچتىم، ئىسكىلاتتىكى بىر كونا كارىۋاتتا ئەسكى يوتقان - كۆرپىلەر پومىلاپ قويۇلغانىدى، بۇلۇڭدىكى بۇزۇق پارتا - ئورۇندۇقلارنىڭ يېنىدىكى رەسۋاچىلىقتا قارىغىلى بولمايتتى، ئۇ مېنى، مۇدىرنى، مەكتەپنى تىللاۋەردى. مەن ئۆزۈمنى بېسىپ ئۇنى كوچىغا ئېلىپ چىقىپ، تويغۇدەك تاماق ئېلىپ بەردىم. لېكىن بۇ قىلغانلىرىمنى مەكتەپنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قىلمىۋاتىدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ پۇلىنى خەجلەۋاتىدۇ دەپ ئويلىدى بولغاي، دىلى قىلچە يۇمشىمىدى. مەن ئۇنى ۋېلىسىپىتكە مىندۈرۈپ ئۇنىڭ مەھەللىسىگە قاراپ ماڭدىم.

— يىغىننى ئېچىشتىڭمۇ قېنى؟— دېدى ئۇ گويا يىغىننىڭ مەغلۇپ بولىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىدىغاندەك.

— ئاچتۇق، باشقا ئەزالارنىڭ ھەممىسى بالىلىرىنى ئوقۇتىدىغان بولدى، بىراق ساڭا قىيىنچىلىقى بار ئىكەن دەپ ئېتىبار قىلدى.

— ئېتىبار قىلىشمىساڭ مەندىن قۇتۇلالمايتتىڭ!

— ئۆتۈپ كەتكەن توخۇ پوقى نېمىكەنسەن!

— ما گېپىڭنى ئىككىنچى قىلما غىتمەك زىيالىي، مەن سەن بىلەن يامان ئېتىشىپ قالدىمەن! تۈنۈگۈن تراكتوردا ئەپسىز بولۇپ قالدى، مەيەردە مەيدان كەڭرى. . .

بۇ گەپتىن ئىچىمدىكى ۋەھىمە ئىختىيارسىز ئۆلغىيىپ كەتتى. باشقىلارنىڭ گەپلىرىنى بەك ئىنچىكە ۋە چوڭقۇر ئويلاپ كېتىدىغان ھەم ئۇنى ئوڭايلا راستقا ئايلاندۇرۇۋالىدىغان بۇ مىجەزىمنى زادىلا ئۆزگەرتەلمىدىم. يۈرىكىم سىقىلىپ، ۋېلىسىپىت پېدالىنى تېپىۋاتقان پۇتۇم بارا - بارا بوشىشىپ كەتتى.

— مەن ھېرىپ قالدىم، سەن بىردەم ھەيدە، — دېدىم مەن. ئۇنىڭ ئاشۇ ئەسكىلىكلىرىنى ئويلاپ ئۆلۈك ئېشەكنى سۆرىگەندەك ھارسىنىپ كەتتىم. ئۇ: «مېنى بىر كېچە - كۈندۈز ئاچ قويۇپ يەنە مېنى سۆرە دەمسەن، مېنى ئۆيۈمگە ساق ئاپارمىساڭ مەندىن قۇتۇلالمايسەن» دەپ ئۆلۈكىنى تېخىمۇ ئارتتى، قاراڭغۇ چۈشكۈچە مەكتەپكە بېرىۋېلىشنى ئويلاپ ئالدىراپ كېتىۋاتاتتىم. لېكىن ئۇ قىرىشقاندەك: «ۋېلىسىپىتىڭنى توختىتىپ تۇر، تەرەت سۇندۇرۇۋالاي» دەپ كۆزىنىڭ قويرۇقىدا ماڭا قارىغاچ، يول ياقىسىدا چوڭ تەرەتكە ئولتۇردى. مەن ئەمدى چىداپ تۇرالمىدىم، ۋېلىسىپىتىمنى كەينىگە قايتۇرۇپ، ئىگەرگە چاققانلىق بىلەن ئولتۇرۇپ، پېدالنى كۈچەپ تەپتىم. ئۇ ئىشتىنىنى قولتۇقلاپ كەينىمدىن رەسۋالارچە يۈگۈردى. مەن ۋېلىسىپىتنى تېخىمۇ كۈچەپ تېز ھەيدىدىم. ئۇ مېنى چىشقۇدەك ۋارقىراپ تىللاپ قالدى.

كەچتە بۈگۈنكى ئىشلارنى گۈلنىساغا ئېيتماقچى بولدۇم، بىراق بۇنىڭلىق بىلەن ئىچ - قارنىمنىڭ بوشاشمايدىغانلىقىنى، يەنىلا ھاراق ئىچىشنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ئەركىن-

ىنىڭ ياتىقىغا كىردىم. ئۇنى بازارغا بىللە چىقايلى
دېسەم ئۇنىمىدى، قارىغاندا ماڭا ئاچچىقى باردەك
قىلاتتى. قاۋاقخانىغا ئاخىرى يەنە ئۆزۈم باردىم،
تازا چىلاشقۇدەك ئىچتىم، كۆڭلۈمدىكى گەپلىرىم
نەگىدۇر يوقالدى.

3 - سېنتەبىر، چارشەنبە

بۈگۈن سادىق مۇدىر مېنى بالا يىغىشقا چىد-
قارتماي، 7 - سىنىپقا ئەدەبىيات دەرسى بېرىشكە
بۇيرۇدى، ناھايىتى خۇشال بولدۇم. سەھەرادا بالا
ئوقۇتماق تەس دەپ ئويلايتتىم، ئەمەلىيەتتە گەپ
مۇئەللىمدىكەن، مۇئەللىمنىڭ تورقى بىلەن چىد-
راي ئىپادىسى ياخشى بولسىلا ئوقۇغۇچى دېگەننى
مەرىپەت يالقۇنى بىلەن شامدەك ئېرىتىۋەتكىلى
بولىدىكەن، ئېغىزىمغا قاراپ ئولتۇرغان ئوتتۇز
نەچچە ئوقۇغۇچى ئالدىدا ئۆزۈمنى ئاجايىپ قابى-
لىيەتلىك ھەم سالاپەتلىك ھېس قىلدىم.

دەرس ئۆتۈشتىن بۇرۇن ئۆزۈمنى، ئوقۇغان
مەكتىپىمنى، ئۇرۇمچىنى چۈشەندۈردۈم. ئېغى-
زىمدىن كۆپۈك قاينىتىپ بىر سائەت شۇنداق
كاپىلدىسام مۇ دەيدىغانلىرىم تۈگىمىدى. كېيىنكى
سائەتلىك دەرستە جۇغراپىيە ئۆتىدىغان مۇئەللىم
ئاغرىپ قالغاچقا ئۇنىڭ ۋاقتىنى مەن ئالدىم. تە-
نەپپۇس ۋاقتىدا بايىقى گەپلىرىمنى خېلى چوڭقۇر
چۈشەنگەن، يېڭى بىلىم ۋە ئۇچۇرغا تەشنا ئوقۇ-
غۇچىلاردىن بىرقانچىسى ئەتراپىمنى ئوراپ ئۇنى - بۇنى
سورىغىلى تۇردى. مەن بىلگەنلىرىمنى ئۇلارغا
ئايىماي دەپ بەردىم. قىزلار ئوغۇللاردەك جۇر-
ئەتلىك سوئال سورىيالمىسىمۇ، جاۋاب سۆزلى-
رىمنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايتتى. مەن ئۇلار بى-
لەن كارىدوردا شۇنداق قىزغىن سۆھبەتلىشىۋا-
تاتتىم، ئەمما بىر ئىش كەيپىمنى ئۇچۇرۇۋەتتى.
بايا دەرسخانىدا ماڭا ناھايىتى قالاق، قىتىغۇر
كۆرۈنگەن بىر ئوقۇغۇچى دەرسىمنى دىققەت بى-
لەن ئاڭلىغان چىرايلىق بىر قىز ساۋاقدىشىنى
سىنىپتىن قوغلىغىنىچە كارىدورغا ئېلىپ چىق-
تى. قىز مېنى كۆرۈپ خىجىل بولۇپ سىنىپقا
كىرىپ كەتكەنىدى، ئۇ قىزغا رودىپايدەك ئەگى-
شىپ، سىنىپتىلا قوغلاپ سورگىلى تۇردى، ئې-
غىزىدىن كىشىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان لاۋزا
گەپلەر چىقاتتى. مەن سۆزۈمنى توختىتىپ ئۇلار-
غا نەپرەت ئىچىدە كۆز سالدىم. بۇ ياشتىكى ئو-
غۇللارنىڭ قىزلارغا ئىنتىلىشى نورمال فىزىئولو-
گىيىلىك ھادىسە بولسىمۇ، بىراق بۇ مەدەنىيەت،
ئەخلاق بۆشۈكىدە ئۇنىڭ يەنىلا ياۋايىلارچە، ئەر-
كىن ئەللەيلىنىشىگە يول قويغىلى بولمايتتى. بۇ
بۆشۈككە قاراۋاتقان ئادەم ئەمدى مەن بولغاندى-
كىن، ئۇنى چۆچۈتۈپ قويۇشۇم زۆرۈر ئىدى.

مېنىڭ ئۇ شۇمتەككە ئەسەبىي مەسخىرە، ئىچىد-
نىش ۋە غەزەپ بىلەن قاراپ قالغانلىقىمنى باشقا
باللار كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ھېلىقىدەك قىتىغۇر
قىلىقلىرىنى يىغىشتۇرۇۋالدى، ئەمما ئۇ شۇمتەك
مېنى قىلچە نەزەرىگە ئالماي بىر سەبىي قىزغا
كاناندەك يېپىشىپ، ئۇنى زادىلا قويۇپ بەرمەيۋا-
تاتتى. قىز مېنى كۆرۈپ ئۇنى قاتتىق سىلكىپ
تاشلاپ، جايىغا بېرىۋالدى ۋە جوزىغا بېشىنى قو-
يۇپ يىغلاشقا باشلىدى. بۇ يىغا مەيلى راست ياكى
يالغان بولسۇن، ئۇ قىزنىڭ مېنى چوڭ بىلىدىغان-
لىقىنى ئىپادىلەپ بېرەتتى، مەنمۇ ئەمدى شۇ
چوڭلۇقۇم ۋە ئىززەت كۆچىگە يارىشا ئىش قىلمى-
سام بولمايتتى. دەرس ۋاقتى توشقان ھامان مەن
ئۇ شۇمتەكنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ سورىدىم:

— ئىسمىڭ نېمە؟

— ئابلىمىت، — دېدى ئۇ كۆرەڭلىك بى-
لەن. ئۇنىڭ ھاماقەتلىكى، تەكەببۇرلۇقى سايىما-
خۇنغا بەكلا ئوخشايتتى. مەن كىچىك سايىماخۇن-
نى كۆرگەندەك بولدۇم.

— ئوقۇغۇچىمۇ سەن نېمە؟!

— ئوقۇغۇچى بولماي نېمىكەنمەن!؟

— ھاياسىز ئېشەككەنسەن.

— باشقىلىرى قىلسا گەپ يوق مېنىلا تۇتام-
تىڭ!؟

ئۇنىڭ مېنى سەنلىشىدىن غۇرۇرۇم غولاپ
چۈشكەندەك بولدى، ئۇنى غەزەپ بىلەن بىر تەس-
تەك سېلىپ:

— سېنىلا تۇتىمەن ھۇ ئېشەك! مېنى ئا-
كاڭمىكىن دەپ يەنە ئوينىشىدىغان بولساڭ تايى-
قىڭنى يەيسەن، — دەپ ۋارقىرىدىم.

ئۇ تويۇقسىز تېپىك يېگەن كۈچۈكتەك غىڭ-
شىپ تالاغا قېچىپ ماڭدى، ئىشىك تۈۋىگە بارغان-
دا كەينىگە ئۆرۈلۈپ «قاۋاپ» كەتتى:

— خەپ توختاپتۇر ئوغرى، ئاكامغا دېمەيدى-
غان بولسام، ئاكام ئاناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىپ
قويىدۇ!...

ئۇ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى، كارىدوردا ئۇ-
نىڭ تىل - ئاھانەت ئارىلاش چىقىۋاتقان يىغا -
زارىسىنىڭ ئەكس ساداسى ياڭرايتتى.

مەن دەرس ئۆتۈشكە كىرىشتىم. بىراق كەي-
پىم جايىدا بولمىغاچقا، دەرس مەزمۇنىنى تاشلاپ
قويۇپ يەنە باشقا گەپكە چۈشۈپ كەتتىم. ئوقۇغۇ-
چىلار جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلىدى. دەرستىن
چۈشىدىغان ۋاقىتمۇ بولۇپ قالغانىدى، تۇساتتىن
ئىشىك ئېچىلىپ چىرايى ئوخشىشىپ كېتىدىغان
دوغىلاق ئىككىيلەن سىنىپقا كىرىپلا مېنى مۇن-
بەردىن تارتىپ چۈشۈردى. كۆزەينىكىمنى يانچۇ-
قۇمغا ئىتتىك سېلىۋالدىم. ئىشىك تۈۋىدە ئابلى-

www.uyghurkitap.com

مىت دېگەن شۇم ماڭا ئۆچمەنلىك بىلەن تىكىلىپ، ئاكىلىرىغا مېنى توختىماي تىللاپ بېرىۋاتاتتى. ئاكىلىرى مېنى ئىككى ياندىن قىسماققا ئېلىپ مۇشت - پەشۋالىرىنى ياغدۇرۇۋەتتى. بالىلار سىنىپتا تۇرالماي تالاغا يۈگۈرۈشتى، چۇقان - سۈرەن ئاۋازى سىنىپ ۋە كارىدورنى بىر ئالدى. مەن بۇ تۇيۇقسىز زەربىگە قارشى كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە تىركەشتىم. بىراق ئۇلاردىن بىرسى ئۇشتۇمتۇت كاللا قويۇپ بېشىمنى ئايلاندۇرۇۋەتتى، يەنە بىرسى بۇرنۇمغا بىرنى سېلىپ قانىتىۋەتتى. بۇ توڭگۇزلار بىلەن ھەقىقەتەن كۈچ ئېلىشالمىدىم. بۇرنۇمدىن ئاققان قان كىيىملىرىمنى رەسۋا قىلىۋەتتى. ئاڭغىچە سادىق مۇدىر ۋە باشقا ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرنەچچىسى چاققان كېلىپ ئۇلارنى توسۇۋالدى، يالۋۇرغاندەك بىر گەپلەرنى قىلىپ كەتتى. ماڭا كاللا قويغان بەدبەخ قولىنى كۆزۈمگە تەڭلەپ:

— بۇنىڭدىن كېيىن ھوشۇڭنى يىغىپ يۈر قوڭالتاق! ئۇكىمىزنى تاك ئېتىپ چېكىدىغان بولساڭ دېرىزە كۆزۈڭنى موخو قىلىۋېتىمىز!

مەن ئەتراپىمنى چۆرىدەپ تۇرغان، ماڭا ھەر خىل تەرىزدە قاراۋاتقان ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ، مەكتەپ ئاشخانىسىنىڭ كەينىدىكى ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ يۈز - كۆزۈمنى يۇدۇم. ئەمما شۇنچە ئاۋايلىغان كۆزەينىكىمنىڭ بىر ئەينىكى سۇنۇپ كېتىپتىكەن، ئىچىم ئېچىشىپ كەتتى. ئۇنى تاقاۋېتىپ، ئۆزۈمنى سايىماخۇنغا ئوخشاپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، زەردەم تېخىمۇ ئۆرلەپ كەتتى؛ قورسىقىمغا جىنىدەك سولىنىۋالغان ئۇ «يەكچەشمە» مېنى مەسخىرە قىلىۋاتاتتى. مەن كۆزەينەكنى ئۆستەڭگە چۆرۈۋېتىپ ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغاندەك يېنىكلەپ قالدىم. بىر مەزگىل ئۇنى تاقىماي يۈرۈپ باقاي، قېنى قانداق بولىدىكىن دېگەن خىيالدا قەدەملىرىمنى ئاۋايلاپ ئېلىپ ياتاققا كەلدىم. كىيىملىرىمنى داسقا سېلىپ تاشلاپ، كارىۋاتقا يانپاشلىدىم. بىردەمدىن كېيىن گۈلنىسا ئەھۋال سوراپ كىرىپتۇ، ئۇ كىيىملىرىمنى يۇيۇپ بەردى، چۈشلۈك تامىقىمنى ئېتىپ بەردى. ئۇنىڭ بىلەن بىللە تاماق يەۋېتىپ ئاجايىپ سۆيۈنۈپ كەتتىم. بۇ گۈزەل تۇمۇچۇققا ئەگىشىپ مۇشۇ قويىنى كەڭ سەھراغا كېلىپ خاتا قىلمىغانلىقىمغا ئىشەندىم. ئۇمۇ مېنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىشاتتى، ئۇ چۈشتىن كېيىن دەرسىم بار دەپ چىقىپ كەتتى، ئۇ چىقىپ كېتىپ تۇرۇشىغا سادىق مۇدىر كىردى:

— قانداقراق ئۇكا، بەك ئېغىر ئەمەستۇ؟

— ياق، ئۇنچىلا ئەمەس.

— ئۇلار مۇشۇ بازاردا ئاشخانا ئاچىدىغان ئىمىن قاسساپنىڭ بالىلىرى، ھەممىسى مۇتتەھەم گۇيلار، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا چېقىلغىلى بولمايتتى، سىز بۇنى ئۇقمىغاندىكەن... ھوپتۇلا، بىر قېتىملىق تاياق دېگەن... يەنە بىر گەپ ئۇكا، تۈنۈگۈن سىز ھېلىقى ئادەمنى يېرىم يولدا ۋېلىسىپىتتىن يىقىتىۋەتكەنمۇ؟ ئۇ بايا ئىشخانامغا دادلاپ كىرىپتۇ، سىزنى تىزىمنى يارىلاندۇردى، كۆزەينىكىمنى پۈتۈنلەي سۇندۇرۇۋەتتى، تۆلەپ بەرسۇن دەيدۇ، بۇنى ئەمدى قانداق قىلىمىز؟— بۇ گەپنى ئاڭلاپ جۇدۇنۇم تۇتتى:

— ئۇنداق ئۇششۇق ئوغرىنى كۆرەر كۆزۈم يوق! تىزى سۈرۈلسىمۇ، كۆزەينىكى چېقىلسىمۇ كارىم يوق! مانا بۈگۈن ھېلىقى ئىككى نوچى بۇرنۇمنى قاناتتى، كۆزەينىكىمنى سۇندۇرۇۋەتتىغۇ؟! ئۇنى كىم تۆلەيدۇ؟!

— سەۋەنلىك ئۆزىڭىزدىن ئۆتۈپتۇ ئۇكا، ئوقۇغۇچىنى ئۇرۇش ئوقۇتۇش قائىدىسىگە خىلاپ!

مەن يەنە گەپ قىلىشنىڭ ئورۇنسىزلىقىنى بايقاپ، ئىچ - ئىچىمدىن ئاچچىققا بوغۇلۇپ كۆزۈمنى يۇمۇپ ياتتىم.

— قانداق قىلىسىز؟! ئۇ ئادەم سىزنى ساقلاپ تۇرىدۇ!

— چىقالمايمەن.

— چىقمىسىڭىز بۇ ئىشنى قانداق ھەل قىلغىلى بولىدۇ؟!

مەن سادىق مۇدىرنىڭ ئالدىدا يەنە تىز پۈكۈپ، سايىماخۇننىڭ ئالدىغا بويۇنۇمنى بىرسى سۆرىگەندەك باردىم. ئۇ مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىدىكى ئۇزۇن سافادا ئايالى بىلەن يانمۇ - يان ئولتۇراتتى. مېنى كۆرۈپ ئۇ ئىككىسى تەڭلا چەكچەيدى. مەن بۇنداق قەھىرلىك كۆزلەردىن ئەمدى چۆچۈمەس بولۇپ قالغانىدىم. سادىق مۇدىر ئۇلارغا چاي قۇيغاچ، نېمە گېپى بولسا ئەمدى دېيىشنى ئېيتتى.

— مەكتەپلىرىگە مۇنداق كىرەكسىز ئەپەندىلەرنى يىغىۋېلىپ نېمە قىلىلا شوجاڭ، بۇ گۇيلار ھۆكۈمەتنىڭ نېنىنى بىكارغا يەيدۇ، نەگە بارسا شۇ يەرنى سېسىتىدۇ. شۇڭىمۇ باللىرىمىزنى مەكتەپلىرىگە بېرىشكە كۆڭلىمىز تارتمايدۇ. تۈنۈگۈن ئۆزلىرى بۇنىڭغا مېنى ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇشقا بۇيرۇپتىكەنلا، ئۇ يېرىم يولدا ۋېلىسىپىتنى قەستەن تېيىلدۇرۇپ مېنى يىقىتىپ قېچىپ كەتتى. تىزىم شېغىل يولغا قاتتىق تېگىپتىكەن، مانا قارىسىلا، ئەتىگەندە دوختۇرغا تاڭدۇرۇپ چىقتىم. ئۈچ يۈز نەچچە كويغا ئالغان كۆزەينىكىم يەرگە چۈشۈپ چۇل - چۇل بولۇپ

كەتتى، سۇنۇقلىرى نەلەردە قالدىكىن، قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ ھېچ تاپالمىدىم، كۆزۈم يولنى ئاران پەرق ئەتتى، ئۆيۈمنى تېپىپ بارالماسمەنمىكىن دېسەم خۇدايىمنىڭ شاپائىتى بىلەن ھېلىمۇ ساق تېپىپ باردىم. بۈگۈن ئەتىگەندە ما خوتۇننى ھەمراھ قىلىپ دوختۇرخانىغا باردىم. كىچىككىنە يەرنى تاڭغانغا بىرمۇنچە پۇل ئېلىپ كەتتى، ياناشىمدا ئۆزلىرىگە بىر يولۇقۇپ، ما ھارامزادە گەپەندى بىلەن ئوبدان بىر ھېسابلىشاي دەپ كەلدىم. بۇ يەرگە ھېلىمۇ سىلىدەك ياخشى ئادەم باشلىق ئىكەن، بولمىسا بۇ دەۋانىڭ سورىقى بولماسكەن، ئۆزلىرى بۇ ئىشقا كېپىل بولۇپ بەرمىسىلە بۇ ھارامزادە گۆي بەزدەك ئىششىپ تۇرۇۋالىدۇ.

— تىزىنغۇ ساقىيىپ قالار، بىراق كۆزەينەكنى سۇندۇرۇۋېتىپ يامان قىلىپتۇ. بۇ كىشى ئۇنى كۆزىنى داۋالاتقىلى بارغاندا تاقاپ كەپتىكەن. شۇ چاغدا ئۈچ يۈز كويغا ئالدىم دېگەندەك قىلىۋاتاتتىڭلا، — دېدى ئايال.

— ئۈچ يۈز ئوتتۇز كويغا ئالغان.

— ئۇ چاغدا پۇلنىڭ كۈچى تازا بار ئىدى، ھازىر ھەقىچان ئۇ كۆزەينەك مىڭ كويلارغا بېرىپ قالغاندۇ؟

— بۇ بالا يېڭى كەلگەن، بەزى ئىشلارنى ھېسسىياتقا تايىنىپلا چولتا ياكى خاتا قىلىپ قويىدىكەن، بىز جىق تەربىيە بەردۇق، ئەمدى ئاستا - ئاستا تۈزۈلۈپ كېتەر. ئۇ تۆلەپ بەرسۇن، قانداق دېدىم؟

— ياخشى گەپ! — دېدى سايىماخۇن ئورۇق، رەزگى بارماقلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئايالىنىڭ يۈزىدىكى بىمەھەل چۈشكەن قورۇقلارمۇ شادلىقتىن پۇرۇلۇپ كەتتى.

— ئەمما ئۇ خىزمەتكە تېخى ئەمدىلا چۈشتى، ئايلىقىنى تېخى ئالمىدى. بىز مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ مائاشىنى تۇتۇۋېلىپ، ئاندىن دەۋايىڭلارنى قايتا سورىغاندا پۇلنى بېرەيلى، بولامدۇ؟

— مېنىڭ نىسىدىن تەلىپىم يوق، قانچە پۇل بېرىسىلەر، تېخى ئۇنىمۇ نەقلەشمىدۇق. كەم دېگەندە ئۈچ يۈز كوي بەرمىسەڭلار زادى قاملاشمايدۇ، كۆندە كۆزەينەك يوق، قارىغۇدەك تىمىسقىلاپ يۈرگىلى بولمايدۇ، ئازراق بىرنېمە بەرسەڭلار، قالغىنىغا ئۆزۈم پۇل قوشۇپ يېڭى كۆزەينەك ئېلىۋالاي.

— قارىسىلا شۇجاڭ، بايا دوختۇرخانىمۇ بىرمۇنچە پۇل ئېلىپ كەتتى، بۇ كىشى كۆزەينەكى بولمىسا قارىغۇنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالىدۇ. ئەسلىدە، كۆزەينەك ئېلىشقا يەتكۈدەك پۇل بەرسەڭلار بولاتتى، ئەمما بۇ بالىمۇ تېخى ئەمدى ئىشقا چۈشۈپتۇ، شۇڭا ئېتىبار قىلىپ ئۈچ يۈز كوي دېدۇق. مەكتەپنىڭ شۇنچىلىك پۇلىمۇ يوقمىدۇ؟

— مەكتەپتە ئەمەس مۇشۇ ھارامزادىنىڭ ئۆزىدىمۇ پۇل بار، يانچۇقىنى ئاختۇرسا ھازىرلا چىقىدۇ.

مەن تاغدەك ئېغىرلىق بىلەن ئاچچىقىمنى بېسىپ بۇ پەس، ئەبگا ئەر - خوتۇننىڭ كۆرسىتىۋاتقان ئويۇنلىرىغا مەسخىرىۋاز تاماشىبىندەك زەن سېلىپ ئولتۇراتتىم، سايىماخۇن تەمە قىلغان نەرسىنىڭ يانچۇقىمدا ھەقىقەتەن يوقلۇقى كەيپىياتىمنىڭ كۈندىن - كۈنگە يامانلىشىشىنىڭ بىر سەۋەبى بولغاچقا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم:

— ھە كېلە، ئاختۇرۇپ باق، ئاتاڭنىڭ كۆمۈپ قويغان يامبۇسى بار!

بۇ گېپىمنى، چىرايىمدىكى چەكسىز نەپرەتنى سايىماخۇنغا ھېچقانچە تەسىر قىلمىدى، ئەمما ئۇنىڭ ئايالى بىلەن سادىق مۇدىر تېڭىرقاپ قالدى.

— ھوي، نىمانداق گەپ قىلىسىز ئۇكاموي! پۇلىڭىز راست بولسا چىقىرىپ بېرىۋېتىڭ، ئۈرۈمچىدىكى ئاتا - ئانىڭىزدىن پۇل كېلىپ تۇرۇۋاتقاندۇ؟! بۇ كەمبەغەل دېھقانلارغا مەرتلىك بىلەن بىر - ئىككى يۈز يۈەن ياردەم قىلسىڭىز يامان كېتەمدۇ؟

— پۇللىرى جىق بولغاندىكىن ئۆزلىرى بەرسىلە ياكى ئاي ئاخىرىدا مائاشىمدىن تۇتۇۋالسىلا! — دېدىم مەن مۇدىرغا تۇنجى قېتىم بويۇن تولغاپ، ئۇ ماڭا قاتتىق ئالىيىپ بىرنەرسە دېگۈچە ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتىم.

سايىماخۇننىڭ، ئايالىنىڭ، مۇدىرنىڭ قىلىقلىرى ئىچىمنى ئاچچىق قىلىۋېتىپ باراتتى. شۇ ماڭغانچە ياتاقىمىمۇ كىرمەي ئۇدۇل بازارغا ماڭدىم. «زەھەرنى زەھەر بىلەن قايتۇر» دېگەندەك، ئىچىمدىكى زەرداپنى ھاراق بىلەن قايتۇرمىسام، گۈلنىسا بىلەن ۋىسال تېپىش ئارقىلىق ئۇنى قايتۇرالمايدىغان بولۇپ قاپتىمەن.

4 - سېنتەبىر، پەيشەنبە

ئالىي مەكتەپتىكى كۈنلىرىمدە ھاۋا رايىغا بەك دىققەت قىلاتتىم. ھاۋا ئوچۇق بولسا قەلبىممۇ نۇرغا تولاتتى، مۇھەببەت كەچۈرمىشىم گۈزەل بولاتتى. ھازىر ئاسمانغا قاراشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. گۈلنىسا خۇسۇسىي تۇرمۇشۇمنىڭ نىجاتكارىغا ئايلىنىپ كەتكەن مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ بىلەن بىر يەرگە خاتىرجەم بېرىشقىمۇ ئىمكان، كەيپىيات يېتىشمەيۋاتىدۇ. يانچۇقۇم قۇرۇقدىلاي دەپ قالدى. گۈلنىسا ھەرقانچە قىلسىمۇ مېنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يوشۇرۇن ئازابلىرىمغا شېرىك بولالمايدۇ. ئۇنىڭ كاللىسىنى ئاددىيمىكىن دېسە بەزىدە كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان، ھەتتا ھەيران قالدۇرىدىغان مەنىلىك گەپلەرنى قىلىدۇ، ئەمما ھازىر ئۇنداق گەپلەر ئۇنىڭغا يات بولۇپ قاپتۇ. گەپ قىلسىلا دەرس، تاپشۇرۇق، ئوقۇغۇچى، مائاش، توي، بالا... دېگەنلەرنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ. ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ بېشىنى بۇرۇنلا باشقا بىر كىمگە باغلاپ قويغانمىدۇ-يا!؟ خۇدايىم، ئۇنداق بولمىغاي! بىرنەچچە كۈندىن بۇيان مەن ئۆزۈمنىڭ دەردىنى تارتالماي جىلە بولۇپ ئاچچىق ھاراقنى ئىچىپلا يۈرسەم ئۇ مەندىن بەك ئەنسىرەيدىغان، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىدىن ناھايىتى غەم قىلىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ مېنى تېخىچە چۈشەنمەي خاپا بولۇپ يۈرۈشلىرىنى، مۇشۇنداق كېتىۋەرسەم ھەتتا مېنى تاشلىۋېتىشى مۇمكىنلىكىنى ئويلىغىنىمدا پىغانىم قايناپ تاشىدۇ، تېخىمۇ ھاراق ئىچكۈم كېلىدۇ.

دەرسىم بولغاچقا ئورنۇمدىن تۇرۇپ تالاغا چىقتىم. توپ مەيدانىنىڭ يېنىدىكى يولدا ئىشخانىغا كېتىۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز بىر توپ كەينىمدىن كېلىپ گەجگەمگە قاتتىق تەگدى. كۆزەينىكىم يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپ كەتكىلى تاس قالدى. كەينىمگە ئۆرۈلۈپ قارىسام پاكار، خاپان باش بىرسى غېمىدە يوق ھېجىيىپ تۇرىدۇ. ئابلىمىت دېگەن شۇم شۇمىكىن دەپ كۆزەينىكىمنى تاقاپ قارىسام، ئۇ ئەمەسكەن. مەن توپنى ئېلىۋېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم:

— توپنى تەپكەن سەنمۇ؟

— مەن ئەمەس پۇتۇم، — دېدى ئۇ شۇم مەندىن ئۆچىنى ئېلىۋالغاندەك روھلىنىپ، ئەپۇ سوراش تۇگۇل ھۆل تامغا ئېشەك تەپكەندەك گەپ قىلىۋاتقان بۇ شۇمنىڭ خىيالىدا ئىزا-نومۇس دېگەنلەر كىرىپ چىقمايتتى.

— ھۇ ئېشەك! — دېدىم مەن غەزىپىمگە پايلىماي ئۇنىڭ كۆتىگە تېپىپ، — ئېشەك قېتىقى ئىچكەن سارائىمۇ سەندەك سۆزلىمەيدۇ، مەندە ئېلىشىڭ باردەك گەپ قىلىسىنا!

ئۇ تېپىك يەپلا كۆزلىرى چەكچىيىپ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى-دە، يىغلامسىرىغىنىچە مېنى تىللاپ قاچتى:

— ئاناڭنى ئۇغرى، توپۇمنى كۆتۈڭگە تىقىۋال، ئاپامغا توپۇمنى ئۇرۇپ ئېلىۋالدى دەيمەن، بۇنداق قوتو مەكتىپىڭدە ئوقۇمايمەن!...

دەرۋەقە، كۆپ ئۆتمەيلا ئۇ ئۆڭسىلى ئۆچكەن ئاپىسىنى باشلاپ كېلىپتۇ، ئۇنى كۆرۈپلا قورقۇپ قالدىم. ئۇ بازاردا گازىر ساتىدىغان، قارىسىلا كىشىنى بىزار قىلىدىغان سەت ئايال ئىدى. ئىشخانا ئالدىدا گۈلنىسا بىلەن گەپلىشىپ تۇرغانىدىم، ئۆزۈمنى دالدىغا ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالدىم، بىر سەتچىلىكنىڭ يۈز بېرىشى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. ئۇ ئايال يېنىمغا كېلىپ ياقامغا ئېسىلىپ بولغۇچە بىرمۇنچە سەت گەپلەرنى ياغدۇرۇۋەتتىكى، ئەيھانناس! سەت گەپلەرنىڭ سۆز بايلىقىنى شۇ چاغدىلا ھېس قىلدىم. گۈلنىسا ھاڭ-تاڭ قېلىپ، سادىق مۇدىرنى چاقىرغىلى كەتتى. ئۇ ھازازۇل ياقامنى سىلكىپ، پۈتۈن مەكتەپنى بېشىغا كىيگۈدەك ۋارقىراپ ۋاتىلدىغىلى تۇردى:

— سەن سولتەك شوۋىچى كېلە-كەلمەيلا بالامنى ئۇرغۇدەك بولدۇڭما؟! ۋۇي ھالىڭغا چىداي يۇندا پۇرۇش! تۆت كۆزلۈك مايمۇندەك نەمۇنەگە قاتراپ، شوپاڭخانىدا يۇندا يالاپ، كوچىدا لالما ئىتتەك سوكۇلداپ يۈرگىنىڭنى كىم بىلمەيدۇ؟! تونۇگۇن ئىمىنكامنىڭ بالىسىنى ئۇرساڭ، بۈگۈن قوپۇپ مېنىڭ بالامنى ئۇرساڭ، سېنىڭ دەستىڭدە باللىرىمىز بۇ مەكتەپكە پاتمامدۇ ئەمدى! ھە، دەپ باقە! يەنە تېخى غېمىدە يوق ئا ئاشنىسى بىلەن قىچقىلىشىپ يۈرۈيدا؟! ۋۇي رەسۋالار!

— ياقامنى قويىۋەتسىلە، گەپ بولسا چىرايلىق قىلسىلا، — دېدىم مەن ئۇنىڭ قولىنى كۈچەپ سىلكىپ.

— قويىۋەتمەيمەن، تۇرىمەن مۇشۇنداق! شوجاڭ كەلسۇن، سەن قۇۋ مايمۇن بىلەن ئوبدان ھېسابلىشىمەن!

بۇ ھازازۇل راستىنلا ياخشى گەپ ئاڭلىماي ۋاتاتتى، يامان گەپنى تىلەپ تۇراتتى.

— قويىۋەت! — دېدىم مەن قاتتىق غەزەپلىنىپ، — ئېرىڭنىڭ ئىشتان بېغى ئەمەس بۇ!

— ئېرىمغا تىل تەگكۈزۈۋاتامسەن-تېخى! بىلىپ قوي، ئېرىم سەندەك ماز پەيىنەكنىڭ ئۇندىغا تېتىيدۇ.

تووۋا دەيمەن خوتۇن خەق غەزەپلەنسە پىلدەك كۈچلۈك بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ قولىنى ياقامدىن زادىلا ئاجرىتالمىدىم، ئاخىرى سادىق مۇدىر كېلىپ ئاجراتتى. ئۇ دەللە «تۇفي!» دەپ بىرنى تۈكۈرۈۋېتىپ ئاندىن تىنىدى، مۇدىر ئۇنىڭغا بىرمۇنچە تەسەللى بەردى. مېنى ياپتا گەپ بىلەن بىرمۇنچە ئەيىبلىدى. ئۇ جادۇگەر كۆزۈمدىن يوقالسىلا مۇدىرنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن كارىم يوق ئىدى. ئاپىسى قانجۇق ئەمدى جىمىپ تۇرۇۋىدى، ھېلىقى خاپان باش شۇم ئالدىمغا كېلىپ:

— توپۇمنى بەرمەمسەن! — دەپ كۈچۈكتەك قاۋىدى. توپنى ئىشخانىدىن ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭ-

غا تولغۇزدۇم، ئۇ ماڭا سەت ئالىيىپ، ئاپىسى-
نىڭ قېشىغا كەتتى. ھازازۇل دەللە مېنى رەللە
قىلىپ يەنە بىرمۇنچە سۆزلەپ، مۇدىرغا مېنى
راسا تىللاپ بېرىپ، ئاخىرى بالىسىنى گەمدى
ئوقۇتمايدىغان بولۇپ كۆزدىن يوقالدى. سادىق
مۇدىر يېنىمغا كېلىپ ئاچچىقلانغان ھالدا:
— تۈنۈگۈن ئىمىن قاسساپنىڭ بالىسىنى،
بۈگۈن ھەجەرخاننىڭ بالىسىنى ئۇرۇپ مەكتەپ-
تىن قاچۇردىڭىز! كۈندە مۇنداق چاتاق تېرىپ
يۈرسىڭىز ئاقىۋىتىگە ئەمدى ئۆزىڭىز مەسئۇل
جۇمۇ! ئۆزىڭىزنى تەكشۈرۈش ماتېرىيالى يې-
زىڭ، ئەتىكى سىياسىي ئۆگىنىشتە ئۆزىڭىزنى
تەكشۈرىسىز. قانداق چارە كۆرىمىز، شۇ چاغدا
يولداشلار بىلەن بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىمىز، —
دېدى ـ دە، ئىشخانىسىغا كىرىپ ئىشكنى قاتتىق
ياپتى. مەن ياتاققا سالپىيىپ قايتتىم.

5 ـ سېنتەبىر، جۈمە

بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق بولسىمۇ كۆڭلۈم تۇ-
تۇق، ھەر كۈنى ياتاق، ئىشخانا، سىنىپ ئارىسى-
دىكى كىچىككىنە دائىرىدە قاتراپلا يۈرۈپتىمەن.
بۇ ھالىتىم ئۈچ بۇرجەك قوتانغا سولانغان قوينىڭ
نەق ئۆزى. ھەر بىر قەدىمىمدە خۇشاللىق ئىزدەي-
مەن، باشقىلاردىن ھېچقانداق نىسۋەئاللىمغان
قەلەندەردەك مەيۈسلىنىمەن، چۈشكۈنلىشىپ كې-
تىۋاتىمەن. باشقا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ چىرايىغا قا-
رىسامۇ ئۇلارغا شادلىق زادىلا ياراشمايدىغاندەك
كۆرۈنىدۇ، مەن ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى تېخى تو-
نۇپ بولالمىدىم، گەپلىشىپمۇ باقمىدىم، بۇنىڭغا
پۇرسەتمۇ يوق.

چۈشتىن بۇرۇن دەرس ئۆتۈپ، چۈشتە تامى-
قىمنى يەپلا تەكشۈرۈشنامە يازدىم؛ ئۆزۈمنى يال-
غاندىن تەنقىدلىدىم؛ ئاخىرىدا يولداشلارنىڭ قان-
داق چارە، تەنقىد ـ تەربىيە بەرسە رازى ئىكەنلى-
كىمنى بىلدۈردۈم.

چۈشتىن كېيىنكى سىياسىي ئۆگىنىشتە،
ھەممە ئوقۇتقۇچىلار جەم بولغان كاتتا يىغىلىشتا
سادىق مۇدىر يۇقىرىنىڭ مەجبۇرىي مائارىپ توغ-
رىسىدىكى مۇھىم ھۆججەتلىرىنى، سىياسەت ـ
يولىيورۇقلىرىنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن بىر-
ھازا كاپىلداپ ئۇنى چۈشەندۈرۈپ كەتتى، ئاندىن
ئۇلارنى مەكتەپنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى بىلەن بىر-
لەشتۈرۈش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئوقۇت-
قۇچىلار ئۇنى بىردەك قوللىدى. سادىق مۇدىر
ھەممەيلەنگە تەكشى بىر قارىۋېتىپ ماڭا تىكىلدى ـ دە،
ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ:
— يولداشلار، بۇ يەردە تەگەپ ئۆتمىسەك
بولمايدىغان كىچىككىنە بىر ئىش بار. يېڭى كەل-
گەن ياش ئوقۇتقۇچىمىز مۇرات خىزمەتكە خېلى
ئاكتىپ قاتنىشىۋاتقان بولسىمۇ بىراق ئوقۇش
باشلانغان مۇشۇ بىرنەچچە ھەپتىدىن بېرى ئۇدا
چاتاق تېرىپ بىزنى بەكمۇ پاراكەندە قىلىۋاتىدۇ.
ئاڭلىساق ئۇ ھەر كۈنى كەچتە ھاراق ئىچىپ
كوچىدا لاغايلاپ يۈرىدىكەن، ئەتىسى كەيپى تۇ-
زۇك يېشىلمەستىن سىنىپقا كىرىپ دەرس ئۆتى-
دىكەن! ھاراق ئىچىلىۋالغان ئادەمدە ئەقىل، ئې-
غىر ـ بېسىقلىق دېگەن نېمە قىلسۇن، ئۇنىڭدا
پەقەت خىيالىغا كەلگەننى قىلىدىغان تەلۋىلىك،
جىلىخورلۇق بار. شۇنداق بولغاچقا ئۇ ئىككى
ئوقۇغۇچىنى تايىنى يوق سەۋەب بىلەن ئۇرۇپ
قويۇپ ئۆزىگىمۇ، مەكتەپكىمۇ بىرمۇنچە ھاقارەت
كەلتۈردى. ئۇ ھەدېسىلا ھېسسىياتىغا بېرىلىپ
ئىش كۆرۈۋاتىدۇ، ئىشنىڭ ئالدى ـ كەينىنى ئوي-
لىمايۋاتىدۇ. ئۇ ئۇرغان ھېلىقى ئىككى ئوقۇغۇ-
چى مەكتەپتىن تېزىپ كېتىۋاتىدۇ، باشقا ئوقۇ-
غۇچىلارمۇ ئۇلاردىن ئۆگەنگىلى تۇردى، بۇنداق
ئەمەس دەپ قېنى كىم ئېيتالايدۇ؟! ئۇ باللارنى
قانداق تەستە يىغىپ كېلىدىغانلىقىمىز ئۆزۈڭلارغا
مەلۇم. بۇ ئىشلارنى ئۇنىڭ ئارخىپىغا يېزىپ قو-
يۇش كېرەك. قېنى مۇرات، ئۆزىڭىزنى تەكشۈ-
رۈش ماتېرىيالىڭىزنى ئوقۇڭ!

مەن تەكشۈرۈشنامەمنى تېزلا ئوقۇپ تۈگەت-
تىم ـ دە، بېشىمنى تىك تۇتۇپ ھەممەيلەنگە
دادىل تىكىلدىم. گۇلنىسادىن بۆلەك ھەممىسى
ماڭا نەپرەت بىلەن قاراۋاتقاندەك بىلىندى.
— قېنى يولداشلار، ئېيتىپ بېقىڭلار، مۇ-
راتقا قانداق چارە كۆرسەك بولىدۇ؟ — دېدى سا-
دىق مۇدىر.

ھېچكىم جۇرئەتلىك پىكىر بېرەلمىدى،
چۈنكى ئۇلارمۇ مېنىڭ كۆزۈمگە سەت كۆرۈنۈپ
قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەۋاتقاندەك قىلاتتى.
— ئۇنىڭ ئىككى ئايلىق مائاشىنى تۇتۇۋال-
ساق قانداق دەيسىلەر؟

كۆپچىلىك ئورنىدىن قىمىرلاپ، سەل ھەي-
ران بولغاندەك قىلىشتى ـ يۇ، بىرنەرسە دېيەل-
مىدى، مەنمۇ ئۈندىمىدىم. ئۇلار مېنىڭ غىڭ
قىلماي ئولتۇرغىنىمغا قاراپ بۇ ئۇرۇمچىلىكنىڭ
پۇلى جىق بولسا كېرەك دەپ ئويلاشتى بولغاي،
چىرايىمغا غەلىتە بىر قاراپ قويۇشۇپ يەنە پەرۋا-
سىز ئولتۇرۇشتى.
— گەپ شۇ، ھەممىڭلار مۇراتنىڭ ھېلىقى-
دەك ئىشلىرىدىن ئىبرەت ئېلىڭلار، بولۇپمۇ ما-
ۋۇ ئەركىناخۇندەك ياش ئوقۇتقۇچىلار. . .

يىغىن تارقالدى. مەن ئالدىمدا ئاستا كېتى-
ۋاتقان گۇلنىساغا يېتىشتىم.
— سەھرا يېرى راستلا قىيامەتكەن، —

www.uyghurkitap.com

دېدىم مەن ئېغىر خۇرسىنىپ.

ئۇ ماڭا قاراپمۇ قويمىدى، گەپمۇ قىلمىدى، ئىتتىك مېڭىپ ياتىقىغا كىرىپ كەتتى، بەلكىم يىغلاۋاتقاندۇ ياكى مېنى تىللاۋاتقاندۇ، كەينىدىن بېرىپ كۆڭۈل چۈشەندۈرۈشكە ھارسىندىم. بۇرۇنقى چاغلىرىمىز ئەمدى ئەبەدىي كەلمەسكە كەتكەن ئوخشايدۇ. مەنمۇ ئەخمەق، خوتۇن خەقنىڭ كەينىگە كىرگەن ھاماقەت!

كەچتە مەكتەپ بېغىنىڭ يېنىدىكى ئۆستەڭ بويىدا تەنھا ئولتۇرۇپ ئېغىز گارمونى چالدىم. باغرىم شۇقەدەر ئېزىلدىكى ئۇ چالغۇنى قوۋۇزۇمغا پاتۇرۇپ، ھەسرەتلىك تىنىقلىرىم بىلەن ئۇنىڭدىن مۇڭلۇق سادالارنى چىقاردىم. بۇ سادانى بىركىم يىراقتىن ئاڭلاۋاتقاندەك، مېنى كۆرگۈسى كەلگەندەك قىلمايتتى. چۈنكى بۇ يەر ئالىي مەكتەپ باغچىسى ئەمەس، بەئەينى بىر قارا جاڭگال ئىدى. گۈلنىسانىڭ بۇ يەرگە كېلىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ گۈزەل ئۆتمۈشنى ئەسلەشنى خالىمايدۇ، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ خىيالىدىكى توي رومىلى ئۇنىڭ كۆزىنى ھەم قۇلىقىنى پەردىلەپ قويغان.

6 - سېنتەبىر، شەنبە

ئالىي مەكتەپتىكى چاغلىرىمدا شېكەر شەنبىنى ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزەتتىم. «گاھ» دېسەم قولۇمغا كېلىپ قونىدىغان كەپتىرىم كۆزۈمگە شۇقەدەر چىرايلىق كۆرۈنەتتى. مانا ئەمدى ئۇ تۈكلىرىنى ھۈرپەيتىپ، ئەلەملىك بۇقۇلداپ تۇرىدۇ، كارىم بولمىسا تېخى! بۈگۈن ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ كېلەيلى دېگەنىدى، ماقۇل دەپ بارسام ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى تۇرقۇمغا بىر قاراپلا زورىغا كۈلۈمسىرىدى، ئانچە خۇشال بولمىدى. مېنىڭ ئىدىيىۋى تەييارلىقىم بولغاچقا ئۇلارنىڭ بۇ مۇئامىلىسىنى كۆڭلۈمگە ئانچە ئېلىپ كەتمىدىم. چۈشكە يېقىن غىزا تەييار بولدى، مۇنداق ئوخشىتىپ ئېتىلگەن پولۇنى يەپ باقمىغىلى ئۇزۇن بولغانىدى. چۈشتە ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ يېنىپ كەلدىم، گۈلنىسا كەچرەك بارىدىغان بولدى.

مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كېتىۋاتسام سادىق مۇدىر ئۇچراپ قالدى. ۋېلىسىپىتتىن ئامالسىز چۈشۈپ باشلىقىمغا ھۆرمەت بىلەن قول ئۇزاتتىم، ئۇمۇ سالىمىمنى ئىلىك ئېلىپ رەسمىيەت گېپىنى دەۋەتكەندىن كېيىن:

— ھېلىقى سايىماخون دېگەن ئادەم خوتۇنى بىلەن يەنە دەۋا قىلىپ كەپتىكەن، قولىغا ئۈچ يۈز كوي بېرىپ يولغا سالدىم، كۆزى راستتىلا ھېچنېمىنى كۆرەلمەي قاپتۇ. بوغالتىرغا دەپ قويدۇم، بىر ئايلىق مائاشىڭىزنى تۇتۇپ قالىدىغان بولدى. بوپتۇلا ئۇكا، ئۇ بىچارىگە بىر ئاز ياردەم قىلغان بولدىڭىز. ئۇ ئادەمنىڭ سىز بىلەن يەنە بىر كۆرۈشكۈسى بار ئىدى، ھېلىمۇ ياخشى، ياتىقىڭىزدا يوق ئىكەنسىز.

— ئېلىشى تۈگىگەندىن كېيىن مەن بىلەن كۆرۈشۈپ نېمە قىلىدىكەن؟

— ئۇ دېگەن پۇلنى ئالمىغان چاغدىكى گەپ ئۇكا، ئارتۇق ئويلىنىپ كەتمەڭ!

— ئەمدىغۇ كۆزۈمگە كىرىۋالماس!

— پۇلنى ئالغاندىكىن ئۇنداق قىلماس.

مۇدىرغا خوش دەپ يولۇمغا كېتىۋەردىم، كاللامغا يەنە مۇدىرنىڭ «ئۇ ئادەمنىڭ سىز بىلەن بىر كۆرۈشكۈسى بار ئىدى» دېگەن گېپى كىرىۋالدى، ئۇ رودىپاينىڭ ئىستىكىچە بولغاندا مەن ئۈچ يۈز يۈەننى ئۇنىڭغا ئۆز قولۇم بىلە بەرسەم، ئالدىدا تىزلىنىپ كەچۈرۈم سورىسام بولغۇدەك - دە!

ياتاققا قايتىپ بېرىپ ھارغىنلىقتىن ئۇخلاپ كېتىپتىمەن، غەلىتە چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە گۈلنىسانى ۋېلىسىپىتكە مىندۈرۈپ مەكتەپكە كېتىۋاتسام سايىماخۇن ئېغىزىدىن ئەپسانە گەپلەرنى ياغدۇرۇپ قوغلاپ كېلىۋاتقۇدەك. ئويقۇدىن يېشىلىپ، سوغۇق چايدىن بىر پىيالە ئىچىۋېتىپ كۈندىلىك خاتىرەمنى قولۇمغا ئالدىم. بىردەم ئولتۇرۇپ قالدىم. كەچتە گۈلنىسا قايتىپ كەلمەيدىغاندەك تۇرىدۇ، بۇ بازاردا يا بىر تانسىخانا يوق، كىنوخانىمۇ تاقىلىپ كېتىپتۇ، تېلېۋىزور، سىنئالغۇ دېگەنلەرنى كۆرۈش ماڭا خوش ياقمايدۇ. پەقەت ھاراقلا نېرۋامنى بوشىتىپ، ئىچ - باغرىمنى يايرىتىپ ماڭا تۈگىمەس ئىلھام بېغىشلايدىغاندەك تۇرىدۇ. . .

گۈلنىسا خاتىرىنى ئوقۇپ بولۇپ، بۆتەك قېتىپ بىردەم ئولتۇردى ۋە خاتىرىنىڭ ئاخىرىنى ۋاراقلىدى، كېيىنكى بەتلەرگە ھېچنېمە يېزىلمىغانىدى. ئۇ خاتىرىنى جايىغا سېلىپ قويۇپ، مەست ئۇخلاۋاتقان مۇراتقا سىنچىلاپ قارىدى، ئۇنى ھازىرغا قەدەر چۈشەنمەي يۈرگەنلىكىنى ئويلاپ ئەپسۇسلاندى، ئۇنىڭدىن سوۋۇشنى ياكى قىزىشنى بىلەلمەي قالدى. بىراق ئۇ نېمىلا بولمىسۇن گۈلنىسانى ياخشى كۆرەتتى، بولمىسا ئۇنى دەپ بۇ يەرگە كەلمەيتتى. گۈلنىسا مۇراتنىڭ سەممىيىتىگە بۆلەكچە قايىل بولۇپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن تىكىلدى. ئۆزىنى تۇتالماي پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى، ھاراقنىڭ ھىدى كۆڭلىنى قىلچە ئاينىتالمىدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە ئەسەبىيلىشىپ مۇراتنىڭ ئىسپىرت تەسىرىدىن

قىزىرىپ كەتكەن ئوتلۇق لېۋىگە سۆيۈپ تۇرۇشىغا مۇرات ئەلەسلىشىپ كەتكەن كۆزىنى لاپپىدە ئېچىپ ئۇنىڭ بېلىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى ۋە چۆچۈپ تۇرۇپ قالغان گۈلنىساغا ھاسىراپ تۇرۇپ:

— ئەپتى - بەشىرەمنى كۆرۈۋالدىڭ - ھە، گۈزىلىم! مۇشۇنداق قىلىپ مەندىن خۇشلاشماقچىمۇ سەن، ئېيتقىنا، زادى نېمىلەرنى ئويلىدىڭ؟! — دېدى.

گۈلنىسا يەنە ئېسىگە كېلەلمىدى، مۇرات ئۇنى قويۇۋېتىپ، ياستۇققا تايىنىپ ئۆرە بولدى، كۆزىنى باشقا بىر نۇقتىغا تىكتى:

— بۇ خاتىرىنى مەن ئۆمۈر بويى ھېچكىمگە كۆرسەتمەيمەن دەپ يۈرسەم، سەن ئوغرىلىقچە كۆرۈۋالدىڭ! مېنى چوڭقۇر چۈشەنگەنسېرى ماڭا ئۆچ بولۇپ قالىدىغانلىقىڭنى، مېنى يىرگىنىپ تۇرۇپ سۆيىدىغانلىقىڭنى، ئاخىرى بېرىپ زېرىكىپ تاشلايدىغانلىقىڭنى تەسەۋۋۇر قىلغانىدىم...

گۈلنىسا مۇراتقا دەيدىغان جىمى گەپلىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ تالاغا ئۆزىنى ئاتتى، ياتىقىغا كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن ئەتتى - دە، كارىۋىتىدا ئولتۇرۇپ بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى.

مۇراتمۇ شۇ كېچىسى ئازابلىنىپ ئۇخلىيالمىدى. ئاچچىق ھاراق بايا ئۇنىڭ كەيپىنى كۆتۈرگەن بولسا ئەمدى زەرداپ بولۇپ ئىچ - باغرىنى ئېچىشتۇرماقتا ئىدى.

ئەتىسى مۇرات ئورنىدىن ۋاقىچە قوپۇپ گۈلنىسانىڭ ياتىقى ئالدىغا كەلدى، ئىشىك قۇلۇپلاقلىق ئىدى، ئۇ يەنە ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىغا كەتكەنىدى. مۇرات كەيپى ئۇچقان ھالدا ياتىقىغا كىرىپ كۈندىلىك خاتىرىسىنى ئېلىپ چىقتى - دە، ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ ئۇنى ھېچ تارتىنمايلا تاشلىۋەتتى. خاتىرە سۇدا بىردەم لەيلەپ ئېقىپ ئاخىرى چۆكۈپ كەتتى.

مۇرات ياتىقىغا قايتىپ بېرىپ يەنە بىر خاتىرىگە: «تۇرمۇش بەئەينى يىپچى خوتۇننىڭ كالىلەك يىپىغا ئوخشايدۇ، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلار خاتىرە ئارقىلىق ساقلاپ قويۇشقا ئەرزىمەيدۇ. مەن ئەمدى چۈشۈمنى يازىمەن، ئالەمشۇمۇل ئۆي - پىكىرلىرىمنى خاتىرىلەيمەن» دېگەن سۆزلەرنى يازدى. ئەمما پۇخادىن چىققاندەك بولمىدى. بىچارىلىك، مىسكىنلىك ئۇنى ھامان قاراڭغۇلۇققا سۆرەيتتى. ئۇ تولا جىددىيلىشىۋەرگەنلىكتىن تېزلا ھارغىنلىق يەتتى، كارىۋاتقا ياندىپاشلاپ بېشىنى يوتقانغا چۆمكەپ كۆزىنى يۇمدى، خىيالىدا بىردەم گۈلنىسا، بىردەم سايىماخۇن كېرىۋالاتتى. ئۇ بۇ كۆڭۈلسىز كەيپىياتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن بىرەر - ئىككى رومكا قېقىۋېلىشنى ئويلىدى - دە، ئورنىدىن قوپۇپ چاپىنىنى كىيدى. ئەپسۇس، ئۇنىڭ مائاش بەرگۈچە خاتىرجەم خەجلەيدىغان پۇللىرى كۆپ ۋاقىتلاردا كوچا ئاشخانىلىرىدىكى تاماققا، ھاراققا خەجلىنىپ بىلىنەر - بىلىنمەيلا تۈگەپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئەركىندىن قەرز ئالماقچى بولۇپ ئۇنىڭ ياتىقىغا كەلدى، ئەركىن مەندىمۇ پۇل قالمىدى دەپ ئاران ئون يۈەن تۇتقۇزۇپ قويدى.

ئۇ پۇلنى مەھكەم سىقىمداپ، بازارغا بىچارىلىك بىلەن قەدەم باستى. بۈگۈن يېزىنىڭ يەكشەنبىلىك بازىرى بولۇپ، تېرەكلىرى كېسىۋېتىلگەن ئەمما يوللىرى تېخى كېڭەيتىپ بولۇنمىغان شېغىللىق تار كوچىدا دېھقانلار توپا توزۇتۇپ مېڭىپ يۈرەتتى. مۇرات ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئاران ئۆتۈپ قاۋاقخانىغا يېتىپ كەلگىچە كىيىملىرى توپىغا مىلەنگەندەك بولۇپ كەتتى.

ئۇ قاۋاقخانىغا كىردى، شىرە بىكارلانماي بىردەم تۇرۇپ قالدى. خوجايىن ئۇنى تونۇغاچقا كىچىكرەك شىرەدىن بىرنى تەييارلاپ بەردى. مۇرات «ئاق قوناق ھارىقى»دىن بىر بوتۇلكا، خاسىڭدىن ئىككى خالتا ئېلىپ، بىرنەچچە رومكا ھاراقنى كەينى - كەينىدىن كۆتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن خاسىڭ يېگەچ ئالدىرىماي ئىچىشكە باشلىدى. ئۇ ئاچ قورساققا ھاراق ئىچكەنلىكتىن تېزلا مەست بولغىلى تۇردى. ئىككى خالتا خاسىڭنى يەپ تۈگىتىپ يەنە بىر خالتا ياغلىق ماش كەلتۈرۈپ، ئەمدى بىر رومكا ھاراقنى قۇيۇپ ئىچەي دەپ تۇرۇشىغا كەينىدىن ئاڭلىنىۋاتقان تونۇش بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا بۇرۇلدى. سايىماخۇن بىرنەچچە ئوتتۇرا ياش دېھقان بىلەن ئۈلپەت بولۇپ، ھاراق ئىچىپ ئولتۇراتتى. چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان تۇمىقى، قولىقىغا يىپ بىلەن تېڭىۋالغان بىر ئەينىكى يوق كۆزەينىكى يەنە شۇ پېتى ئىدى. مۇرات ئۇنىڭغا قارىغان ھامان ئۇمۇ مۇراتقا سىڭايان بېقىپ غەلىتە ھىجايدى.

مۇرات ئۇنىڭ بۇ يەرگە تۇيۇقسىز ئۇنۇپ قالغىنىدىن ھەيران بولدى، سايىماخۇننىڭ سۇنغان كۆزەينىكىگە قاراپ ئاچچىق كۈلدى. بۇ چاغدا سايىماخۇن مۇراتنىڭ يېنىغا كەيپى چاغ ھالدا كېلىپ:

— يالغۇز ئىچىپ كېتىپسەنغۇ زىيالىي، قىلغان ئىشىڭ خىيالىي، — دېدى.

— ھە، ئىچتۇق، قانداق، گەپ بارما؟!

— گەپ دېگەن تولا، ئاۋۋال مەن ئولتۇرىدىغان بىر ئورۇندۇق تېپىپ كېلەي...

— ماڭ! ماڭ! بېشىمنى قوچۇۋالماي، ئاشۇلار بىلەن ئولتۇر!

— خىلىڭنى تېپىپ ئولتۇر دېمەكچىمۇ-

سەن، ۋاي قوڭالتاق! مانا، ئورۇندۇقمۇ بار ئىكەن.

— مېنى بىردەم يالغۇز قوي، ئادەمگە رودىپايدەك چاپلاشما!

— مەيەرگە كېلىڭلا سايىماخۇن، چاقىرمىغان يەرگە بېرىۋالماي!

— هازىر بارىمەن، — دېدى ئۇ ئۇلپەتلىرىگە قولىنى پۇلاڭلىتىپ، ئاندىن يەنە شىرەگە بېشىنى قويۇۋالغان مۇراتقا ئەزۋەيلىگىلى تۇردى:

— هارىقىڭنى ئىچىۋالمايمىناۋا گۇي، ئۆرە ئولتۇرە ئوغۇل بالىدەك. هاراق ئىچىتىم دېگىنىڭ بىلەن ئىچكىنىڭ توخۇنىڭ ئۇسسۇلۇقىچىلىك بىرنېمىكەنغۇ، شۇ ئەپتىڭگە هاراق ئىچىمەن دەپ نېمە قىلاتتىڭ! مانا بىز پىيالىگە لىق تولدۇرۇپ ئىچىمىز، ئىككى ـ ئۈچ بوتۇلكىنى قۇرۇقدىساقمۇ هېچنېمە بولماي تىك ئولتۇرىمىز، سەندەك يېتىۋالمايمىز. بىلسەڭ، زىيالىي دېگەننىڭ جىنى توخۇ پىيىدەك، بىز دېگەننىڭ تاشتەك. بىز ئىشلەپ تېپىپ يەيمىز، سەن قۇرۇق گەپ سېتىپ پۇل تاپىدىغان ئاقنانچى! گېپىم توغرىمۇ هوي، يەنە ياتىدۇ ما غىلتاڭ گۇي!

سايىماخۇن ئۆزىگە پەرۋا قىلماي ئولتۇرغان مۇراتقا يەنە سېسىق گەپ قىلماقچى بولۇۋىدى، ئۇلپەتلىرىدىن بىرى ئۇنىڭغا «گېپىڭلا تۈگىدىمۇ سايىماخۇن، ئەجەب تولا سۆزلەپ كەتتىڭلا تۇل خوتۇندەك» دەپ ئۇنى قايتۇرۇپ ئەكەتتى. ئۇلپەتلەر «كىم ئۇ» دەپ سوراشتى.

— ئۈرۈمچىدىن كەلگەن بىر سولتەك گۇي، — دېدى سايىماخۇن كۆرەڭلىك بىلەن، — ئوتتۇرا مەكتەپتە ئەپەندىلىك قىلىدۇ. ئۆتكەندە قىزىڭنى مەكتەپكە بەر دەپ شۇجىنى باشلاپ ئۆيگە كەپتىكەن، مۇشۇنداق بوزۇق، ئوسال گۇيغا بالامنى ئوقۇتقىلى بەرسەم ئاقىۋەتتە نېمە بولماقچى! شۇڭا ئۇنىڭغا بىر ئاز قايناپ قالدىم، باشقا گەپ يوق. قېنى هاراق كىمگە كەلدى؟!

سايىماخۇن ئۆزىگە كەلگەن هاراقنى ئىچىۋېتىپ تېخىچە بېشىنى كۆتەرمەي ياتقان مۇراتقا بىزارلىق، مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ قويدى.

قاراڭغۇ چۈشكەندە بازارنى تۈگەتكەن دېھقانلار هارۋا، تراكتورلىرىنى ئۆيگە تارتقاندا، قاۋاقخانىدىكىلەرمۇ بىر ـ بىرلەپ تارقاشتى. پەقەت مۇرات بىلەن سايىماخۇنلا يۆلەنچۈكسىز، پاناهسىز قېلىپ، ئەسكى بوتۇلكىدەك تاشلىنىپ قالغانىدى. خوجايىننىڭ قىزى مۇرات بېشىنى قويۇۋالغان شىرەنى ئىشلەتمەكچى بولۇپ ئۇنى تۇرتتى. مۇرات ئويغىنىپ سەل نېرىدىكى ئۆزۈن ئورۇندۇقتا ئوڭدىچە ياتقان سايىماخۇننى كۆرۈپ سەگەكلەشتى ۋە ئۇنىڭدىن ئاۋۋال بۇ يەردىن كېتىش نىيىتىگە كەلدى.

مۇرات ئۇياق ـ بۇياق دەلدۈگىنىپ مېڭىپ مەكتەپ دەرۋازىسىغا يېقىن كەلگەندە سايىماخۇن ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىشىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ياقىسىنى بوغدى:

— پۇلنى چىقار ئىتنىڭ بالىسى، مېنى مەستكەن دەپ پۇلۇمنى كوملاپسەن ـ دە!

مۇرات دەرهال هوشىنى يىغدى، غەزىپى ئۆرلىدى:

— هەي مۇتتەهەم! ئىلىشىڭنى ئىلىپ بولۇپ يەنە نېمە دەيسەن؟!

— هىي هاراملىق، ئۇ پۇل دېگەن باشقا، شۇڭا دەيمەن، سەن ئاشۇ پۇلۇڭغا قارنىڭنى ئاغرىتىپ مېنى بۇگۈن باپلاپسەن! بىلىپ قوي، ما پۇل دېگەن بۇگۈنكى بازاردا بۇغداي سېتىپ تاپقان ئىككى مىڭ كوي! ئاڭلىدىڭمۇ ئىككى مىڭ كوي!

— پۇلۇڭنى مەن ئالمىدىم، يوقىغان بولسا خوپ بوپتۇ.

— تۈز گەپ قىل هاراملىق، ئابايا دۇكاندىكى قىزدىن سورىدىم، دۇكاندا سەندىن باشقا ئادەم يوق ئىكەن.

— مەنچۇ قارا، سېنىڭدە ئۇنچىلىك پۇل بارلىقىنى بىلسەممۇ كۆز قىرىمنى سالمايمەن، ئابايىقى ئاغىنىلىرىڭدىن بىرەرسى قويمىچى ئوخشايدۇ، شۇلار ئالمىسا كىم ئالىدۇ؟!

— ۋالاقشىماي تۈر گۇي، يانچۇقۇڭنى ئاختۇرۇپ باقاي.

— ئاختۇر، مانا، يانچۇقۇمدا هېچنېمە يوق.

— سەن هاراملىق ئۇنى چاپىنىڭغا سالمايسەن، كۇسىرىڭنىڭ يانچۇقى بارمۇ، قاراپ باقاي، ئۇ يەردە بولمىسا ئايىغىڭنى سالىسەن.

سايىماخۇن هېچ تەپ تارتماستىن مۇراتنىڭ كەمىرىنى يېشىشكە ئۇرۇنۇۋاتقاندا ئۇنىڭ غەزىپى چەككە يەتتى ـ دە، ئېڭىشىپ تۇرغان سايىماخۇننىڭ يۈزىگە بىرنەچچىنى تىزلىۋەتتى. سايىماخۇننىڭ هېلىقى كۆزەينەكى ئەمدى راستتىنلا چېقىلدى، بۇرنى قانىدى. مۇرات يەنە پۇخادىن چىقماي كەمىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ سايىماخۇننىڭ يۈز ـ كۆزلىرىگە ۋاسىلدىتىپ ئۇرغىلى تۇردى. سايىماخۇن قاراملىق هەم چاققانلىق بىلەن كەمەرنى تۇيۇقسىز تۇتۇۋېلىپ، مۇراتنىڭ يېنىغا ئوقتەك ئېتىلىپ باردى ۋە كەمەر بىلەن ئۇنىڭ گېلىنى بوغۇۋالدى. مۇرات شامالدا قالغان قوناق شېخىدەك پۇلاڭشىپ جان ئاچچىقى بىلەن تىركەشتى، كۆزەينىكى يەرگە چۈشۈپ دەز كەتتى، كەينىدىن دەسسىلىپ چەيلەندى. ئۇلارنىڭ قېنى شۇ تاپتا ئىسسىرىتتىن ئەمەس، بەلكى غەزەپ ئاچچىقتىن قايناۋاتتى...

# توختەك گاچا



(ھېكايە)

ئەكبەر سالىھ

1

جەمىلىخاننىڭ پوكىنىدىكى پوقىقى كاۋا بارىڭىدىكى نوگاي قاپىقىدەك ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. شۇڭا گەپ قىلغاندا ئاۋازى خىرىلداپ كېتىدۇ. لېكىن گېزى كەلگەندە بۆدۈنىدەك ۋىتىلداپ ھېچكىمگە لوقما بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن 25 يىل ئۆي تۇتقان جورىسى قادىر ئاخۇن تۆت يىل بۇرۇن قازا قىلغاندىن كېيىن ئۇ ئوغلى توختى بىلەن يالغۇز قالدى. شۇندىن بېرى يېزىلىق ھۆكۈمەت ئۇلارنى نامرات ئائىلىلەر قاتارىدا يۆلەپ كەلدى.

جەمىلىخان بۈگۈنمۇ تورغاي چۇچۇلىماستا قوپۇپ ناماز ئۆتەپ بولغاندىن كېيىن توختىنى ئويغاتتى:

— قوپە ھەي توختەك، خوتۇن ئاغىدەك بولغاندىمۇ ياتامسە كالىدەك، قوپاپ ھارۋىغا ئوتۇن يۈكلە. ھېلى بازادىن قاتمىز باكا.

توختى ئۇيقىغا قانمىغان كۆزلىرىنى بىر ھازا ئۇۋۇلىدى. بىلەكلىرىنى قوش قانىتىدەك يېيىپ تازا بىر ئەسنىدى. ئاندىن بىردىنلا ئالدىراپ كۆڭلەك، تامباللىرىنى تېپىپ كىيدى - دە، ھاجەتكە يۈگۈردى.

جەمىلىخان قۇرۇم بېسىپ كەتكەن يوغان مىس چۆگۈننى ئوچاققا ئېسىپ ئوت ياققاندىن كېيىن، ھويلا ئىشىكى ئالدىدىن توپىلىق يولغا ساناپ يەتتە قەدەم ئېلىپ تەمەچ تېرىپ كىرگەندە توختى ئوتۇنلارنى ھارۋىغا بېسىپ بولاي دېگەندى. جەمىلىخان ھارۋىنىڭ ئەتراپىنى بىر چۆگىلەپ كۆڭلى يەنىلا ئەمىن تاپمىدى. ھويلىنىڭ قاشالىرىغا چىرمىشىپ قۇرۇپ كەتكەن چىڭگىلىكنىڭ بېدىشىدىنمۇ بىر سىقىم ئېلىپ كەلدى:

توختى قارا ھاڭگىغا بوغۇز ئېلىپ ماڭدى. جەمىلىخان ئۆيگە كىرىپ داستىخاندىكى سىڭدۈرۈپ پىشۇرۇلغان زاغرىلارنى ئۇششاق ئۇشتاپ ئىككى ياغاچ تاۋاققا سالدى.

ئانا - بالا ئىككىسى چېيىنى ئالدىراپ ئىچتى. ئاندىن تەمەچلەرنى كەتمەنگە قويۇپ، تەمەچ ئاستىغا چوغ تاشلىدى. پۇرقىراپ كۆتۈرۈلگەن قويۇق ئاق تۈتۈندە دۈرۈت ئوقۇپ ئوتۇن ۋە قارا ھاڭگىنى، ئۆزلىرىنى ئىسرىقلاشتى. كېيىن ھويلىنىڭ بالداقلىق چوڭ بىر قانات ئىشىكىنى كەڭ ئېچىپ، ئېشەكنى يېتىلەپ ئاۋۋال جەمىلىخان، كەينىدىن توختى «بىسمىللا» دېيىشىپ ئوڭ قەدەم بىلەن چىقىشتى.

چۈشكە يېقىن جەمىلىخان ئاخىرى ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى بىلەن كېلىشىپ ھارۋىدىكى ئوتۇننى بىر ياقىغا تارتتى.

ئۇلار ئوتۇننى سېتىپ بولۇپ، ئېشەك ھارۋىنى دەڭگە قويۇپ قويغاندىن كېيىن بازارغا كىردى.

بۇ يۇرتنىڭ بازىرى كىچىك بولغىنى بىلەن يەكشەنبە كۈنى ئاجايىپ قىزىپ كېتىدۇ. يىراق - يېقىندىكى ئالتە يېزىنىڭ قېرى - ياش ئاھالىسى، تىجارەتچى، ھۆپىگەرلىرى مۇشۇ كاتەكتەك بازارغا يىغىلىپ، بىر ھەپتىلىك سودا - سېتىقلىرىنى قىلىشىدۇ. كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقا ماي قەغەزدەك سوزۇلۇپ ياتقان يول بويىدىكى ئىككى قەۋەتلىك سودا مەركىزى بىناسىنىڭ ئالدى بىلەن سودا مەيدانىنىڭ ئېغىزى ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل قارىشىپ تۇرغان يېرى ئەڭ ئاۋات بولىدۇ. سودا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

مەركىزى بىناسىنىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدە قويۇلىدىغان سىنئالغۇنىڭ ئاۋاز ياڭراتقۇسىدىن چىقىۋاتقان قىيا - چىيا، جاراڭ - جۇرۇڭ، گۈمبۈر - گۈمبۈر ئاۋازلار، كىشىلەرنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى، مەپىلەرنىڭ جىلدىرلاپ تۇرغان تۈچ قوڭغۇراقلىرىنىڭ زىل سادالىرى، ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلىنىڭ ئىستولبىلاردىكى كانايلىرىنىڭ ياڭراقلىقى، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دوغچى، ناۋاي، كاۋاپچىلارنىڭ ئاۋازىنى سوزۇپ - سوزۇپ خېرىدار چاقىرىشى بۇ يەرنى قالتىس قىزىتىۋېتىدۇ.

بۇ يۇرتتا ھەسەنجاننىڭ گۆشگىردىسى دېسە تەمىنى تېتىمىغان كىشى يوق. بازارغا كىرگەن كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ گۆشگىردىسىنى يېمىسە خۇشاللىقى يوق. بازارغا كىرگەن دېھقانلار قۇياش ئاسمانغا تىكلىنىپ ئوت شارىدەك قىزىغاندا ئىككى قەۋەت چايخانىغا سىغدىلىپ، سىغىشمىغانلار تونۇرنىڭ ئەتراپىغا قاغىدەك قونۇشۇۋېلىپ، ھور كۆتۈرۈلۈپ مايلىرى تەپچىپ تۇرغان قىزىق گۆشگىردىلەرنى قارا چايغا پاتۇرۇپ ئېلىپ ئىشتىھا بىلەن چاينىشىدۇ. قايتىشىدا يەنە بەلباغلىرىغا تۈگۈپ ئېلىپ كېتىشىدۇ. جەمىلىخان توختى بىلەن چايخانىغا كىرىپ ئاران دېگەندە بىر يەرگە سىغىشۋالدى. ئۇلار تەرگە چۆمۈپ ئولتۇرۇپ ئىككىدىن تۆت گۆشگىردە يېيىشتى، قويۇق دەملەنگەن قارا چاينى يوغان چىنىلەردە ئىچىشتى. باشقىلاردەك چايخانا تاملىرىنى تىترىتىپ كېكىرىشتى. ئېغىز - بۇرنىنى سۈرتۈپ، قوللىرىنى ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئىشقىلاپ دۇئا ئوقۇپ يۈزلىرىنى سىلاشتى. توختى بىرنەچچە يېرىنىڭ موينى شاخ - تىكەنلەر ئىلىۋېلىپ ئاقارتىپ قويغان قارا بوز تەلپىكىنى بېشىدىن سوغۇرۇپ ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچى بىلەن پۇرۇلداپ تەر قويۇلۇپ تۇرغان پېشانىسىنى سۈرتتى.

— توختەك، تويغان بوساڭ قوپە يۈگۈ، ھارۋىنى ئېپ كەپۇك① بېشىغا باغاش تۇ. مەن قۇنەك قارىمىنىڭ قېشىدىن چاي - دورىلىق ئېپ ئاقىڭدىن يېتىمە.

ئۇلار گۆشگىردىخانىدىن چىقىشتى. جەمىلىخان توختىغا يىگىرمە تىيىن ئايرىپ بېرىپ پۇلنى تاشلىۋەتمەسلىكنى قايتا - قايتا جېكىلىگەندىن كېيىن، ئۆزى چاي دورىسى سېتىۋالغىلى ماڭدى. توختى ساپاق - ساپاق ئۈزۈمدەك غۇژمەكلىشىپ كەتكەن ئادەملەر توپى ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

## 2

گۈلسەنەم باشلانغۇچ مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن ياسىنئاخۇن ئۇنى ئوتتۇرا مەكتەپكە بەرمىدى. گۈلسەنەممۇ بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ كەتمىدى. دېمىسىمۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ بالا - چاقىلىرىدىن كادىر بولغانلىرى بارماق پۈكۈپ سانىغۇدەكلا، مەكتەپتە ئوقۇمىغانلارمۇ جېنىنى جان ئېتىپ كېتىپ بارمامدۇ؟

مەھەللىنىڭ ئىككى يېقىغا قومۇش ۋە يانتاقلار ئۈنۈپ كەتكەن قۇمساڭغۇ يولدا مال - پادىلارنىڭ ئاياغ ئىزلىرى، قۇرۇپ كەتكەن تېزەك - ماياقلار تۇرىدۇ. يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھارۋا چاقلىرىدىن قالغان چوڭقۇر ۋە ئۇزۇن سوزۇلغان كىچىك ئېرىقچىلار بار. يولنىڭ ئەتراپىدا شودىگەر قىلىپ تاشلاپ قويۇلغان يەرنىڭ چالمىسىدەك لايدىن قوپۇرۇلغان پاكار ئۆيلەر — ئوقادىلىقلارنىڭ مەھەللىسى بار. مەھەللىنىڭ ئەتراپى ئېگىز ھەم قويۇق ئۆسكەن قوناقلىق، جاڭگالغا يېقىن جايلىرى دانسىز، پاكار قوناقلىق. كىشىلەر مەھەللىنىڭ ئەتراپىنى قارا باغ، جاڭگالغا يېقىن يەرلەرنى مازار باغ دېيىشىدۇ. مازار باغنىڭ قوناقلىرىنى يەر ئىگىلىرى يۇلۇپ ماللىرىغا بېرىشىدۇ ياكى كۆزدە چېپىپ ئېلىپ كېتىشىدۇ. قوناقزارلىقتىن ئۆتكەندە ئېكىنزارلىق تۈگەپ قومۇشلۇق جاڭگال سوزۇلۇپ ياتىدۇ.

كۈن چىقىش بىلەن گۈلسەنەم ئۆزىگە تەڭ دېمەتلىك باللار بىلەن بىرگە نان ۋە قاپاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، قوي پادىلىرىنى ئالدىغا سېلىپ مەھەللىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى قومۇشلۇق جاڭگالغا قاراپ ماڭىدۇ. ئوغۇللارنىڭ ئىسقىرتىشلىرى، ئۆرۈك نوتىسىنى قوقاسقا كۆمۈپ ئېگىۋالغان چوماقلىرىنى قاچقۇن پادىلارغا ئېتىپ ۋارقىراشلىرى ئەتراپنى بىر ئېلىپ، پادىلارنىڭ ئالا - تاغىل مەڭرەپ دۈكۈرلەپ چېپىشلىرى يولدىن چاڭ - توزان ئۆرلىتىۋېتىدۇ. باللار پادىلارنى قومۇشلىرى يېشىل ۋە يۇمران يەرلەرگە ھەيدەپ ئېلىپ بېرىپ باقىدۇ. نان ۋە قاپاقلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن توشقان قوغلايدۇ. قارا قۇشقاچ، چىغچىلارنى ئىزدەيدۇ. پادىلار چۈشلۈك ئارام ئېلىشقا ياتقاندا نان ۋە قاپاقلىرىنىڭ يېنىغا

---

① خوتەن شېۋىسى بولۇپ بۇ «كۆۋرۈك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

بىرىشىپ ئىشتەيلىك قوناق زاغرىسى بىلەن كۆك قومدىن سۇغۇرۇپ ئېلىشقان قاپاقلىرىدىن مۇزدەك سۈيىنى ئوتلاپ چۇرۇقلاشقىنىچە غىزالىنىدۇ. ئاندىن نۆۋەت بىلەن پادىلىرىنى توسۇشۇپ ئۆيۈنغا چۈشىدۇ.

قومۇشلار تۆت نۆۋەت قۇرۇپ تۆت نۆۋەت كۆكەردى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە گۈلسەنەم قوي باققىلى چىقمىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا توققۇز ياشلىق ئىنىسى مەتقاسىم ئالماشتى.

— مەتقاسىم، بۈگەن ئاچاڭ چىقمىدىما؟

— ياق، ئاچام بازاردىكى تۇغقىنىمىزنىڭ قىشىدا سەيپۇڭچىلىقنى ئۆگىنىتۇ.

— ماڭە، ماڭە، ئۇنداغ ئەمەستۇ؟...

— راس، بۈگەن ئەتىگەن ئانام بىلەن بازاغا چىكەتتى.

باللار باشقا گەپ - سۆز قىلمىدى. گۈلسەنەم بىلەن تەڭ دىمەتلىك قىزلار گۈلسەنەمدەك تىككۈچى بولمىغان بولسىمۇ، ئۇلار بىر - بىرلەپ ئەرگە تېگىپ بۇ جاڭگالغا قايتا ئاياغ باسمايتتى.

ئۇ كۈنى باللار ئىلگىرىكى كۈنلەردىكىدەك خۇشال ئوينىمىدى. قېچىپ كەتكەن پادىلارنى توسۇپ قويۇپ جىمىپ كەتتى. ئادەتتە گۈلسەنەم بار چاغلاردا ئوغۇل - قىزلار ئۆزلىرى ئىختىيار قىلغانلىرى بىلەن «ئەر - خوتۇن» بولۇشۇپ قومۇلۇقتا ئۆي ياسايتتى. نۆۋەت بىلەن تېپىشماق ۋە چۆچەك ئېيتىشاتتى ياكى باشقا ئىشلار بىلەن ھەلەك بولىشاتتى.

— توختەك، ھەي گاچا! قوي قەچكەتتى!...

ھېلىلا نۆۋىتى بويىچە قويلارنى توسۇپ كەلگەن، كۆپكۆك پوتلىسى بۇرنىنىڭ تۆشۈكلىرىدىن كۆك قۇرتتەك چىقىپ تۇرغان مەمەتقۇربان ئىسىملىك قارىۋاش بالا پوتلىسىنى شىلىككىدە تارتىپ قويۇپ توختىغا تۇۋلىدى.

ئىككى ھەپتە ئىلگىرىكى بىر ئىشتىن كېيىن توختىنىڭ كۆڭلىنى ئاجايىپ بىر ھال ئىسكەنجىگە ئېلىۋالدى.

ئۇ كۈنى توختى بىلەن گۈلسەنەم ياسىنىئاخۇننىڭ قوناقلىقىدا ئوت ئېلىۋاتاتتى، گۈلسەنەمدىن ئىككى غېرىچ قۇرداش ئولتۇرۇپ ئوت ئېلىۋاتقان توختىنىڭ كۆزى تاساددىپىي گۈلسەنەمنىڭ قولتۇقىغا چۈشۈپ قالدى. تېنى جۇغىمدە قىلىپ، يۈرىكى تەرتىپسىز سوقۇپ قېنى قىزىدى. قانداقتۇر بىر يېرى چىڭقىپ، تىنىقى توختاپ قالغاندەك بولدى... گۈلسەنەم قىزىل گۈللۈك كونا چىت كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى. ئۇنىڭ گاھ تېزلىشىپ، گاھ ئاستىلاۋاتقان ھەرىكەتلىرىدىن قولتۇقى ئاستىدىكى يىرتىقتىن غىل - پال ئاشكارىلىنىپ تۇرغان سۇتلۇك ئالمىدەك تولۇق ھەم مەزمۇت، چىرايلىقلىقىنا كۆكسى توختىنىڭ كۆزىنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتتى. ئۇنىڭ قەلبى ئارامسىزلاندى، قىلىۋاتقان ئىشىنى ئۇنتۇپ گۈلسەنەمنىڭ ھېلىقى يېرىدىن كۆزىنى ئالالمايلا قالدى...

گۈلسەنەمنىڭ كۆڭلى بىرنېمىنى تۇيغاندەك بولۇپ توختىغا لەپپىدە قارىدى. قارىدىيۇ يۈزى شەلپەردەك قىزىرىپ قىپپىالىڭاچ كوچىغا چىقىپ قالغاندەك ۋۇجۇدىغا ئوت كەتتى. نومۇستىن ئۆزىنى ئۇنتۇپ، تېخىچە ئېسىنى بىلمەي كۆزلىرىنى ئۆزىگە تىكىپ تۇرغان توختىدىن خىجىل بولۇپ، ئوت - چۆپنى تاشلاپ ئۈركىگەن ئاھۇدەك قوناقلىقتىن يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى.

توختى خېلىدىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئوت - چۆپلىرىنى گۈلسەنەمنىڭ خالتىسىغا سېلىپ، خالتىنى كۆتۈرگىنىچە قوناقلىقتىن چىقتى. ئەمما گۈلسەنەم ھېچيەردە كۆرۈنمەيتتى.

3

ئېگىز تاغقا چىقماڭ يارىم،
كۆرۈشتى دەيدۇ.
تال چىۋىقنى ئەگمەڭ يارىم،
سۆيۈشتى دەيدۇ.
...

كىمدۇر بىرسىنىڭ قوپال ئەمما ياڭراق ئاۋازدا ئېيتقان ناخشىسىغا ئوتۇنچىلار جور بولدى. ئۇلارنىڭ بوم ئاۋازى ئاي نۇرى سېپىلىپ تۇرغان كېچىنىڭ تىمتاس باغرىنى يېرىپ جاڭگالدا ئۇچاتتى.

سەنمۇ ئادەم مەنمۇ ئادەم،
بىلسەڭ بولمامدۇ يارىم.
شېرىنجاننى قىيىنغۇچە،
ئالسەڭ بولمامدۇ يارىم.

ئېشەك ھارۋىلار ئەتراپى سۆكسۆك ۋە يۇلغۇن بىلەن قاپلانغان ھارۋا يولىدا زۇمچەك - زۇمچەك دۆڭلەرنىڭ يېنىدىن ئايلىنىپ يولنى داۋام قىلاتتى. ناخشا ياڭراۋاتاتتى. توختى پوستەك قاچىلانغان تاغارغا تارتىلغان ئارغامچىنى چىڭدىتىپ قويۇپ گۈلسەنەمنىڭ كۆڭلىكىدىكى چېكىتلەرگە ئوخشاش چېچىلغان كۆكتىكى يۇلتۇزلارغا قاراپ ناخشىغا جور بولدى. ئۇ جۇپ كۆزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا تىكىپ لەۋلىرىنى قىمىرلىتاتتى، ئوتتۇنچىلاردەك ناخشا ئېيتاتتى. بىراق ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئۆزىنىڭ مىسكىن كۆڭلىدىن ئۆزگە ھېچكىم چۈشەنمەيتتى. ئۇ بۇ دۇنياغا تىلسىز يارىلىپ قالغانىدى.

قوناقلىق پاراسلىدى. توختى خالتىسىنى كۆتۈرۈپ گۈلسەنەمنىڭ يېنىغا كەلدى. گۈلسەنەم توختىغا باتتىغاندەك كەينىنى قىلىپ ئولتۇرۇۋالدى.

— گۈلسەنەمخان، مەندىن خاپا بوماڭ، شۇ چاغدا مەن. . . — توختى گۈلسەنەمگە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قورقىنىدىن ئۇجۇقۇپلا كەتتى.

— . . .

— گۈلسەنەمخان، راس خاپا بوماڭ ماخما، مەن. . . مېنى نىم قىسىڭىز مەيلى.

— يۈزى قىلىن گاچا، بىرىپ ئانامغا دېيەمە، كۆڭلىكىڭنى كۆرسەن - تېخى. . .

گۈلسەنەم پاتاڭلىرىغىچە قىزىرىپ، ھودۇقۇپ تۇرغان توختىغا ئۇنىڭ پاچىقىنى چېقىۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا قولىدىكى ئوتۇغۇچنى شىلتىدى.

توختى قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە گۈلسەنەمنىڭ ئوتىغۇچنى شىلتىۋاتقان قولىنىڭ بىغىشىدىن كاپپىدە تۇتىۋالدى، گۈلسەنەم توختىنىڭ قولىدىن چىقىپ كېتىش ئۈچۈن ھەدەپ يۇلقىناتتى، كەينىگە داجىيتتى، ئۇلار تىركىشىپ يۈرۈپ بىر پارچە كىگىزنىڭ ئورنىچىلىك يەردىكى قوناقنى چەيلەپ يەرگە ياتقۇزىۋەتتى.

— قولامنى قويايبە گاچا!— دەپ تۇۋلايتتى گۈلسەنەم ھاسىراپ تۇرۇپ، — ھېلى باكا. . .

توختىنىڭ يالاڭئاياق پۇتى بىر توپ قوناق شېخىغا ئىلىنىپ قالدى - دە، ئۆزىنى باشقۇرالماي كەينىگە تىرەجەپ تۇرغان گۈلسەنەمنىڭ ئۈستىگە گۈپپىدە يىقىلدى.

— ئانا!— دەپ تۇۋلىۋەتتى گۈلسەنەم ئۈستىدىكى توختىنى بىر ياققا ئىرغىتىۋېتىپ.

توختى ئەمدى ھەممىنى ئۇنتۇدى، ياتقان يېرىدىن بىرلا ئوخچۇپ قوپۇپ ئورنىدىن تۇراي دەپ تۇرغان گۈلسەنەمنىڭ بېلىدىن كاپ قىلىپ قۇچاقلىۋېلىپ يېڭىباشتىن يەرگە يىقىتتى ۋە تىپىرلاپ تۇرغان گۈلسەنەمنىڭ يۈز- كۆزىگە ئەسەبىيلىك بىلەن سۆيۈپ كەتتى. — ۋاي تۇڭگۇز، قاپىبە مېنى، ھى ھى. . . — گۈلسەنەم توختىنىڭ يۈز - كۆزىنى مورلايتتى. تولغىناتتى. . .

توختىنىڭ قارا كۈچى قېنىغا تەپتى، ھېچنېمىنى ئويلاپ تۇرمايلا گۈلسەنەمنىڭ كۆڭلىكىنى جارتتىدە يىرتتى - دە، كۆينەك - تامباللىرىنى سىيرىپ گۈلسەنەمنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى. . .

ھارۋا چاقىنىڭ قاتتىق چىقىشى توختىنىڭ چۈشىنى بۇزدى. ناخشا توختىغان، ئوتتۇنچىلارنىڭ ئېشەكلىرىنى ئالدىرىتىپ تىللاۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. توختى چاپىنىغا چىڭراق ئورىلىپ ھارۋا شوتىسىغا مىخلانغان ئوقاغا يۆلىنىپ ئېشەكنىڭ سالپايغان قۇلىقىغا قارىغىنىچە خىيالغا چۆكتى. شۇ ئىشتىن كېيىن گۈلسەنەم ئۆزىنى توختىدىن ئېلىپ قېچىپ يۈردى. ئۇت ئالغىلى چىقمىدى، چىقسىمۇ ئىنىسىنى ئەگەشتۈرىۋالاتتى. قوي باققان كۈنلىرى كۆزىنى توختىدىن قاچۇرۇپ يۈرەتتى. توختى بولسا گۈلسەنەمنىڭ ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىن چۆگىلەپ كېتەلمەيدىغان، ياسىنئاخۇننىڭ قوناقلىقىنى پات - پات ئارىلايدىغان، گۈلسەنەم يېنىدا بولسا يۈرىكى خۇشاللىق ۋە ھاياجان بىلەن سوقۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ گۈلسەنەمگە كۆيۈپ قالغانىدى. بىراق ئۇ كۆڭلىدىكىنى ئانىسىغا قانداق دەيدۇ؟ گۈلسەنەم بۇنى چۈشىنەمدۇ؟ بىراق، گاچىغا گۈلسەنەمدەك بىر قىز خوتۇن بولۇشقا ئۇنارمۇ؟ توختى بۇلارنى ئويلاپ جەمىلىخاننىڭ كالىچىغا سەۋزە تىقىپ قويۇش خىيالىدىن بىر مەزگىل يالتىيىپ قالدى.

تاڭ سوزۇلۇشكە باشلىدى. قۇم دۆڭلىرىنىڭ چوققىلىرىدىن قۇياش نۇرى چېچىلىپ يۇلغۇنلارنىڭ ھالرەڭ چېچەكلىرى قىزىرىپ كەتتى. ئوتۇنچىلار ئېشەكلىرىنى ھارۋىدىن چىقىرىپ چۆلۈۋۈرى بىلەن ھارۋا شوتىلىرىغا ئېسىپ قويۇشقاندىن كېيىن ئوتۇن تېرىپ ئوت يېقىپ ئەتىگەنلىك چاي ئىچىشكە تۇتۇندى.

4

گۈلسەنەم تىككۈچى بولۇپ قالغىلى ئىككى يىل بولۇپ قالدى. ئۇقادىلىقلار ئەمدى تىككۈزىدىغان كىيىملىرىنى قوشنا مەھەللىدىكى تىككۈچىگە ئەمەس، گۈلسەنەمنىڭ ئالدىغا ئەكىلىدىغان بولدى. بۇنىڭلىق بىلەن گۈلسەنەممۇ دادىسى ياسىنئاخۇنمۇ يۈرتتا خېلى يۈز تېپىپ قالدى. گۈلسەنەمگە ئەلچىلەر كېلىشكە باشلىدى. لېكىن ئەلچىلەرنىڭ دېگەنلىرى يا ياسىنئاخۇنغا، يا خوتۇنىغا ياقماي قويدى. ھېلىقى ئىشتىن كېيىن گۈلسەنەمنىڭ توختىغا كۆڭلى چۈشۈپ قالدى. قوي باققىلى چىقمىغاندىن كېيىن ئۇ توختىنى سېغى-

ىندىغان، ئۇنىڭ ھېلىقى چاغدىكى ئەسەبىيلىكىنى تولا ئويلايدىغان بولۇپ قالدى.

توختىنىڭ يېشى چوڭىيىپ مەھەللىدىكىلەر بىلەن قوشۇلۇپ ئوتۇن كولايدىغان بولدى. ئۇ مەھەللىدىن بىر كۈنلۈك يىراقلىقتىكى جاڭگالدىن ئوتۇن كولاپ ھارۋىغا بېسىپ مەھەللىگە قايتاتتى. جەمىلىخان بىلەن ئىككىسى يەكشەنبە كۈنلىرى بۇ ئوتۇنلارنى بازارغا ئاپىرىپ ساتاتتى.

جەمىلىخان توختىنى ئۆيلەپ قويماقچى بولۇپ لايىقىنى كۆپ ئىزدىدى. ئاخىرى بىر تاغلىق يېزىدىكى بىر بالىلىق بولغان، يۈزىنىڭ بىر تەرىپى كۆيۈپ تاتۇق بولۇپ قالغان بىر چوكان لايىق بولۇپ چىقتى.

ياسىنئاخۇن گۈلسەنەمنى ئەرگە بەرمەكچى بولدى. بۇنىڭغا مەھەللە ئىمامىنىڭ بىر كۈنى مەسچىتتە بامداتتىن كېيىن ئېيتقان ۋەزخانلىقى سەۋەب بولدى.

— جامائەت، مەن ئىككى شىڭگىل گەپ قىلاي، ھەقاسىمىزنىڭ بالىۋاقىلىرى، ھەكىمنىڭ ئويلىغىنى با. شۇنداقتىمۇ قىزلىرىمىز، تۇل قاغان چوكانلىرىمىزنى ئىكالىدا① ئۇزۇن ساقلاپ ئولتۇمايلى، بۇنى ئاللاتائاللامۇ راۋا كۆرمەيتۇ، ئالىمادىس بىرە سەت ئىش بۇلاپ قاسا ئەل - جامائەتنىڭ ئالدىدا ھەقاسىمىزغا سەت تۇرتاي...

ئۇزۇن چار ساقىلى مەيدىسىگىچە چۈشكەن مەمەتسەپەر ئىمام شۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپ توپنىڭ ئالدىنقى رېتىدە ئۆزىنىڭ سۆزلىرىگە باش لىڭشىتىپ ئولتۇرغان ياسىنئاخۇنغا كۆزىنىڭ قۇيرىقىدا قاراپ قويدى.

ئىمامنىڭ سۆزى ياسىنئاخۇنغا بەك تەسىر قىلىپ كەتتىمۇ، نەچچە ھەپتىدىن كېيىن ياسىنئاخۇن قوشنا مەھەللىدىكى مەمەتكېرىم داموللىنىڭ ئەلچىلىرىگە ماقۇللۇق بىلدۈردى. گۈلسەنەم ئېرىنى ھۇجرىسىدا ئاندىن كۆردى. ئەمما توي كۈنىنىڭ ئەتىسى جەمىلىخاننىڭ ئۆيىدە ھازا بولدى.

## 5

گۈلسەنەمنىڭ تويى بولغان كۈنى توختىنى يىغا تۇتتى، باغرى ئۆرتەندى، قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەي يۈردى. ئۇ پادىلارنى خېلى كۈنلەردىن بېرى ئايرىم باقىدىغان بولىۋالغانىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قوي باقىدىغان تەڭ دېمەتلىكلەرنىڭ تولىسى دېگۈدەك ئۆيلىنىۋالغان ياكى ياتلىق بولغانىدى. ھاۋا تازا قىزىپ پادىلار ئارام ئېلىشقا ياتقاندا توختى نان ۋە قاپىقىنىڭ يېنىغا كەلدى. لېكىن قورسىقى ئاچقاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ قاپاقنىڭ يېنىغا كېلىپ تىزلىنىپلا ئولتۇردى. سەل نېرىدا پادىلار كۆزىنى قىيا ئېچىپ، يېگەن ئوت - چۆپلىرىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن كۆشەيتتى. ئەتراپ تىمتاس، قوقاستەك قىزىغان قۇملۇقنىڭ كۆكسىدە گىرىمسەن ھاۋا يىلاندەك تولغىناتتى. سۇسىزلىقتىن چاڭقىغان قۇمۇشلار قۇلاقلىرىنى تامبال بېغىدەك تۆۋەنگە ھالسىز ساڭگىلىتىپ تۇراتتى. قۇمۇشلارنىڭ ئاستىدا بىرنەچچە پاتمىچۇق ئاپئاق قورسىقىنى قۇمغا يېقىپ، ئېغىزىنى ئېچىپ ھاسىرىشاتتى. توختىنىڭ كۆز قارىچۇقى بىردىنلا يېنىپ، بورۇن تۆشۈكى كېڭەيدى. چىشلىرى بىر- بىرىگە گىرىچلاپ كىرىشىپ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. قېنىدا بىر خىل ئەسەبىيلىك قوتراپ، بارماقلىرىنى مەھكەم تۈگدى - دە، مۇشتىنى ھاۋادا پىرقىرىتىپ سۇ قاپىقىنى پارە - پارە قىلىۋەتتى، بوغۇق ئاۋازدا بار كۈچى بىلەن ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق ئاۋازىدىن پادىلار ئۈركۈپ، تەرەپ - تەرەپكە دۈگۈرلەپ قاچتى. پاتمىچۇقلارمۇ پارت قىلىپلا تىكىۋېتىشتى. توختى بىرئازدىن كېيىن پەسكويغا چۈشۈپ ئېغىر بىر نەپەس بىلەن بەدىنى بوشقىنا تىترىدى. كۆز چاناقلىرىدىن سۇزۇك ياش تامچىلىرى توپا - چاڭ باسقان مەڭزىدىن سىرغىپ چۈشتى. كىرلىشىپ ئەسلى رەڭگىنى يوقاتقان خەسە كۆڭلىكى چىلىق - چىلىق تەر بىلەن تېنىگە پىلاستىردەك چاپلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ قاتتىق خورلانغان كىشىدەك بىردىنلا ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى.

## 6

توختى كەچتە پادىلارنى ھەيدەپ مەھەللىگە قايتقاندا، جەمىلىخان گۈلسەنەمنىڭ تويىدىن تېخى قايتىپ كەلمىگەنىدى. ئۇ پادىلارنى قوتانغا كىرگۈزىۋاتقاندا مەمەتقۇربان كىرىپ كەلدى، ئۇ ئۆتكەن يىلى ئۆيلىنىۋالغانىدى.

— ھەي توختەك گاچا، تويغا بارمىدىڭما؟ ھا، ھا... ئەسلىزە گۈلسەنەمنى ساڭا ئېپ بېرىتقان گەپتى، ھا، ھا... بولە ھىشتتىنگ ھار-

① خوتەن شېۋىسى بولۇپ، بۇ «ئۆيدە» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ۋاڭنى قوش، ئوتانغا كىشتىمىز.

مەمەتقۇربان چىقىپ كەتتى، توختى ئۇندەمەي قارا هاڭگىنى ئېلىپ چىقىپ هارۋىغا قوشتى، تاغارغا پوستەك تىقتى. كەتمەن، پالتا، ئارغامچىلارنى ئالدى، چۈشتە يېمىگەن ئىككى زاغرىغا يەنە ئىككى زاغرىنى قوشۇپ بەلبېغىغا تۈگدى - دە، ئۆيدىكى يەنە بىر قاپاقتا سۇ توشقۇزۇپ تەييارلىقىنى تۈگەتتى.

ئىلگىرى يېنىك تۈيۈلىدىغان كەتمەن بۈگۈن توختىغا بىر توپ يوغان دەرەخنى قۇچاقلىتىپ قويغاندەك تولىمۇ ئېغىر تۈيۈلدى. بىر كېچە - كۈندۈز بىرنەچچە يۈتۈم سۇدىن ئۆزگە ئېغىزىغا قاقچىلىك نان سالمىغان توختىنىڭ تېنى ماغدۇرسىزلىنىپ، كەتمەننى هەر قېتىم كۆتۈرگەندە كۆزلىرى قاراڭغۇلىشاتتى، ئۇ ئەتىگەندىن بېرى بىرەر قۇچاقمۇ ئوتۇن كولىيالمىدى. توختى ئېگىز بىر قۇم دۆڭنىڭ تۈۋىدە ئۈستىخاندەك ئاقىرىپ تۇرغان يۇلغۇننىڭ قۇرۇق شېخىنى كۆرۈپ دۆڭنىڭ تۈۋىگە كەلدى. ئۇ كەتمەننى ئاران - ئاران كۆتۈرۈپ كۆتەكنىڭ ئەتراپىنى كولايتتى. قۇم، توپىلارنى سىرتقا تاشلايتتى، قۇم كولانغان ئورەككە يەنە سىيرىلىپ چۈشەتتى، يەنە كولايتتى، يەنە سىيرىلىپ چۈشەتتى. بىرەر سائەتتىن كېيىن توختى ئاران دېگەندە كۆتەكنىڭ ئەتراپىنى تىزىغىچە كولىدى، توختى هالىدىن كەتكەنىدى، يۈرىكى قالايمىقان سوقاتتى. ئۇ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ بېشىنى ئورەككە ئېڭىشتۇرۇپ كۆتەككە بىر نەچچە پالتا سالا - سالماي، دۆڭنىڭ ئۈستىدىن قۇم - توپىلار شارىلداپ چۈشۈپ توختىنى تىن چىقارغۇزماي يۇتۇپ كەتتى.

ئوتۇنچىلار كېيىن بولغان ئوتۇنلىرىنى هارۋىغا بېسىۋېتىپ توختىنىڭ يوقلىقىنى بايقاشتى.

— هوي باللا، توختەك گاچا كۆرۈنمەيتىيا؟

— ئەستاپۇللا، ما پىشكەل گاچىنىڭ ئىشىنى، ئەدەمگە تەلە ئالاشتۇرۇپ. . . مېڭىڭلا ئىزدەپ باقىلى.

— توختەك، هوي توختەك گاچا! . . .

— بولدى قۇياڭلا، مېڭىۋېرلى، تۆۋەنگە كىرىپ كەتكەن ئوخشايتۇ. يولنى بىلگەندىكىن چىقا ئاقىمىزدىن.

— نىمدېيسلە مەتىمناخۇناي، ئۇنداغ قىساق جىملەك پۇخاق تىللاپ كېتە هېلى بىزنى، قۇم بېسىۋاسا قانداق قىتىمىزا؟ - مەمەتقۇرباننىڭ پەرۋاسىزلا قىلغان گېپىدىن ئوتۇنچىلارنىڭ يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. مەمەتقۇربان ئۆزىمۇ بۇ گەپنى دەپ بولۇپ بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى.

— ئاناڭنى، پوق يىگەندەي قالاپ تۇغىنىنى ما ئاداشلىنىڭ، بېرىپ ئىزدىمەمتىمىزاي.

ئوتۇنچىلار ئوتۇننى چىگىتىۋاتقان ئارغامچىلىرىنى تاشلاپ تەرەپ - تەرەپكە پېتىراپ كېتىشتى.

— هوي مەتقۇۋان، مايەدە هېي كەتمەن تۇرتىيا.

توختىنى ئىزدەۋاتقانلار ئاۋاز چىققان تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

— مىنە كەتمىنى.

— كالا، قۇمنى كالا. ئەستاپۇللا، ئەستاپۇللا. . . بول، هىشتىتىگ بوللى. . .

ئۇلار توختىنىڭ سوغۇپ كەتكەن تېنىنى قۇم ئاستىدىن تارتىپ چىقىرىشتى. ئۇنىڭ ئېغىز - بۇرنى، قۇلاقلىرىنىڭ تۆشۈكلىرىگە قۇم تىقىلىپ، بېلى پۈكلىنىپ كەتكەنىدى.

— ۋاي خۇدايىم، ۋاي خۇدايىم. توختى، جېنىم ئاداش! . . . هۆ، هۆ. . .

مەمەتقۇربان هۆكرەپ يىغلىغىنىچە، توختىنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى.

*　　　*

ئەتىسى ئۇقادىلىقلارنىڭ هەممىسى دېگۈدەك هازا تۇتۇشتى. جەمىلىخان تويدىن توختىغا بىر قاچا پولو ئېلىپ كەلگەنىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ هارۋا ئۈستىدە ياتقان جەسىتىنى كۆرۈپلا هوشىدىن كەتتى. توختىنىڭ ئۆلۈمىگە ئىچ ئاغرىتمىغان ئادەم قالمىدى. گۈلسەنەم توختىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ ئۆز قولىقىغا ئىشەنمەيلا قالدى، كېيىن نەمدەلگەن كۆز جىيەكىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچىدا بوشقىنا سۈرتتى. جەمىلىخان هوشىدىن كېتىپ ئۆزۈن ئۆتمەيلا ئاغرىپ يېتىپ قالدى. ئەهۋالى كۈندىن - كۈنگە ئوساللىشىپ بارا - بارا نېرۋىسىدىن كەتتى. ئۇ بىر قار ياغقان كېچە ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ، ئەتىسى كىشىلەر يولدىن ئۇنىڭ توڭلاپ كەتكەن جەسىتىنى تاپتى. كىشىلەر جەمىلىخاننى توختىنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىدا يەرلىككە قويدى. بۇ ئىشلارنى ئۇقادىلىقلار بارا - بارا ئۇنتۇپ كېتىشتى. پەقەت گۈلسەنەملا ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئازنىلىككە ماڭغاندا ئۆتەر يولىدىكى قەبرىستانلىقنىڭ يېنىدا بىردەم توختايتتى - دە، توختى يادىغا كېلىپ نىمىلەرنىدۇ پىچىرلاپ ئۆزۈندىن - ئۆزۈن دۇئا قىلاتتى.

# ئىزلىنىش، سىناق، يېڭىلىق

# سۆيگۈ قېنى يامرىسۇن سەلدەك

## ئەخەت كەلپىن ئىنسانى



ئەخەت كەلپىن ئىنسانى 1973 - يىلى 2 - ئۆكتەبر كەلپىن ناھىيىسىدە زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1996 - يىلى 7 - ئايدا خوتەن ئالىي سىفەن تېخنىكومىنىڭ جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات فاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ ھازىر كەلپىن ناھىيە يۇرچى ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئىشلىمەكتە. ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى 1994 - يىلى ئېلان قىلىنغان بولۇپ ھازىرغا قەدەر ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا يۈز پارچىگە يېقىن ئەسىرى ئېلان قىلىنغان. «بوستان» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان «بوستاندا باھار» تېمىسىدىكى مۇكاپاتلىق بەدىئىي ئەسەرلەر مۇسابىقىسىدە ئۇنىڭ «شېئىرلار» ناملىق شېئىرلىرى مۇنەۋۋەر ئەسەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ئەخەت كەلپىن ئىنسانى ھازىر ئاقسۇ ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

## ئۆي چوققا

باشقۇرىمەن ھەممىنى دېسەڭ،
سەن ھەممىدىن تۆۋەن تۇر جەزمەن...

ئېقىپ كېلىپ سۇلار چوققىدىن
ئويمانلىققا قىلار ئىنتائەت.
ئەلمىساقتىن قىيامەتكىچە
بۇ مەڭگۈلۈك ئاددىي ھەقىقەت!

ئويمانلىققا ئىنتائەت قىلغان
چوققىدىكى سۇلارغا قاراپ
تۇيۇقسىزلا يورىدى كۆڭلۈم:
بىلدىم، چوققىنىڭ
ماھىيەتتە ئويمانلىقىنى.
ئويمانلىقنىڭ
ماھىيەتتە چوققىلىقىنى...
شۇندىن بېرى،
مەن ئۆزۈمدىن چەكسىز تۆۋەنلەپ
ئۆز - ئۆزۈمنى كەلدىم يېتەكلەپ...

## يوقلۇق

ساھىلدىكى تاشقا زار بولغان
قەلبىڭ تىنچ كۆل ئىدى شۇنداق،
بېغىشى بوش تاش ئىدى قەلبىم
كۆلگە چۈشمەك بولغان دومىلاپ
بېغىشىمدىن ئاجرىماي ئەپسۇس،
چۈشەلمەيتتىم باغرىڭغا بىراق.
سەن ئېرىشمەي تۇرۇپ كۈچۈمگە
كېتەلمەيتتىڭ قىلچە دولقۇنلاپ.
سەندە يوقتى نەمدىلەرگە تاش
مەندە يوقتى نەمدەرگە تامچە...
ئەي ئامرىقىم،
شۇ ئەمەسمۇ، شۇ ئەمەسمۇ ھە،
بىز ئىككىمىز زارىققان نەرسە؟!...

## قورقۇنچلۇق چەك

قىلىچىڭنى تەڭلەيسەن جېنىم،
بىشىمغىلا چاپساڭچۇ بىر رەت.
تەندىن ئاجراپ چۈشكەن بېشىمدىن،
سۆيگۈ قېنى يامرىسۇن سەلدەك!


قىلىچىڭنى تەڭلەيسەن جېنىم،
نېچۈن قولۇڭ تىترەيدۇ غال - غال.
ئاھ چۈشەندىم... قورقۇتتى سېنى
تەنھالىقنىڭ چېكى، ئېھتىمال.

## مۇزىكا

ياشىغىلى قويمىدى مېنى بىردەم
زورلاۋۇرمەي ھالاك بولۇشقا...

مەن ئېرىپ كەتمەكتىمەن ئاۋازىڭ ئارا،
ئېھتىمال، روھىڭدۇر گۈزەل بىر تاشقىن!

ئاۋازلىق جىنىمنى قىينىغان ۋاقىت
تويۇقسىز ۋاز كەچكۈم كەلدى ياشاشتىن.



هۇزۇرغا مىخ بولغان روھسىز ياغاچ تەن
هۆرلۈكنى مەسخىرە قىلماقتا بۇ ئان.
ئاھ، قانداق بىلسۇن ئۇ هۇزۇرلىنىشنى؟
هۆرلۈكنىڭ كۆزىگە تۇرسا قادالغان!

ئېرىگەن قىسمىسەن نۇرغۇن نەرسىنىڭ —
ئېرىمەس قىسمى،
ئەمەسسەن، ئەمەس.
ئۇھ. . . قىزىل قېنىمدىن ئېرىگەن تېنىم
چۇشمەكتە كۆيۈككە تامچىلاپ بىر پەس!

يوقىلىش ئالدىدا تۇرىسەن هازىر. . .
يوقىلىش ئالدىدا تۇرىمەن هازىر. . .
يوقىلىش ئالدىدا تۇرىدۇ هازىر. . .
بولدى بەس، ئە ۋجىگە چىقمىغىن ئەمدى
يوقىتىپ تاشلاشتىن ئاۋۋال ھەممىنى. . .

# ئىككى شېئىر


ئابدۇرىشىت ئېلى

## چۈشمەكتە نۇرلارنىڭ يوپۇرماقلىرى

قەلبىمنى تىنتىيدۇ مۇرەككەپ كېچە،
گويا مەن خىيالدىن يىرگەنگەن ئادەم.
ھەر جۈملە سۆزۈمدە هايات ۋە مامات
يېقىنلار گۇماندا قەدەممۇ قەدەم.
قاچىمەن بۇ ئەسلى مۇمكىن ئەمەستەك
بىنالار تۇتاشقان چوڭقۇر كوچىغا.
شۇ تاپتا قاتمۇ قات مۇھەببەت بىلەن
ئەلۋىدا ئېيتىمەن يىراق تۇيغۇغا.
چۈشمەكتە نۇرلارنىڭ يوپۇرماقلىرى
تەنھالىق پەسلىگە ناخشىلار توۋلاپ.
ئاپتاپلار كەينىدە ئۆلمەكتە بىر قىز،
(ئۇنىڭكى ھەسرىتى كېتىلگەن ئوۋلاپ).
ھېس قىلدىم ئۆزۈمنى يېڭىدىن - يېڭى
سائىتىم توگىسە كېلەر ئايالىم.
دېمەك بۇ بىمەنە شېئىر ئاستىدا
قالىدۇ يەنىلا تۇمانلىق ئىزىم.

## چىقىش ئىزى

بوسۇغىلار پاچاقلانغان ئىشىك ئالدىدا
كۆرمەكتىمەن گۈزەللىكنىڭ جەسىتىنى مەن.
چىقىش، كىرىش مەدھىيىسى ياڭرار تېخىچە
بىر نامەلۇم رەزىللىكنىڭ ئاۋازى بىلەن.
قۇشلار ئۇچار غازاڭلارنىڭ جىمجىتلىقىدا
ئەبەدىيلىك چۇقانلارغا ئەلۋىدا ئېيتىپ.
كۆيگەن ئايال بۇ گۇمانلىق كېچە كەينىگە
هوۋلاپ تۇرغان قۇچىقىمدىن چۈشمەكتە سىرغىپ.
زېرىكىشنىڭ يوللىرىدا ئاپئاق چىراغلار
چۈشىنىكسىز نۇرلىرىنى چاچار شۇ تاپتا.
ماڭا ئايان: ئەڭ ئاق كۆڭۈل ئادەم قىينىلىپ
مېڭىشىمنى - قايتىشىمنى كۈتەر يىراقتا. . .



# ئۈچ شېئىر

مۇھەممەتتۇرسۇن ھامىت

## يارىلاي ئۆزۈمدىن قايتا بىر نۆۋەت

شېرىن چۈش باشلىنار ئورمانزارلىقتىن
كېلىمەن ئۇندا مەن قەدەملەر بېسىپ.
يۈرىكىم يوللارغا ياپراقلار ئارا
كۆكتىكى يۇلتۇزدەك تۇرار نۇر چېچىپ.

شۇقەدەر سۈزۈك ھەم شۇقەدەر تىمتاس
قەلبىمگە ئاقىدۇ دېڭىز ۋە ئورمان.
قۇرۇق قول قالمايمەن ئۈمىدلىرىمدىن،
كۈتمەن ھاياتتىن، كۈتمەن ئارمان. . .

بولسامۇ ئۆزۈمگە ئالقانچىلىك يەر
قەلبىمگە بىراۋ ھېچ ئاياغ باسمىغان.
بەربىر سۆيگۈمنى بولماس قايتۇرۇپ،
بولسىمۇ ئۇ بىر لەۋ سۆيگۈسىز قالغان.



تاشلىدىم ھاياتقا نازۇك بىر قەدەم
كۈتمەكتە مېنى شۇ بەخت يا ئازاب.
كەچمەيمەن تائەبەد ھەر ئىككىسىدىن،
ئۇ مېنى كۆلدۈرسۇن، يا قىلسۇن خاراب. .

چۈش ياكى رېئاللىق بولسۇن ھاياتىم،
ئۆزۈمگە قايتىشنى تۇرىمەن خالاپ.
ئىچىمەن زەررىچە قالدۇرماي تامام
پاك سۆيگۈم تەڭلىسە زەھەر، يا شاراب.

مەيلى مەن يىقىلاي ھاياتقا بىھوش
قويۇپ بەر مەيلىمگە يۈرمىگىن يۆلەپ!
ئۇنتاي ئۆزۈمنى مەغرۇر ۋە ئەركىن
يارىلاي ئۆزۈمدىن قايتا بىر نۆۋەت.

## ساددا قىز

سۆيمەكتىمەن، ئاھ! بىر سېنى ساددا قىز
بولغانغان روھ دېڭىزىمدا لەيلىتىپ.
ئاقماقتىسەن دولقۇنىمدا تىزگىنسىز،
قۇچاقلىسام سېنى تاتلىق ئەركىلىتىپ.

شاش دولقۇنلار شورىغانچە لېۋىڭنى
ئېلىپ كېتەر سېنى چەكسىز يىراققا.
غەرق بولسا بىركۈن بەخت قولۋىقى
تاشلاپ كېتەر سېنى چوڭقۇر دېڭىزغا.

## سۆيۈملۈك ئۈۋچى

روھىمدا چاقنايدۇ گۈزەل بىر ئىستەك،
يادلىنىپ بىر شېرىن لەززەت ئىچىدە،
رەڭمۇ رەڭ گۈللەرگە بېزەپ قەلبىمنى،
بىر ئۈۋچى شەپىسىز ئۈۋلايدۇ تۈندە.

يىراقتىن ئۈۋچىنىڭ قەدەم تىۋىشى،
ئاڭلىنار نەقەدەر مۇڭلۇق ۋە لەرزان.
چىل بۆرە يېگەندەك ياۋاش قوزىنى
ئېھتىمال كۆڭۈلنى ئۈۋلىماق ئاسان.

ئايلىنىپ قالىمەن بەلكىم ئولجىغا،
كۆڭۈلنىڭ كەينىدىن ئۈنسىز ئەگىشىپ.
تاپىمەن ۋە ياكى ئۆزۈمگە ئىلاھ،
مەن تامام ئەگەشكەچ ساڭا سېغىنىپ.

مەيلى كەل، كېتىۋەر كۆڭلۈمنى ئوۋلاپ،
بولۇپ قال قەلبىمدە سۆيۈملۈك ئوۋچى.

ئولجاڭمەن خالىساڭ ئېلىۋال پۈتۈن،
قوچاقلاپ بىر شېرىن لەززەتتە مېنى.

# ئۆزۈمگە دىئاگنوز

ئەمەتجان قۇربان

ئەسلىمنى بويايمەن ھەرخىل بوياقتا،
مېنىڭدىن ۋاز كېچىپ زارلىنار ئۆتمۈش
شەيتاننىڭ قېنى ئاقار تومۇرلىرىمدا
خىزىر بەركاتىدىن مەھرۇممەن،
ھېچكىممۇ سىلىشتۇرماس ئۆزىنى ماڭا،
مېنىڭدەك بىر غالىب ئىنسان بار يەردە.

قۇشلارنىڭ تىلىنى ئۆگەنمەك بولۇپ،
سورىدىم سولايماندىن قۇشلار لۇغىتى.
روھىمغا دەز كەتكەن كۈندىن باشلاپلا
ماختاندىم ئۆزۈمچە -
يالغۇزلا پېقىرنىڭ بار دەپ قۇدرىتى.
ئەسىرلەر داۋامىدا
شامالغا يەمچۈك بولۇپ كەلدى ئىزلىرىم.
كۆلەڭگەم بارا - بارا كەتتى قىسقىراپ.
ئالدىغا سىلجىماس ئالغان قەدىمىم،
يەلكەمگە يۈك بولار، پۇتۇمغا كىشەن،
قەدەمسىراپ كەتكەن شۇ يوللار
تۈيغۇمدا شۇمشەيگەن ئەقىدە گۈلى،
ياراشماس چېكىسىگە بەخ تىلىكلەرنىڭ.
قان تەپچىپ تۇرغان مەڭزىم

نە ھالكى كەچكۈزنىڭ ياپرىقى گويا.
ئەگەردە
ئەڭ چىرايلىق ناخشىنى توۋلىماق بولسام،
خىرقىراپ قالىمەن بىر بوغۇق ئۈندە.

ياۋروپالىقلار ماڭا -
پوچتىدىن ھەقسىز پېرىۋوت قىلىپ يوللاپتۇ
مەن ياقتۇرغان مەدەنىيەتنى.
شۇندىن بېرى، تا ھازىرغىچە،
ياۋروپاچە شوخلۇق بار قىلىقلىرىمدا..
شالغۇتلاشتى -
نەسەبىم، ئادىتىم، دىنىم، تىللىرىم،
مىجەزىم، مەنسىپىم، بۈيۈك مىللىتىم.
دېمەككى،
ئۇيغۇرنىڭ ھىدى يوق تىنىقلىرىمدا.

*　　　*

ئاقتۇردۇم ئالەمدىن،
نامرات تېنىمدىن قاڭقىپ كەتكەن ئەسلى روھىمنى.
ئوخشاتمىدىم ئادەمگە ھازىر
يېتىم بالىدەك غېرىب قالغان ئۆزۈمنى.

# ئىككى شېئىر

پەرھات كازىمى


## كارىز پەرىسى

بېلىقسەن كارىزدا پىلتىڭلاپ ئۈزگەن،
موم كەبى ئېرىدىڭ ئالەم قىيىقىزىل.
ئاقتىڭ ھەم جىمجىتلا ئىسسىق بىر تەنگە،
سۆيۈپ قوي ياپپېشىل چىمەننى بىررەت.
تاراپ قوي كارىزنىڭ چۇۋۇق چېچىنى.

سىزىپ قوي تەڭرىنىڭ مۈزدەك كۆكسىگە
سىياھتەك قاپقارا دىۋەڭ كېچىنى.

تەشىمدە شىلدىرلاپ ئاققان سۈزۈك سۇ،
كۆزۈڭدىن ئوخچىغان بەلكىم تۇزلۇق ياش.
كارىزچى تېنىدىن يىغلاپ چىققان تەر
بوينۇڭغا ئېسىلغان ئاددىي مۇنچاق تاش.
بېلىق سەن كارىزدا پىلتىڭلاپ ئۈزگەن،
بىر گۆدەك بالا مەن قولۇمدا چويلا.

ئېرىقنىڭ بويىدا سېنى نىشانلاپ
ھەر تەرەپ قاتراپ تۇتالماي يۈرگەن.



## يۇرتۇم سۈرىتى

تۇغۇلغان يۇرتۇم
ئۆزۈمدىنمۇ مىسكىن بىر كارىز.

قىزىل يۇلغۇنلار لەۋلىرى بەلكىم
سۇۋاقسىز تام - كېسەك ئۆيلەر
پەرىشتىلەر ماكانى چوققۇم.
كۈنسېرى سوغۇلغان سۇلار
بوۋايلارنىڭ ئاجىز سوققان
تومۇرى.

كۆك يانتاقلىق دالىدا
پادا باقار كەسلەنچۈكتەك يالىڭاچ بالا.
گۈگۈم پەيتى ئېتىزلىق قايناق
مەشرىپىنى باشلايدۇ قوشلار.

باش ئەتىيازنىڭ قارا بورىنى
يىغلاپ كېلەر ئۈنلىرى تىترەپ.
ۋۇجۇدۇمدىن كەتمىگەن تېخى
كارىز چىپىپ ئوينىغان تورقۇم.
ياۋا گۈللەردىن گۈلدەستە تىزىپ
جۇلالىنار گىرىمسىز كارىز.
قۇياش مۆككەن قۇمۇشلۇق دالا
كارىزىمغا ئېتىدۇ چۆچەك.
نەچچە تەشتەك گۈللەر ئىچىدىن
كۈلۈپقىنا تۇرىدۇ ئاپام.
قانات قېقىپ ئۇچسام بەختتىن
يۈرىكىنى تۇتىدۇ يېزام.

## پارچىلىنىش

پاشاگۈل ئىسمايىل

ياشىسامۇ مۇشۇ كەمگىچە
كۈلۈپ باقمىدىم. . .
يارىلانغان
ئاشۇ بىر كۈنى
نازۇك يۈرىكىم
سىرغىپ ئاقتى —
قىپقىزىل قانلار
ھەم ياسىدى
ئاجايىپ دولقۇن
بولۇتلارغا قوشۇلۇپ شۇ چاغ
گىرەلەشتى ئۇقيا كىرپىكلەر.

تىلىم باردۇر
سۆزلىيەلمەيمەن
شوخ كۈيلەرنى
ئېيتالمايمەن ھېچ.
ئوغا ئىچتىم مۇھەببەتنىڭ جامىدا



لىقمۇ لىق.
لەختە بولغان يۈرىكىمنى
زەھەردە تىلىپ.
چۈنكى
تېنىمگە مۆكۈنگەن ئىلاھ
ئىلاھ ئەمەس —
سېنىڭ شۇ روھىڭ.
ئىشغال قىلدى
قەلبىمنى ئازاب
چەمبەرچاس باغلاندىم —
دارغا ئېسىلدىم.
كۆرۈپ قالدىم
سېنى شۇ يەردە
ھەم ئۈنىمۇ.
روھىم چىقىپ كەتسە تېنىمدىن
نەگە بارار سېنىڭ شۇ روھىڭ.

# ئىككى شېئىر

ئەنۋەر بوساق

## ئىزلەش

قانسىرىدى كۆزۈمدە قۇياش
كۆردۈم يەنە شىۋىرغانلىق قىش.
سۆيۈشلىرىم سېنىڭ ئەسەبىي
دۇنيا ئۈچۈن ئاددىيغىنا ئىش.

گاھ كۆمۈلسەم چاچلىرىڭغا، تۈن،
شارابىمدىن ئىچىمدۇ ئاتەش.
تەلمۈرۈشۈم ساڭا مۇڭ ئارىلاش،
رېئاللىقتىن ئۆزۈمنى ئىزلەش.

## شەيتان

قانسىز يۈرەكنىڭ تاتلىق چۈشلىرى
كۆك دېڭىزدا بولغاندا بەربات.
تۈن قوينىدىن قايتىپ غەرق مەست
ئىشىكىمنى چېكىدۇ ھايات.

يامىشىدۇ جىگدە شېخىغا
سەھرادىكى قاقاس ھاياجان
ئاھ، يېنىمغا كىرەر يېشىنىپ —
سۈرگۈن بولغان ئىلاھى شەيتان. . .

## روھ قاتىلى

ئىلھام زوردۇن

تىلغىماقتا باغرىمنى ھىجران،
مېنىڭ ئۈشبۇ يالغۇز كۆلبەمدە.
كۆل ئىچىدىن چوغلىنىپ ئارمان،
كۆيمەكتىدۇر مۇزدەك كۆيۈمدە.

رېئاللىقنىڭ رەڭدار سايىسى،
ئۆزىماقتا ياتقان يېرىمگە.
زۇلمەت كېچە سەبى نالىسى،
ئۇچماقتىدۇر قۇلاق تۈۋىمدە.

كەيىپ بولغان روھلار قاتىلى،
كوچىلاردا يۈرەر ئېچىلىپ.
بۇ پەلەكنىڭ قانداق قىسمىتى،
كۆلكەم بىردىن كەتتى چېچىلىپ.

غەيۇر ئىدى مەڭگۈلۈك روھلار،
ئەپسۇس قانداق تۆكۈلدى قېنى.
ئىزەر دىلنى ئۇنتۇلغان يوللار،
ئاھ، چىقارمۇ سۆيگۈنىڭ جېنى.

## تۇمانلاردا تېپچەكلەر دۇنيا

ئابدۇسەمەت قارا قۇرۇم

تۇمانلاردا تېپچەكلەر دۇنيا،
جاھالەتنىڭ بولۇپ قۇربانى.
ئۆتەڭلەردە ئازابلىق ئۆتمۈش،
تولغىنىدۇ قەلب قورغانى.

تاغ كەينىگە مۆكىنگەن قۇياش،
بويۇن قىسىپ قالغان شۇقەدەر.
كائىناتتىن قاچقاندۇر شادلىق،
گۈگۈملاردا غەمكىن ھەر سەھەر.

شېرىن چۈشتەك بىلىنگەن يوللار،
ئىڭرىماقتا تاپالماي ماجال.
جار سالىدۇ ئاقباش چوققىلار،
ھەقىقەتكە يېپىلغاچ رومال.

ئاھ، قەدىمدىن كېلىدۇ ناخشا،
تېنەپ يۈرەر ۋىسالسىز ئارمان.
نۇرغا زوقمەن تۇمانلىق دۇنيا،
مۆڭلانماقتا تەلمۈرۈپ ھەريان. . .

# ئىككى شېئىر

ئەكبەر ئۆمەر

## ئەلۋىدا، يىگىرمە يېشىم

يىراقتا تىلسىمدەك روھىم چۈشلىرى،
يېپيېڭى ئىستەكتە چاقىرار مېنى. . .
ئەلۋىدا، كۆز نۇرۇم — يىگىرمە يېشىم،
ئەلۋىدا كۆزۈمدىن يۈتكەن مۇھەببەت.
بۈگۈنلا كېتىمەن يىراق - يىراققا،
ئەلۋىدا، قەلبىمدىن سوۋۇلغان ھەسرەت.
مۇشۇدۇر جۇدالىق پەيتلىرى بەلكىم،
ئالدىمدا يېلىنجاپ تۇرغان بىر ئاچال.
مەجرۇھلۇق تېنىدىن قايتتىم مەن ئاخىر،
ئەسلىمە - ئۇ خۇددى ئاچچىق بىر خىيال.
ئەلۋىدا، مەڭگۈلۈك تىنچسىز ھايات،
ئەلۋىدا، قەلبىمدە تۇتىگەن ھىجران.
يىراقتا ئىلىسمدەك روھلىرىم ئارا،
تەنھالىق كۆكسىمدە چاقنايدۇ ئارمان.

## تىرىلىش لىرىكىسى

تەنھالىق قەلبىمگە سىڭدى شۇ قەدەر،
مەن تولۇق ئەسلىمگە قايتقان شۇ ئەسنا.
نەقەدەر سۆيۈملۈك تەنھالىق دېگەن،
قىز قەلبى. . .
ئۇ خۇددى سىرلىق بىر دۇنيا.
چۈش ئەمەس تۇزىغان يارقىن ئەسلىمە،
ئۆزىنى سۆيۈشمۇ تاتلىق مۇھەببەت.
ئېھ! ئەنە ئالدىمدا يېلىنجار ھايات،
جۇدالىق، ئازابقا ئېچىلىسمۇ بەت
ئۆزىنى سۆيۈشمۇ تاتلىق مۇھەببەت.

# ئىنتىلىش

ئېزىز نامان

كۆتۈپ تۇرار مېنى بىر مەنزىل،
بىر ۋەھىمە گويا كېچىدە.
قاچان كېلەر مەن كۈتكەن پەسىل،
يوق ئىلاھى نۇرلار ئېچىدە.

سەن بىلمەيسەن مېنىڭ ئېڭىمدا،
بار چىرىمىغان گۈللەر يىلتىزى.
ئازابلايدۇ قەلبىمنى تىنىماي،
يوللاردىكى جاراھەت ئىزى.

مەن ھەممىنى بىلىپ تۇرىمەن،
چىن، سەممىي يۈرىكىم بىلەن.
ئىنتىلىمەن چەكسىز يوقلۇققا،
ئۈنسىزگىنە قەلبىمنى چەككەن. . .

# ئاھانەت

نۇرئامىنەم ئەھەت

يېرىلغان باش - كۆزدە جاراھەتلىك قان،
ساقىيدۇ چىپىلداپ ئارمانلىرىمغا.
تولۇن ئاي قانتى قۇچۇپ جىمجىتلىق،
تەسەللى تۆكىدۇ نەمخۇش جىسمىمغا.

قوپال ھەم مۇتەھەم باھادىرلىقىڭ،
ھەر يالغۇز چۈشۈمنى قىلدى كۆپ پايخان.
زىمىستان ئاخشىمى شام تۈتىكىدە،
ياندۇ سۈس ھۇجرام تولا مالىمان.

مەستخۇشلۇققا مەھكۇم ھېس بىلەن،
كۈتمەكتىمەن قۇتلۇق بىر سەھەر.
قىزىل قۇياش كۆيمەكتە سوغۇق،
ئاھ، مۇجۇلغان تۇيغۇمغا قەدەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى



# كېسەل

(پوۋېست)

پەرھات تۇرسۇن

**ئاپتوردىن:** پوۋېستتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلە روھىي ماھىيەت مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇق ھالىتى، يەنى رېئاللىق بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ نورماللىق دەرىجىسىنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكى بولدى. ھازىر ھەممە نەرسە يالىڭاچلانماقتا، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يالىڭاچلانماقتا. ھازىر جىنس توغرىسىدا ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا مۇھاكىمىلەر بولۇۋاتىدۇ، تەنقىداتلار ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. بۇرۇن بۇ سىرلىق نەرسىلەر ئىدى. ئاياللارنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىملەرمۇ بارغانسېرى نېپىزلىشىپ ۋە شالاڭلاپ ئۆز بەدىنىنى بۇرۇنقىدەك بەكمۇ يوشۇرۇپ كەتمەس بولدى. بۇ يۈزلىنىش. بۇ — بىر دەۋرنىڭ تامغىسى. مانا مۇشۇنداق دەۋردە، ھەممە نەرسە يالىڭاچلىنىۋاتقاندا سىمۋول ۋە يوشۇرۇن بېشارەتلەرنىڭ نېمە كېرىكى؟ ئەسەردىكى يەنە بىر مەسىلە: رېئاللىق بىلەن يۈكسەكلىك ئوتتۇرىسىدا تىنىماتالاڭ بولۇش. مەن ئەسىرىمدە مۇنداق بىر تراگېدىيىنى، يەنى يۈكسەكلىك بىلەن رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى چەكسىز ئېغىرقاشنى ئىپادىلەشكە تىرىشتىم. ئەسىرىمنىڭ بېشىدىلا «رېئاللىقتا ھېكايە مەۋجۇت ئەمەس!» دېگەنىدىم. شۇڭا ئەسەردە بىر پۈتۈن مۇكەممەل ھېكايە ۋەقەلىكى يوق. چۈنكى رېئاللىقنىڭ ئۆزىلا پارچە - پۇرات ۋە باش - ئاخىرى يوق. ئەسەردىكى پېرسوناژلارمۇ مۇكەممەل ئادەملەر ئەمەس، ئۇلارمۇ خاراكتېر جەھەتتىكى پارچىلىنىشنىڭ مەھسۇلى. شۇڭا مەن ئەسىرىمدە باشتىن - ئاخىر رېئاللىقنىڭ قانداقلىقىنى رەھىمسىزلىك بىلەن ئېتىراپ قىلدىم. رېئاللىقتىكى چەكسىز پارچە - پۇراتلىقلارنى قايتا - قايتا ئەسكەرتىپ تۇردۇم. ئادەمنىڭ ياشىشى ئۈچۈن يۈكسەكلىك بولمىسا بولمايدۇ. كىشىلەر پارچە - پۇرات رېئاللىقنى ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك خىياللىرى بىلەن تولۇقلاپ مۇكەممەل قىياپەتكە كىرگۈزۈشكە تىرىشىدۇ. ئادەملەر يۈكسەكلىكتىن ئىبارەت مەۋھۇم نەرسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، رېئاللىقنى ئۇنىڭ بىلەن بېزەشكە تىرىشىدۇ. شۇڭا ئەسەرنىڭ بايان شەكلىدىمۇ قوش خاراكتېر كېسەلى قۇرۇلما قىلىندى.

«كېسەل» دىكى پېرسوناژ «مەن» نىڭ كەچۈرمىشىمۇ ناھايىتى ئاددىيلا، باش - ئاخىرى يوق بىر ئىشلار. «ئۇ» نىڭ كەچۈرمىشلىرىمۇ ھەم شۇنداق. ئۇلار ئاخىرى «سەن» دېگەن يەنە بىر پېرسوناژنى يالغاندىن ئويدۇرۇپ چىقىرىپ ئۆزلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى مۇكەممەللەشتۇرۇشكە تىرىشىدۇ، بىراق بۇ پېرسوناژ — يالغان. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاپتورمۇ ئىلاجىسىز رېئاللىق بىلەن يۈكسەكلىك ئارىسىدا تىنىماتالاڭ بولىدۇ.

ھەممە نەرسىنىڭ ئاخىرلىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتمەكتە ئىدىم.

ئەمدى ھېچنەرسە قالمىغانىدى.

ھاياتتا ھېكايە مەۋجۇت ئەمەسلىكى ئىسپاتلانماقتا ئىدى. بۇنىڭدىن ئازابلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى ئازابلىنىش بىلەن ھېكايە بارلىققا كەلمەيدۇ، ئاغىنەم ئىككىمىز كۆپ باش قاتۇرۇپ خېلى تەستە بىر ھېكايىگە قول تىققانىدۇق. ئاغىنەم دەل مېنىڭ ئويلىغىنىمدەكلا بۇ ھېكايىنىڭ ئاخىرلىشىپ بولغانلىق خەۋىرىنى يەتكۈزدى.

— گەپتە زادىلا يېقىن كەلتۈرمىدىمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن ھەيران قالغان قىياپەتتە. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك ھېچنېمىسى يوق ئىدى. مەن ئۇنىڭ ماڭا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلەتتىم. مەن بۇنداق جاۋابلارنى تولا ئاڭلاپ كۆنۈپ كەتكەنىدىم. نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلسەممۇ يەنىلا جاۋابىنى ئاڭلايتتىم. بىرەر قىزغا سۆيگۈ ئىزھار قىلسام ياكى باشقا

بىراۋلارنى ئارىلىقتا ماڭدۇرۇپ باقسام نېمە ئۈچۈندۇر دائىم تەبىئىيلا ھالەتتە، ئۇنىڭ نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىنى تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. بارلىق ئېھتىماللىقلارنىڭ ھەممىسىنى كاللامدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزەتتىم. تەلەپ قويۇشتىن خېلى بۇرۇنلا چوقۇم رەت قىلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، يەنە قانداق بىر ئۈمىدنىڭ تۈرتكىسىدە شۇنداق قىلغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. مەغلۇبىيەت دائىم كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. ئەگەر ھەيران قېلىشقا توغرا كەلسە تەكلىپىمنىڭ تاسادىپىي رەت قىلىنماي قېلىشىنى كۆرگەندە ھەيران قالسام بولاتتى. پېشانەمگە پۈتۈلۈپ كەتكىنى شۇ بولسا كېرەك.

— زادىلا يېقىن كەلمىدى، — دېدى ئۇ.

— ئۇنداق بولسا بوپتۇ، بۇ ئىشنى قايتا ئېغىزغا ئالمايلى، ۋاي ئاناڭنى... جالاپ! ئۇزىنگە لايىقتىن بىرنى تېپىۋالسۇن، — دېدىم مەن چاندۇرماستىن. ئۇ مېنى چوقۇم ئازابلىنىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، ئېچىنىش بىلەن قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن ئەلەم ھېس قىلدىم - دە، خىيالىمغا كىرىپ - چىقمىغاندەك، بۇ ئىشلارنى چاقچاقتەك ھېس قىلغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ چىرايىمغا كۈلكە يۈگۈرتتۈم. بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ بىلەن خۇشال - خۇرام بىللە يۈرگىنىمنى، ئۆيۈمگە كېلىپ تاماق ئىچىپ بەرگەنلىرىنى، تۇرمۇشۇمدا بىرنەچچە كۈن ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ئىللىقلىقنى ھېس قىلغانلىرىمنى، ھازىردىن باشلاپ بۇلاردىن تامامەن مەھرۇم بولغانلىقىمنى ئويلاپ، يۈرىكىم ۋىژىلداپ ئېچىشىۋاتقان بولسىمۇ، يۈزۈمگە كۈلكە يۈگۈرتۈشكە ھېچقانچىلىك كۈچ سەرپ قىلمىدىم. بارلىق ئازاب يۈرىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا ئۈن - تىنسىز سىڭىپ كىرىپ كېتىۋېرەتتى. يۈرىكىمنىڭ ئازابنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى بارغانسېرى ئېشىپ بارماقتا ئىدى. يۈرىكىمنى چەكسىز چوڭىيىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. ھەرقانداق چوڭ ئازابمۇ دېڭىزغا تاشلانغان تاشتەك يۈرىكىمنىڭ تەكتىگە ئۈنسىز شۇڭغۇپ كىرىپ كېتىۋېرەتتى. ھېچنەرسە بولمىغاندەك يۈرۈۋېرەتتىم. دەسلەپكى چاغلاردا كىچىككىنە دەردلەرمۇ يۈرىكىمگە پاتماي، باشقىلاردىن قىلچىمۇ يوشۇرالماي قالاتتىم. يوشۇرۇشقا شۇنچە تىرىشقان بىلەنمۇ بىكار ئىدى. ھەممىنى خىيالىمدىن جېنىمنىڭ بارىچە نېرى قىلىۋېتىپ، يۈزۈمگە كۈلكە يۈگۈرتسەممۇ باشقىلار يەنىلا نېمە بولغانلىقىمنى سورايتتى. ھېچنەرسە بولمىدىم دېسەم ھېچكىم ئىشەنمەيتتى. بىراق ھازىرچۇ؟ ھازىر كۆڭلۈمدىكى ئازابنى يوشۇرۇشقا ماھىر بولۇپ كەتكەنىدىم. ھەرقانداق ئازابنى باشتىن كۆچۈرۈپمۇ ھېچنېمە بولمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالالايتتىم. يالغاندىن كۈلۈمسىرەپ قويغان چاغلىرىمدا چىرايىممۇ راستتىنلا كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك قىياپەتكە كىرسە كېرەك، ھېچكىممۇ مېنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىمنى بايقىۋالالمايتتى، ھەتتا ئۆزۈممۇ بايقىۋالالمايتتىم. يالغاندىن كۈلۈمسىرەشكە زورۇقۇشمۇ كەتمەيتتى. ئۆزۈمنى شۇنچە ئەركىن - ئازادە ۋە خۇش چاقچاق قىياپەتكە كىرگۈزەتتىمكى، ھەتتا ئۆزۈممۇ ئۆزۈمنىڭ يالغاندىن كۈلۈمسىرىگەن قىياپەتكە كىرىۋالغانلىقىمنى ھېس قىلالماي، ئۆزۈمنى راستتىنلا ئازاب ھېس قىلمىغان بولسام كېرەك دەپ ئويلاپ قالاتتىم. مەن بۇنداق ھالەتكە ئادەتلىنىپ كەتكەنىدىم، بەلكىم ئۆزۈمنى ھەقىقىي خۇشال ھېس قىلغان چاغلىرىمدىكى ھالىتىممۇ ئاشۇنداق ئادەتنىڭ نەتىجىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

دوستۇم روھىي ھالىتىمنى كۆزەتكەندەك بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئاندىن كەسكىنلىك بىلەن ئېيتتى:

— ياق، بۇنداق دەپ ئۈزۈۋەتمە، ئۆزۈڭ بىرەر قېتىم تەپسىلىي پاراڭلىشىپ باق. بۇ ئۇنىڭ ئاخىرقى قارارى بولۇشى ناتايىن، سەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولساڭ بىر مەزگىل قوغلاپ باقمامسەن؟ مەن چاقچاق قىلغاندەكلا دەپ قويغان گەپكە ئۇ ئېنىق ئىپادە بىلدۈرۈپ، سەن بىلەن توي قىلىدىغانلىقىنى ئېيتسا بولامتى؟! قىز بالا دېگەن ئەنە شۇنداق بىر مەزگىل ناز قىلىپ باقىدۇ، ئۇنى - بۇنى دەپ باقىدۇ، ھېچقانداق بىر قىز ئۆزىنى سەن ئويلىغاندەك ئىتتىك ئۇتقۇزۇپ قويمايدۇ.

— بولدى، ئۇنى قوغلىغۇم يوق، قوغلاپ يۈرگۈدەك ئاشىقمۇ بولۇپ كەتمىدىم. قوغلاشقىنىمنىڭ پايدىسىمۇ يوق. ئەگەر قوغلاش ئارقىلىق ئېرىشكىلى بولىدىغان بولسا ئۇ ھېچ بولمىغاندا گەپنى ئۇنداق ئۈزۈۋەتمەيتتى. مەن نۇرغۇن قىزلارغا مۇھەببىتىمنى ئىزھار قىلىپ باققان. ھەممىسى تەلىپىمنى رەت قىلسا ھامان خۇددى ئۇلار مېنىڭ ئۆزلىرىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغان - كۆرمەيدىغانلىقىمنى، مېنىڭ مۇھەببەتتىكى ئىرادەمنى سىناپ بېقىش ئۈچۈنلا شۇنداق قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ، ئۇلارنىڭ رەت قىلغان سۆزلىرىنىڭ راست سۆز ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي، ئۇلارنى مەجنۇنلارچە ئىشتىياق بىلەن قوغلىشىپ يۈرگىنىمنى يادىمغا ئالسام نومۇس قىلىمەن، — دېدىم مەن. ئاندىن گەپنى چورتلا ئۈزۈۋەتتىم، —

www.uyghurkitap.com

بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى تىلغا ئالمايلى!

مانا بىر قېتىملىق مۇھەببەت كەچۈرمىشىم مۇشۇنداق ئاخىرلاشتى. خۇددى باشلانماي تۇرۇپلا ئاخىرلاشقان ھېكايىدەك مېنىڭ تۇرمۇشۇم ناھايىتى ھۇرۇن بىر ئەدەبىي ھەۋەسكارنىڭ دائىم بېشىنى باشلاپلا ئاخىرىنى يېزىشقا خۇشياقماي تاشلاپ قويىدىغان نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرىنىڭ قالايمىقان دۆۋىسىگە نېمىدېگەن ئوخشايدۇ - ھە! تۇرمۇش دېگەندە ھېكايە مەۋجۇت ئەمەس، بولۇپمۇ مەن كىشىلەرنىڭ كەچمىشلىرىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن، ھايات ئۇزۇن بىر تال ئارغامچا ئەمەس، بەلكى ئۈزۈك - ئۈزۈك سانسىزلىغان كىچىككىنە يىپلاردىن توقۇلغان تور. بىز ئاشۇ تور ئىچىدە بېلىققا ئوخشاش تىپىرلايمىز، ئۆزىمىزنى ھەريان ئۇرۇپ باقىمىز. بۇ تور بىزگە ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بولۇپ تۇيۇلىدۇ. تور ئەمەلىيەتتە نۇرغۇنلىغان ئۇششاق يىپلارنىڭ بىر - بىرىگە گادىرماچ چىگىلىشىدىن شەكىللەنگەن. بىز ئادەتتە باشلانماي تۇرۇپلا ئاخىرلاشقان، كەچۈرمىش ھالىتىگىمۇ كىرمىگەن، قايتا ئەسلەشكىمۇ ئەرزىمەيدىغان، ھاياتىمىزدا خۇددى يۈز بەرمىگەندەكلا ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۇششاق ئىشلارنى گويا ئۈزۈك - ئۈزۈك يىپلارنى كۆزگە ئىلمىغاندەك كۆزگە ئىلمايمىز. بىراق ئۇ بىزنىڭ پۈتكۈل ھاياتىمىزنى شەكىللەندۈرگەن، بىزنىڭ كۆزىمىزگە كۆرۈنۈپ تۇرغىنى ئەنە شۇ ئۈزۈك يىپلار... مەڭگۈلۈك ۋە چەكسىز كۆپ ئۈزۈك يىپلار...

تۈگىشىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى ھەر دەقىقە ھېس قىلىپ تۇراتتىم. ئاشۇ كۈنى دوستۇم تونۇشتۇرغان قىزنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا شۇنداق ھېسسىياتقا كەلدىم. چۈنكى قىزنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ زادىلا ئازابلانمىدىم، يۈرىكىم كىچىككىنە ئېچىشقاندەك قىلغان بىلەن، يېرىم سائەتتىن كېيىنلا ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتتىم. ئەتىسى چۈشتە ئاشۇ قىز يەنە بىر قېتىم ئۇچراپ قالمىغان بولسا ئۇنى قايتا يادىمغا ئېلىشىم ناتايىن ئىدى. كوچىدا ئاشۇ قىزنى تاسادىپىي ئۇچرىتىپ قالغاندا بىردىنلا قەلبىمنى تۈگىشىپتىمەن - دە! دېگەن خىيال چۇلغىۋالدى. تۈگىشىش توغرىسىدىكى بۇ خىيالمۇ ھېچقانداق ئازابلىق ئەمەس ئىدى. خۇددى ماتېماتىكىدىكى مەلۇم بىر تەڭلىمىنىڭ يېشىلىشىدەكلا، ھېسسىيات بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز بولغان، ئەقىل ئارقىلىق چىقىرىلغان بىر يەكۈن ئىدى. ئەگەر ئۇنى كۆرگەن چاغدا ئازابلانغان بولسام «تۈگىشىپتىمەن - دە» دەپ ئويلىمايتتىم. مېنىڭ تۈگەشكەنلىكىم مەغلۇبىيىتىمدىن ئازابلانمىغانلىقىم ئىدى.

قىزغا پەرۋاسىزلا قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتىم. قەلبىم قۇپقۇرۇق بوشلۇقتا ياكى تېگى يوق ھاڭغا ئايلانغانىدى. بۇ تېگى يوق ھاڭدا نە سۆيگۈ، نە مۇھەببەت ئازابى مەۋجۇت ئەمەستەك قىلاتتى. مەن ئۇنى كۆرگەندىلا ئۇنىڭ قەلبىمدىن پۈتۈنلەي ئۆچۈپ بولغانلىقىنى، ئۇنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ئۇنى كۆرمىگەن بولسام بەلكىم ئۆزۈمنىڭ ئۇنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكىمنىمۇ بىلمىگەن بولاتتىم. ئۇ ماڭا قاراپ زورۇقۇپ سۇسقىنا كۈلۈمسىرەپ قويدى، ئۇنىڭ بۇنداق كۈلۈمسىرىشى خۇددى بىر ھەيكەلگە ياكى يول بويىدىكى تاشلىنىپ ياتقان بىرەر پارچە كېسەككە قاراپ كۈلۈمسىرەشتەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ كۈلگۈم كەلدى، بىراق كۈلمىدىم. كوچىدىكى سانسىزلىغان ئادەملەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چاغدىكىدەك ئۇنىڭ يېنىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتتىم. بۇنىڭدىن باشقىچە بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەستەك قىلاتتى. ئۇ بەلكىم بۇرۇنقى تونۇشلۇقىمىزنىڭ يۈزىسىدىن بولسىمۇ ماڭا سالام قىلىشنى ئويلىغاندۇ، بىراق مەن پەرۋاسىز ئۆتۈپ كەتكەچكە ئۇ سالامىمۇ قىلالماي قالدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى بۇنداق زورۇقۇپ كۈلۈمسىرەشلەرنى تولا كۆرگەنىدىم. شۇڭا ئۇ مەن ئۈچۈن ھېچقانچىلىك بىر ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى زورۇقۇپ كۈلۈمسىرەش ئۇنىڭ قەلبىدە ئادەمگە خاس ھېسسىياتنىڭ بارلىقىنى ئايان قىلىپ تۇراتتى. بىراق مەنچۇ؟ مەن بىر ھەيكەل ئىدىم. شۇڭا تۈگەشكەنلىكىمنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

باشقىلارنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشەلمەسلىكنى ئۇنچىۋالا ئازاب دەپ ئويلىمايتتىم. مەن ئۈچۈن ھەقىقىي ئازاب — كۆڭلۈمدە ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ ئويغانماسلىقى، يۈرىكىمدىكى قىزغىنلىقنىڭ يوقالغانلىقى، باشقىلارنى ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتىنىڭ مەن بىلەن مەڭگۈ خوشلاشقانلىقى ئىدى. يۈرىكىم قايتىدىن ھەقىقىي ئادەمنىڭ يۈرىكىگە ئايلانسا، ھەقىقىي مۇھەببەت بىلەن قانچىلىك پۇچۇلانسا، قانچىلىك كېچىلەرنى دەرد - ھەسرەت بىلەن قان يۇتۇپ ئۆتكۈزسەممۇ مەيلى ئىدى، مەن ئۆزۈمدىن پەخىرلەنگەن بولاتتىم. رىۋايەتلەردىكى ئەسەبىي ئاشىق - مەشۇقلاردەك ئۆز سۆيگۈمنى داۋراڭ سالغان بولاتتىم. ئۆزۈمنى مۇقەددەس سۆيگۈگە ئىگە ئۇلۇغ ئادەم ھېس قىلغان بولاتتىم. بىراق، ھازىر ھەممە نەرسە يوقالغانىدى. بىرلا خىل كېتىۋاتقان زېرىكىشلىك تۇرمۇش مېنى ھەممە نەرسىگە ئۆچ قىلىۋەتكەنى-

ىدى. پۈتۈن دۇنيادىكى ھەممە ئادەمدىن، ھەممە
نەرسىدىن بىزار ئىدىم. دۇنيادا مېنى ھاياجانغا
سالالايدىغان ھېچنەرسە قالمىغانىدى. تۈگىشىش
دېگەن بۇنىڭدىن ئارتۇق بولامدۇ؟ ئەمدى مەن
دۇنيادا قايسىبىر ئىشتىياق، قايسىبىر ئارزۇ بى-
لەن ياشاپ ئۆتەي؟! زادى نېمىلەرنى قوغلىشاي؟
نېمىلەرگە ئۈمىد باغلاي؟!

كوچىدا سانسىزلىغان كىشىلەرنى ئارىلاپ
كېتىۋاتقىنىمدا ئەتراپىمدىكى ھەممە ئادەمگە نەپرەت
بىلەن نەزەر تاشلاپ، ئۆزۈمنىڭ بۇ ئالەمگە نەپ-
رەتتىن باشقا ھېچنەرسە ئاتا قىلالمايدىغانلىقىمنى
چوڭقۇر سېزىپ يېتەتتىم. بىراق، بۇ نەپرەتمۇ
قۇپقۇرۇق نەپرەت ئىدى. مەندىكى بۇنداق نەپرەت-
نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇلار ھېس قىلالمايدۇ، چۈن-
كى بۇنداق ئۇنسىز نەپرەتلىنىش چىرايىمدا سۇس
كۆلۈمسىرەش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. گاھىدا ئۆ-
زۈمنىڭ ھەممە ئادەمگە بولۇشىچە نەپرەتلىنىۋات-
قانلىقىمدىن خۇشال بولۇپ يايراپ كېتىمەن -
تېخى! . . . ۋاي ئاناڭنى! . . . مېنىڭ نەپرەتلى-
نىۋاتقانلىقىمنى ئۇلار ھېس قىلمىغانىكەن، دې-
مەك بۇ نەپرەتلىنىشنىڭ نەپرەتلەنمەسلىكتىن نې-
مە پەرقى بار؟ كوچىلاردا پات - پات ئۇچراپ
قالىدىغان گۈزەل ئاياللارغا ھەممىدىن بەكرەك
نەپرەتلىنەتتىم. ئۇلارغا يەۋەتكۈدەك، بىراق چاي-
دۇرماستىن قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كېتەتتىم. ئۇلار
بۇنى تۇيمايتتى. ئەگەر ئۇلار تۇيىدىغان بولسا
چوقۇم بۇنداق غەلىتە نەپرەتتىن پۈتۈن بەدىنى
شۈركىنىپ، ئەندىكىپ كېتىشى مۇمكىن دەپ
ئويلايتتىم گاھىدا. ئۇلار چوقۇم قاتتىق چۆچۈپ
كېتىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇلار بۇنداق دەھشەت-
لىك نەپرەتنىڭ بارلىقىنى بۇرۇن تەسەۋۋۇر قى-
لىپ باققان بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى
ماڭىلا خاس بولغان بۇنداق نەپرەت بىلەن قارىغان
ۋاقتىمدا كۆزلىرىمنى كۆرۈپ قالسا بەلكىم ئاشۇ
چاغدىكى قارىشىم ئۇنىڭ مېڭىسىگە ئورنىشىۋې-
لىپ، ئۆلگۈچە ئۇنتۇيالماسلىقى مۇمكىن. ئاشۇ
مەنزىرە دائىم ئۇلارنىڭ خىيالىغا بۆسۈپ كىرىۋې-
لىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى بىر ئۆمۈر تىنىمسىز
غەش قىلىپ تۇرۇشى مۇمكىن. ئاياللارنىڭ گۈ-
زەل بەدىنى مېنى ئۇلارغا نەپرەتلەندۈرەتتى. مەن
ئۇلارنىڭ نەپرەتلىنىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلىشىنى
خالىمايتتىم. ئۇلارنىڭ گاھىدا يېرىم كېچىلەردە
ئۇيقۇسىز ئويغىنىپ، نەپرەت بىلەن قارىغان ھا-
لىتىمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ۋەھىمىگە چۆمۈ-
شىنى ۋە خۇددى مېنى كۆرمەكچى بولغاندەك يان
تەرىپىگە بۇرۇلۇپ قارىشىنى تەسەۋۋۇر قىلالاتتىم.
ئېنىقكى، بۇنداق نەپرەتلىك قاراشنى تەسەۋۋۇر
قىلىشتىن ئۇلار مەڭگۈ قۇتۇلالمايدۇ، گەرچە بۇ
نەپرەتلىك قاراشنىڭ نېمە ئۈچۈن دائىم خىيالىغا
كىرىۋالىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتەلمىسىمۇ، ئۇنى
تەسەۋۋۇر قىلىشتىن قۇتۇلۇشقا، ئۇنتۇلۇپ كې-
تىشكە ھەرقانچە تىرىشسىمۇ، بۇ نەپرەتلىك قا-
راش ھامان ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەي ئۇلار-
نى قىينايدۇ.

ئۇنىڭ خەتلىرىنى زادى قەيەردە كۆرگەنلى-
كىمنى ئەسلىيەلمەيمەن. ئۇنىڭ ئۆزى يازغان
خەتلەرنى بەكمۇ مەخپىي تۇتىدىغانلىقى ئېنىق يا-
دىمدا. بىراق ئۇنىڭ يازغان خەتلىرىنى مەن تو-
لۇق كۆرگەن. ئۇ زادى كىم؟ مەن بۇنى چورتلا
ئۇقمايمەن! خۇددى ئۆمرۈمدە ئۇنداق بىرسىگە
ئۇچراپ باقمىغاندەك. بىراق، ئۇنىڭ يازغان خەت-
لىرى ۋە بەزى كەچۈرمىشلىرى ھەتتا ئىچكى
سىرلىرى مېنىڭ شۇنداق ئېنىق ئېسىمدە. ئۇ
زادى كىم؟ مەن ئۇنى نەدە كۆرگەن، ئۇنى نېمە
ئۈچۈن تونۇيمەن. ئۇنىڭ خەتلىرى زادى قانداق
بولۇپ ئېسىمدە قالدى؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا
پۈتۈنلەي قاراڭغۇ. بىراق ئۇنىڭ خەتلىرىدىكى
ھەر بىر قۇر، ھەر بىر سۆز، چېكىت - پەشلەر-
گىچە خۇددى ئاشۇ خەتلەر يەنىلا قولۇمدا تۇرغان-
دەكلا يادىمدا قاپتۇ.

«سالام، ئوماق قىزچاق!» ئۇ دائىم خېتىد-
نى شۇنداق باشلايتتى. بۇ پەقەت ئۇنىڭغىلا خاس
ئالاھىدىلىك بولسا كېرەك، مەن باشقىلارنىڭ
خەتتى ئۇنداق باشلىغانلىقىنى كۆرۈپ باقمىغاند-
دىم.

«. . . يەنە سىزگە خەت يېزىۋاتىمەن، ھەر-
قاچان مەندىن تازىمۇ بىزار بولغانسىز. بوپتۇ،
سەۋر قىلىڭ، بۇ ئەڭ ئاخىرقىسى بولۇپ قال-
سۇن. . .

ئەگەر بىرەر يىل ئاۋۋال بىرەيلەن ماڭا بىر
ئادەم بىر قىزنى ھاياتىدىن كەچكۈدەك دەرىجىدە
بۇنداق جان - جەھلى بىلەن ياخشى كۆرىدۇ دېگەن
بولسا ئىشىنىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى، لېكىن
ھازىر مۇتلەق ئىشىنىدىغان، گۇمان قىلمايدىغان
بولۇپ قالدىم. بەلكىم سىزدە بۇنداق ھېسسىيات
يوقتۇر، شۇڭا بۇ گەپ سىزگە بەلكىم كۈلكىلىك
تۇيۇلار. . .

مەن سىزنى تازىمۇ كۈتتۈم. باشقىلارنىڭ
سىزنى شۇنداق ھالدا تاشلىۋېتىشىنى بىلەتتىم.
سىزنى ‹كۆرەلمەيۋاتىدۇ›، دەپ ئويلاپ قالمىسۇن
دەپ بۇ توغرىدا ئېغىز ئاچمىغانىدىم، سىزنىڭ
باشقىلار تەرىپىدىن شۇنچە ئاياق ئاستى قىلىنغان-
لىقىڭىزغا ئېچىنىدىم ۋە خۇشال بولدۇم. مەن
ئۈچۈن شۇنچە قىممەتلىك بولغان، ئېرىشىش قى-

www.uyghurkitap.com

يېقىن بولغان سۆيگۈڭىزنىڭ باشقىلارنىڭ ئالدىدا بىر تىيىن بولغانلىقىغا ئىچىندىم، بىراق باشقىلارنىڭ سىزنى تاشلىۋېتىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم، چۈنكى باشقىلار سىزنى تاشلىۋەتكەندىلا ئاندىن مەن سىزگە ئېرىشەلەيتتىم، شۇڭا مەن بۇنى كېچە - كۈندۈز كۈتتۇم. ئاخىرى تاشلانغانلىقىڭىزنى ئاڭلىغان ۋاقتىمدا خۇشاللىقتىن يايراپ كەتتىم. سىزنىڭ ئامەتسىزلىكىڭىزدىن خۇشال بولغانلىقىمنى ئاڭلاپ خاپا بولماسلىقىڭىزنى سورايمەن. بەلكىم سىز باشقىلارنىڭ سىزنى تاشلىۋېتىشى سەۋەبىدىن ئۆزىڭىزنى بەختسىزمۇ ھېس قىلمىغانسىز! چۈنكى سىز بۇنىڭغا كۆنۈپ كەتكەن. بەلكىم باشقىلار سىزنى تاشلىۋەتمىگەن چاغدىمۇ ئۆزىڭىزنى بەختلىك ھېس قىلىپ كەتمىگەن بولغىتىڭىز، چۈنكى سىز ئۆز گۈزەللىكىڭىزگە ئىشىنىسىز، بىراۋ تاشلىۋەتسە يەنە باشقىلارنىڭ دەرھال چىقىدىغانلىقى سىزگە ئايان. تاشلىۋېتىش سىز ئۈچۈن ھېچنەرسە ئەمەس، چۈنكى سىز ئەزەلدىنلا تاشلىنىقلىق. پەقەت مەنلا سىزگە ئېرىشەلمىگىنىم بىلەن باشقىلار سىزگە خالىغانچە ئېرىشەلەيدۇ. سىز يەرگە تاشلانغان بىر تال گۈلگە ئوخشايسىز، سىز تاشلىنىقلىق بولسىڭىزمۇ باشقىلارنىڭ سىزنى قايتا قولىغا ئالىدىغانلىقىنى بىلىسىز، بىراق، سىز تاشلىنىپ ياتسىڭىز زادى كىمنىڭ سىزگە ھەقىقىي ئىچىنىپ، سىزنىڭ سولغۇن بەرگىڭىزگە كۆز ياشلىرىنى تېمىتىپ تۇرۇپ، كۆزلىرىگە سۈرتۈپ قولىغا ئالىدىغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن سولغۇن بەرگىلىرىڭىزنى جانلاندۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيسىز! باشقىلار سىزنى قولىغا ئالىدۇ، بۇ چوقۇم! لېكىن ئۇلار باشقىلارنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدىن تۇزۇپ چىقىپ بەرگىڭىزگە قونغان توپىلارنى سۈرتۈۋېتەيمۇ دېمەستىن سىزنى پۇراپ قويۇپلا يەنە شۇ توپا تۇزىتىپ تۇرغان سانسىز ئاياغلار ئاستىغا تاشلىۋېتىدۇ! سىز بولسىڭىز بەلكىم بۇنىڭغا ئانچە ئىچىنىپمۇ كەتمەيسىز، تاشلىنىشنىڭ تېخىمۇ كۆپ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىسىز، چۈنكى تاشلىنىشنىڭ كۆپلۈكى سىزنى قولىغا ئالغۇچىلارنىڭ كۆپ بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىدۇ. قانچە كۆپ ئادەم قولىغا ئالسىلا ئاندىن شۇنچە كۆپ تاشلىنىسىز، تاشلانغانلىقىڭىزدىن پەخىرلىنىشىڭىز مۇمكىن. چۈنكى بۇنداق كۆپ تاشلىنىشلاردىن ئۆز قىممىتىڭىزنى ھېس قىلالايسىز. . . چۈنكى قانچە كۆپ تاشلانسىڭىز شۇنچە كۆپ قولغا ئېلىنىسىز. . .»

ئۇ ئەنە شۇنداق خەتلەرنىمۇ يازغان. ئۇ خەتلىرىنىڭ بەكمۇ كۆلكىلىك ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدىلا ھېس قىلغانىدى، بىراق قايتىدىن يازاي دېمىدى، چۈنكى قايتا يازسا خېتىنىڭ تېخىمۇ كۆلكىلىك بولۇپ كېتىپ تېخىمۇ كۆپ مەسخىرىگە قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى ھەرقانداق ئادەم مۇھەببەت خېتىنى كۆلكىلىك ھېس قىلماي قالمايدۇ، چۈنكى ئۇ سىبىنىڭ سىرلىرىڭنى، نومۇسلۇق ئىچكى خىياللىرىڭنى ئاشكارىلىۋېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە ئېرىشىش بىلەن سۆيگۈسىگە ئېرىشىش ئوخشاشلا بىر ئىش. چۈنكى نېمىلا بولمىسۇن بىرنەرسىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگىمۇ ئېرىشەلمىسەڭ بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ پۈتۈن دۇنيادىكى ھەممە ئادەمنى سۆيگىنىڭ بىلەن ھەممە ئادەمنىڭ سېنى سۆيۈشى ناتايىن، شۇنىڭدەك ھەممە ئادەمگە نەپرەتلىنىش ئارقىلىق، ھەممە ئادەمنىڭ نەپرىتىگە ئېرىشەلىشىڭمۇ ھەممە ئادەمنىڭ سۆيۈشىگە ئېرىشىشىڭگە ئوخشاشلا قىيىن. باشقىلارنى سۆيۈپ - سۆيۈپ ھالسىرىغاندەك باشقىلارغا نەپرەتلىنىۋېرىپمۇ ھالسىرىماي قالمايسەن! ئاخىرىدا ھېچكىمنىمۇ سۆيمەيدىغان، ھېچكىمگىمۇ نەپرەتلەنمەيدىغان بولۇپ قالغان چېغىڭدىلا ئۆزۈڭنىڭ تامامەن تۈگەشكەنلىكىڭنى تۇيۇقسىز ھېس قىلىپ يېتىشىڭ مۇمكىن. مانا بۇ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان پاجىئە. گۇمران بولۇش، قىيامەت توغرىسىدىكى سىرلىق خىياللار ۋە تۇيغۇلارمۇ بۇنداق «تامامەن تۈگىشىش» تەك ئادەمنى جەلپ قىلالمايدۇ. مېنىڭ دۇنيادىن تەلەپ قىلغىنىم بەكمۇ كۆپ بولۇپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايتتى ئۇ. ئەڭ دەسلەپتە شۇنداق ئەسەبىيلەرچە ھالدا، خۇددى باشقىلاردىن ئالمىسا بولمايدىغان ھەققى باردەك، ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىنى سۆيۈشىنى تەلەپ قىلاتتى، چۈنكى ئۇ ھەممە ئادەمنى سۆيگەنلىكىم ئۈچۈن چوقۇم شۇنداق بولۇشى كېرەك دەپ ئويلايتتى. كېيىنچە پەقەت ئەتراپىدىكى ئايالлار، رەسىملەردىكى، كىنولاردىكى ئاياللاردىنلا بۇنى تەلەپ قىلىدىغان بولدى، بىراق ئەڭ ئاخىرىدا بىرلا ئايالنىڭ سۆيۈشىگە ئېرىشىشكىمۇ قانائەت قىلغان ۋاقتىدا بۇنىڭمۇ «بەكمۇ كۆپ» بولۇپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ يەتمىگەنىدى. ھەرقانداق نەرسە بەكمۇ كۆپ بولۇپ كەتسە ئەكسىگە يانىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئادەمنىڭ ئۆزىگە زەربە بېرىدۇ. سۆيۈش بەكمۇ كۆپ بولۇپ كەتسە، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى يەپ تۈگىتىدىغان نەپرەتتىنمۇ بەكرەك ئادەمنى قىينايدۇ. ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدە، ئۇ خەتنى يېزىپ بولۇپ، بىرھازا قايتا ئوقۇپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى ئۆزىنىڭ يازغانلىرىدىن ئۆزىنىڭ نومۇس قىلىدىغانلىقىنى،

خەتنى چوقۇم يىرتىپ تاشلىۋېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. يىرتىپ تاشلىۋەتسە ئىلاجىسىز يەنە قايتا يېزىشقا مەجبۇر بولاتتى. چۈنكى ئۇ ئۇنىڭغا خەت يېزىشى، مۇھەببەت ئىزهار قىلىشى كېرەك، ئۇنىڭغا قەلبىدە مۇھەببەت ئوتلىرىنىڭ يېنىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدۇرمىسا بولمايدۇ، ئۇ بۇنى چوقۇم ھېس قىلىشى كېرەك. بىراق ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن مۇھەببەت ئىزهار قىلىشىڭ كېرەك؟ ئۇ بۇنى خىيال قىلىپ بىردەم تۇرۇپ قالدى؛ بەلكىم قەلىمىنىڭ ئۇچىنى ئاغزىغا سالغىنىچە بىردەم ئويلانغاندۇ ياكى بىرەر تال تاماكا چەككەندۇر، ئىشقىلىپ، بىردەم ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزهار قىلىشنىڭ سەۋەبى ھەققىدە ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزهار قىلىشقا زادى نېمە سەۋەبچى بولدى؟ ئۇنى نېمە ئۈچۈن چوقۇم سۆيۈشى كېرەك؟ ئۇنى سۆيۈشكە مەجبۇرلاۋاتقان نەرسە نېمە؟ ھېچنەرسە ئۇنى ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزهار قىلىشقا مەجبۇرلىيالمايدۇ، چۈنكى ئۇ ناھايىتى ئەركىن بىر ئادەم، ئەسەبىيلەرچە ئەركىن بىر ئادەم. بۇنداق ئادەمنى ساراڭ قىلىۋېتىدىغان ئەركىنلىكتىن قۇتۇلۇشقا ئۇنىڭدا چارە يوق، خۇددى ئۇنى سۆيمەسلىككە چارە بولمىغاندەك. . .

باشقىلارنى سۆيۈش پۈتۈنلەي ئىلاجىسىزلىقتىن بولىدۇ. سەن بۇنداق مۇھەببەت ئالدىدا ئامالسىزسەن. باشقىلارغا تەلپۈنۈش، باشقىلارنى سۆيۈش پۈتۈنلەي سېنىڭ بىچارىلىكىڭنىڭ ئىپادىسى، سەن ھەقىقىي قۇدرەتلىك ئادەم بولماقچى بولساڭ چوقۇم باشقىلارنى سۆيمەيدىغان بول! شۇندىلا ئۆزۈڭنى قۇدرەتلىك دەپ ھېسابلىيالايسەن.

ئۇنى سۆيۈشكە مەجبۇرلاۋاتقان ھېچنەرسە يوق! بىراق، ئۇ ئۇنىڭغا سۆيگۈ ئىزهار قىلىۋاتىدۇ، رەسۋالارچە باشقىلار ئالدىدا يېلىنىۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە سۆيگۈ ئاتا قىلىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. نېمە ئۈچۈنكى، ئۇنىڭغا بۇ ئىشلار دەسلەپىدىلا ناھايىتى بىنورمال بولۇپ تۇيۇلغانىدى. كاللىسىنىڭ نورمال ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىدى، بولمىسا بۇ ئىشلارنىڭ نورمال ياكى بىنورمال ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالمىغان بولاتتى. بىراق، تەپەككۇرى شۇنچە نورمال تۇرسا يەنە نېمە ئۈچۈن بىنورمال تۇيۇلغان ئىشلارنىمۇ قىلىۋېرىدۇ؟ ئۇ بۇنى بىلەلمىدى. ھەممە ئادەم باشقىلارغا مۇھەببەت ئىزهار قىلىدۇ، چۈنكى ھەممە ئادەمنىڭ قەلبىدە باشقىلارغا نىسبەتەن سۆيگۈ بار، بىراق ئۇلار قەلبىدىكى سۆيگۈنى ئىزهار قىلمىسا نېمە بولىدۇ؟ ئۆزلىرىنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى قاندۇرمىسا نېمە بولىدۇ؟ جىنسىي ئېھتىراش تاماققا بولغان ئېھتىراشقا ئوخشىمايدۇ، چۈنكى ئادەملەر تاماق يېمىسە ئۆلگىنى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلمىغانغا ئۆلۈپ قالمايدۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن چۈشكەن ئاشۇ 18 يىلدىن بۇيان جىنسىي ھەۋەسنى قاندۇرمايمۇ خۇشال - خۇرام ياشاپ كەلگەن ئىدىغۇ، ئەجەبا ئەمدى نېمە ئۈچۈن بۇ خىل ھەۋەسنى قاندۇرۇشقا چارە ئىزدىمىسە بولمايدىغان بولۇپ قالدى؟ لېكىن كېيىنچە بۇ ئېھتىراشنىڭ تاماققا بولغان ئېھتىراشقا قارىغاندا گەرچە ئادەم ئۆلتۈرەلمىسىمۇ نەچچە ھەسسە ئازابلىق ئىكەنلىكىنى بارا - بارا سېزىپ يەتكەن ۋاقتىدا ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئامالسىز، ھەقىقەتەنمۇ بىچارە ئىكەنلىكىنى سېزىپ يەتتى. موھتاجلىق ئۇنى تۈگەشتۈرمەكتە ئىدى.

— سەندە مىللىي ھېسسىيات، مىللىي ئاڭ دېگەن نەرسىلەر يوق. سەندە بارى پەقەتلا جىنسىي ئاڭ! — دېگەنىدى ئاغىنەم. ئۇ شۇنداق دېگەن ئاشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە تاقابىل تۇرغۇدەك بىرەر سۆزنى ئۇ ئويلاپ تاپالمىغانىدى. ئۆز مىللىتىنى قانچىلىك سۆيىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۇ ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە قاتتىق غەزەپلەنگەنىدى. ئىچىدە بىرنەچچە كۈن غۇم ساقلاپ، ئازابلىنىپ يۈردى، بىراق بىر كۈنى كېچىدە ئۆزى يالغۇز كوچىلارنى ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ، بىر كوچا چىرىغىنىڭ يېنىدا توختىدى - دە، تۇيۇقسىز «ۋاي! ئاناڭنى! . . .» دەپ سالدى. چىراغنىڭ خۇنۇك يورۇقى ئاستىدا بىچارە سايىسى بەكمۇ يالغۇز ئىدى. بەلكىم ئەتراپتا ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن سۆزنى ئاڭلىغان ئادەم يوقتۇر، چۈنكى ئۇ ناھايىتى كېچىدە ئادەمسىز قالغان كوچىنى ئايلىنىشنى ياخشى كۆرەتتى. كوچىنىڭ تېخىمۇ ئادەمسىز قۇپقۇرۇقلۇقى ئۇنىڭ قەلبىدىكى غېرىبلىق تۇيغۇسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتەتتى، ئۇ شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ يەككە - يېگانە ۋە مەغرۇر قىياپەتكە كىرەتتى. ئۆزىنىڭ تەنھالىقىنى ئازاب بىلەن تاماشا قىلاتتى. يولدا كېچىلىك سورۇن ياكى ئولتۇرۇشلاردىن قايتىپ كېلىۋاتقان بىرەر مەست ياكى قونىدىغان يەر تاپالماي ئايلىنىپ يۈرگەن بىرەر مۇساپىر يا باشقىلار ئۇچراپ قالسىلا كەيپى ئۇچۇپ ئۇلارنى ئىچىدە مىڭنى تىللايتتى. كوچا قاراڭغۇ ياكى كوچا چىراغلىرى ئانچە يورۇق بولمىغاچقا، ئۇچراپ قالغان كىشىنىڭ زادى قايسى مىللەتكە تەۋە ئىكەنلىكىنى بىلمەك تەس ئىدى، شۇڭا ئۇلارغا نىسبەتەن ئۇنىڭدا مىللىي ھېسسىياتنىڭ بولۇشى ناتايىن ئىدى. بۇ توغرۇلۇق ئويلىنىپمۇ ئولتۇرمايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىللىي مۇھەببەتمۇ جىنسىي مۇھەببەتنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى دەپ ئويلىدى ئۇ. شۇنىڭ بىلەن «ۋاي، ئاناڭنى! . . . » دېگەن سۆز ئاغزىدىن چىقىپ كەتتى. بىرھازاغىچە زادى نېمە ئۈچۈن شۇنداق خىيالغا كېلىپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدى، بەلكىم تا ھازىرغىچە بۇنى ئېنىق بىلەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن، بەلكىم ئۇ بىر قالايمىقان خىيالدۇر. بۇ سۆزنى باشقىلار ئاڭلىسىمۇ ئۇنىڭغا قاتتىق نەپرەتلىنىشى مۇمكىن، بىراق بۇنداق نەپرەتكە ئېرىشىش مۇھەببەتكە ئېرىشىشكە ئوخشاشلا ئىش! باشقىلار ئۇنى نورمال ئادەم ئەمەسكەن دەپ ئويلىشى مۇمكىن، بىراق نېمە ئۈچۈن چوقۇم نورمال ئادەم بولۇش كېرەك؟ سېنىڭ مىللىتىڭ سېنىڭلا ئەمەس، يەنە باشقا ئادەملەرنىڭمۇ مىللىتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار سېنىڭ مىللىتىڭگە نىسبەتەن خالىغانچە ھېسسىياتتا بولۇشىڭغا يول قويمايدۇ، خۇددى سېنىڭ ھېسسىياتىڭدا ھەققى باردەك. شۇنىڭ بىلەن سەن زادى ئۇلار بىنورمالمۇ ياكى ئۆزۈڭ، بۇنى بىلىپ يېتەلمەيسەن.

ئۇ تۇيۇقسىز ئۆزىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى بىچارە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، چۈنكى ئاشۇ چاغقىچە مىللىتىنى سۆيۈپ كەلگەنىدى. سۆيگەندىمۇ قاتتىق سۆيگەنىدى، مۇشۇنداق سۆيگۈگە موھتاج بولۇپ كەلگەنىدى. خۇددى بۇ سۆيگۈ بولمىسا ياشىيالمايدىغاندەك!

شۇ چاغدا بىرھازاغىچە ئۆز خىيالىغا ھەيران قېلىپ، خۇددى يەرگە تۆكۈلۈپ كەتكەن يۇندىدەك تۇرغان خۇنۇككىنە غۇۋا سايىسىگە قاراپ بىرھازا تۇرۇپ قالدى، ئاندىن بۇنداق خىيال قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ زادىلا تايىنى يوق ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، دەرھال يىراقتىكى بىر بىنانىڭ يورۇق تۇرغان دېرىزىسىگە قارىدى، بەلكىم بۇنداق قىلىش ئارقىلىق خىيالىنى بۇ تېمىدىن يۆتكىمەكچى بولغاندۇر. . . بەلكىم ئاشۇ دېرىزە ئىچىدە بىر ئايال، بىر ئەر مۇھەببەتلىشىپ ياتقاندۇر - ھە! دېگەن خىيال ئۇنىڭ تېخىمۇ ئوغسىنى قايىنىتىۋەتتى.

كىشىلەر بىر نەرسىنى سۆيگەندە ئۆزىدىكى مەلۇم بىر ھەۋەسنى قاندۇرۇش ئۈچۈن سۆيىدۇ، مىللەتنى سۆيۈشمۇ شۇنداق. باشقىلارنى سۆيۈش باشقىلاردىن پايدىلىنىپ ھەۋەس قاندۇرۇش دېمەكتۇر. بۇ باشقىلارنى قول قىلىشتۇر. بۇ باشقىلارنى دۈشمەن كۆرۈشتىن باشقا نەرسە ئەمەس! باشقىلاردىن پايدىلىنىشقا نېمە ھەققىمىز بار؟

ئۇنىڭ ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ يۈرۈشىدىكى مەقسىتى ئېنىقكى، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ھەۋەسنى قاندۇرۇش ئىدى. ئۇنىڭ بۇنى ھېس قىلىپ كېتەلىشى ناتايىن، ئۇ بولسا ئۆزىنىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنىۋاتقىنىنى بىلمەيدۇ، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئاياق ئاستى قىلىنىۋاتقانلىقىمنى بىلمەيمەن! ياق. بۇنى ھېس قىلغان تەقدىردىمۇ يول قويىمەن، بۇنىڭغا موھتاجمەن، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزەتتى.

ئۇ ئۇنىڭغا يازغان سۆيگۈ خېتىدە ئۇنى بىر تال گۈلگە ئوخشاتقانىدى. ئەمەلىيەتتە ھېچقانداق ئايال گۈلگە ئوخشىمايدۇ، چۈنكى گۈلدە ئاياللارنىڭكىدەك قىپيالىڭاچ بەدەن ۋە نازۇكەرەشمە يوق! ئاياللاردەك شۇنچە گۈزەل نەرسىنى ھېچنەرسىگە ئوخشاتقىلى بولمايدىغانلىقىنى كېيىنچە، يەنى ئېچىرقاش ئازابىنى ھېس قىلىپ يەتكەن چاغلىرىدىلا بىلىپ يەتكەنىدى.

ئۇ ئۇنىڭغا نېمىشقا كۆيۈپ قالغىنىنى بىلمەيتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭغا جان - جەھلى بىلەن كۆيگىنىگە، ئۇنى ئۈن - تىنسىز ئازاب بىلەن، ئۈمىدسىزلەنگەنسېرى قوغلاشقانلىقىغا، ئۇنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ جان - جەھلى بىلەن بىلمەسلىككە تىرىشقىنىغا، ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىشىغا سەۋەب بولغان نەرسىنىڭ ئۇنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرمەسلىكى بولۇپ چىقىشىنى ھېس قىلىپ يەتمەسلىك ئۈچۈن سانسىزلىغان باشقىچە سەۋەبلەرنى خالىغانچە ھالدا ئەقلىي تەپەككۇرنى دەپسەندە قىلىپ تۇرۇپ توقۇپ چىقىرىپ، ئۆزىنىڭ توقۇپ چىقارغان نەرسىلىرى بىلەن ئۆزىنى قاتتىق ئىشەندۈرۈپ كەلگەنلىكىگە، ھەممىنى قايرىپ قويۇپ غورۇرىنى يەرگە ئۇرۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا يېلىنىپ كەتكەنلىكىگە، بارلىق رەشىك ئازابلىرىغا چىداپ، ئۇنىڭدىن قىلچىمۇ رەنجىمەي، ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن سۆيۈشۈشلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ھېچنېمە بولمىغاندەك قىلچىمۇ كۆڭلىگە ئالماي، ئۇ گويا ئۆزىنىڭ ئاشۇ كۆڭلىگە ئالماسلىقىدىن تەسىرلىنىپ كېتىپ مۇھەببەت ئاتا قىلىدىغاندەك، بىلمەسلىككە سېلىش ئارقىلىق ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىپ كەتكەنلىرىنى ئويلىسا تېنى شۈركىنىپ كېتىدۇ، ھەقىقەتەنمۇ شۇ ئىشلارغا ئىشەنگۈسى كەلمەي قالىدۇ. ھازىر مەندە ئۇنىڭدا بار بولغاندەك ئۇنداق قىزغىن، ئۇنداق سەبى، ئۇنداق پاك مۇھەببەت توغرىسىدىكى رومانتىك تەلپۈنۈشلەر تۈگەپلا كەتكەنىدى. ئۇ ھەتتا ئۇنى بىرنى سۆيۈۋېلىپلا بۇنىڭ بەدىلى ئۈچۈن ئۆلۈپ كېتىشكە توغرا كەلسىمۇ رازى بولاتتىم دېگەندەك ئەسەبىي خىياللارنىمۇ قىلغانىدى. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭغا مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى مۇزلاپ كەتكەندەك بولغانىدى.

دېمەك، ئۇنىڭ جېنىمۇ ئۇنى بىر سۆيۈشكە ئەرزى-
مەي قالغانىدى. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۇنى سۆ-
يۈۋېلىشقا مۇيەسسەر بولغانىدى، بىر قېتىملىق
سۆيۈشۈش ئۇلار ئۈچۈن ھېچنەرسە ئەمەس ئىدى،
«ئۇنى سۆيۈۋاتقان چاغدا كەچ بولۇپ كەتكەن بول-
سا بەزىلەر ئۇنى ياتىقىغا ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن
سۆيۈشتىن توختاپ ئۇنى ياتىقى ئالدىغىچە ئاپىرىپ
قويغان بولۇشى مۇمكىن. دېمەك، ئۇنى يەنە بىر-
نى سۆيۈۋەتسىلا مېنىڭ جېنىمدەك قىممەتلىك
نەرسىگە ئېرىشەلەيدۇ، مېنىڭ جېنىم ئەنە شۇن-
چىلىكلا نەرسىمۇ؟ باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ بىلەن
ئۇچراشقان ھەر بىر مىنۇتلىرى ئارىسىدا نۇرغۇن
قېتىم مېنىڭ جېنىمغا تەڭ سۆيۈشلەر لەۋلەر
ئارىسىدا ھېچقانچىلىك قىممەتكە ئىگە بولماي يۈز
بېرىۋېرىدۇ، لەۋلەر ئارىسىدا مېنىڭ جېنىمنىڭ
قىممىتى ساماندەك قەدىرسىز ھالدا چېچىلىپ يا-
تىدۇ. بەلكىم بەزىلەر ھەتتا ئۇنى سۆيۈۋېرىشتىن
زېرىكىپمۇ باققاندۇ. . . » دەپ ئويلايتتى ئۇ ھەس-
رەت بىلەن.

ئۇ ئۇنىڭغا مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى
ھېس قىلىپ يەتكەن چېغىدا، يەنى ئۇنىڭغا ئېرى-
شەلمەيدىغانلىقىغا تەن بەرگەن ۋاقتىدا (ئۇنىڭغا
مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغانلىقىغا ھەقىقىي تەن بېرىپ
باقمىغانىدى، تەن بەرگەن بولسا ئۇنىڭدىن كې-
يىنكى ھاياتىنىڭ زادى قانداق بولۇشىنىمۇ تە-
سەۋۋۇر قىلالمىغان بولاتتى. ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەي-
دىغانلىقىغا زادى قانداق تەن بەرگەنلىكىنى ئۇ
ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. تا ھازىرغىچە تەن بەرمىگەن-
دەك ھېس قىلىۋاتقاندۇر بەلكىم. بىراق، ئۇنى
قوغلاشماس بولۇپ قالغاچقا بەلكىم تەن بەرگەندى-
مەن دەپ ئويلاشقا مەجبۇر بولغاندۇ) . كونكرېت
قىلغاندا ئۇنى قوغلاشماس بولغاندا ياكى نەزەرى
باشقا قىزلارغا ئاغدۇرۇلغان چاغلاردىلا ئۇ تامامەن
تۈگەشتىم دەپ ئويلىغانىدى. بىرنەچچە كۈن ئۆ-
زىنىڭ نەدە تۇرۇپ، نەدە يۈرگىنىنى، نېمە ئىش-
لارنى قىلىۋاتقىنىنى بىلەلمەيلا قالغانىدى. ئۇيقۇ
دورىسى يەۋالغاندەك خامۇش ھالەتتە تۇتقان - قويى-
غىنىنى بىلمەي يۈرگەنىدى. ئەينى چاغدا بەلكىم
ئۇ پۈتۈنلەي تۈگەشتىم دەپ ئويلىغاندۇر، بىراق
ئۇنىڭدا پەيدا بولغان تۈگىشىش تۇغرىسىدىكى ئا-
شۇ تۇيغۇ ھازىر مەندە پەيدا بولۇۋاتقان «تۈگى-
شىش» تۇغرىسىدىكى تۇيغۇغا زادىلا ئوخشىمايدۇ.
مەن ئۇنىڭ زادى قانداق تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى بىلە-
مەيمەن. بەلكىم بۇنى مەڭگۈ بىلمەسلىكىم مۇم-
كىن، چۈنكى بىز تامامەن باشقا - باشقا ئىككى
ئادەم. بىر ئادەمدىكى ھېس - تۇيغۇنىڭ يەنە بىر
ئادەمدە ئوپئوخشاش ھالەتتە بار بولۇشى مۇمكىن
ئەمەس. خۇددى بارماق ئىزى ئوپئوخشاش ئىككى
ئادەمنى تاپقىلى بولمىغانغا ئوخشاش، تۇيغۇسى
ئوپئوخشاش ئىككى ئادەمنىڭ تېپىلىشىمۇ ناتا-
يىن. ئەگەر ئاشۇ چاغدا ئۇنىڭدا پەيدا بولغاندەك
تۇيغۇ مەندىمۇ پەيدا بولۇپ، بۇنىڭدىن بۇرۇن بىر
قېتىم ئەنە شۇنداق پۈتۈنلەي تۈگەشكەن بولسام
يەنە ئىككىنچى رەت پۈتۈنلەي تۈگىشىم مۇمكىن
ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئادەم ئۆمرىدە پەقەت بىر
قېتىملا تۈگىشىدۇ. . . بىراق، مەن پۈتۈنلەي
ناتونۇش ئاشۇ ئادەمنىڭ ھېس - تۇيغۇلىرىنى زادى
قانداق بىلگەندىمەن؟

قەلبىمدە ھېچقانداق قىزغىنلىق قالمىغانى-
دى، تۇغۇلۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ياشىماي ئىلا-
جىم يوق ئىدى.

— مەن گەپنى ئۇنىڭغا رەسمىي ئۇچۇق
ئېيتمىدىم، چاقچاق قىلغان بولۇپلا پۈرىتىپ باق-
تىم، ئۇمۇ بۇنى چاقچاق دەپ ئويلاپ قالدى، مەن
بۇ قېتىم ئۇنىڭغا ئېنىق دەپ باقاي، بەلكىم باش-
قىچە جاۋاب بېرىپ قالار،— دېدى ئاغىنەم.

ئۇ ئۇنى تەلۋىلەرچە قوغلىشىپ يۈرگەن چاغ-
لىرىدا دائىم مانا مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئۆزىگە
ئۆزى تەسەللى بېرەتتى. ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت
قىلغان ھەر بىر سۆزىدىن ئەنە شۇنداق يوچۇق
ئىزدەيتتى. ھامان بىر يوچۇقنى تېپىپ ئۆزىنى
گوللايتتى. ھازىر ئاغىنەممۇ باشقا بىر قىزنىڭ
جاۋابىدىن ماڭا يوچۇق تېپىشىپ بېرىۋاتاتتى.

— بولدى، بولدى، — دېدىم مەن، —
دۇنيادا قىز ئازمىدى!

بۇ سۆزۈممۇ پۈتۈنلەي ساختىنا قىياپەتتە ئېيت-
تىلغان سۆز ئىدى. چۈنكى دۇنيادىكى شۇنچە
كۆپ قىزلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ مۇھەببىتىدە
مېنىڭ نېسىۋەم يوق بولۇشى مۇمكىن. مەن قىز-
لارنى قوغلىشىپ مەغلۇپ بولسام كىشىلەر ماڭا
دائىم ئەنە شۇنداق دەپ تەسەللى بېرەتتى. بۇ سۆز
ئۆزۈڭنىڭ مۇھەببەتكە مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدى-
غانلىقىڭنى ئېغىزدا بولسىمۇ ئىنكار قىلىپ، ئۆ-
زۈڭنىڭ بىچارە ھالىتىڭنى يوشۇرۇشقا ياردەم قى-
لالايتتى.

ئۇمۇ مېنىڭ ناھايىتى تۆۋەن ھالەتكە چۈشۈپ
قالغىنىمنى، يەنى باشقىلارنىڭ ياراتماي قېلىشقا
ئۇچرىغىنىمنى يېپىشقا تىرىشقان ھالدا ئۇنىڭ ھا-
كاۋۇرلىقىدىن بىردەم ئاغرىنىپ سۆزلىدى. ئۇ
سۆزلىرىدە ئامال بار ئۇنىڭ مېنى ياراتمىغۇدەك
ئەمەسلىكىنى، يەنى مېنىڭ ئۇ ياراتمىغۇدەك ھالدا
ئەمەسلىكىمنى ئىسپاتلاشقا خېلىلا تىرىشتى. ئۇ-
نىڭ بۇنداق سۆزلىرى شۇنچە ياخشى نىيەتتە ئېيت-
تىلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق يېغىرىمغا تۇز بولۇپ

www.uyghurkitap.com



سىپىلمەكتە ئىدى. ئۇ مېنىڭ ھېلىقى قىز بىلەلمەي قالغان ئارتۇقچىلىقلىرىمنى سۆزلىگەنسېرى ئۇنىڭغا بولغان غەزىپىم تېشىپ، ئۇنىڭ گېلىدىن سىقىپلا سۆزلەشتىن توختىتىپ قويغۇم كەپكەتتى، بىراق ئۇنداق قىلمىدىم، ھېچنېمە بولمىغاندەك كۆلۈمسىرەپ جىمجىت ئولتۇرۇۋەردىم.

— يەنە بىر قىز بار، تونۇشتۇرۇپ قويايمۇ؟ — دېدى ئۇ. ئاندىن ئۇنىڭ قانداق قىز ئىكەنلىكىنى، نەدە خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى، قانچە ياشلاردا بار ئىكەنلىكىنى ۋە باشقا ئەھۋاللارنى بىر قۇر تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. بۇ سۆزلەرنىڭ ھېچقايسىسى قۇلىقىمغا كىرمىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى توغرىسىدىكى گەپلەر تۈگەپ بولغۇچە تولىمۇ سەۋرى قىلىشقا توغرا كەلدى. ئەمەلىيەتتە مەن ئۇنىڭغا بۇنى ناھايىتى قولاق سېلىپ ئاڭلاۋاتقان، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەخلاقلىق قىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىۋاتقاندا ئالاھىدە دىققەت قىلغان بولۇپ تۇيۇلغان بولۇشۇم مۇمكىن. چۈنكى ئۇ مېنى قىزلارنىڭ ئەخلاقىنى بىرىنچى ئۆلچەم قىلىدۇ دەپ ئويلايدۇ. مەنمۇ دائىم ئەڭ ئالدى بىلەن قىزلارنىڭ ئەخلاقىنىڭ قانداقلىقىنى كۆزىتىدىغان قىياپەتكە كىرىۋالىمەن.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ مېنى ماڭا تونۇشتۇرماقچى بولغان قىزنىڭ يېنىغا باشلاپ باردى. مەن ناھايىتى ئەزمىلىك بىلەن قىزنىڭ ياتىقى بار بىناغا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چىقتىم. قىزنى كۆرۈشكە ئالدىرىغانسېرى بىنانىڭ پەلەمپەيلىرىگە، كارىدورنىڭ تۇرۇسلىرىغا خۇددى باشقا يەردە كۆرۈپ باقمىغاندەك، بۇ نەرسىلەردە ھېچقانداق يېڭىلىق بولمىسىمۇ، ئۇلارغا ئىنچىكە زەن سېلىپ قاراشنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق بولسىمۇ قاراپ ماڭدىم، بەلكىم ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرگىچە مەندە پەيدا بولغان جىددىيلىكنى مۇشۇنداق قىلىش ئارقىلىق يوشۇرۇشقا تىرىشقاندىمەن.

قىزنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپلا ئۇ ئىشىكنى چەكتى. ئەگەر مەن ئۆزۈم يالغۇز بولغان بولسام بىردەم ئىشىكنى قاقماي تۇرۇپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى دەپ ئويلىدىم مەن. ئۇ ئىشىكنى چېكىۋاتقاندا ئېزىپ قالغان ئادەمدەك بىكاردىن بىكار باشقا ياقلارغا ئەلەڭلەپ قاراپ تۇردۇم، ئىشىكنى ئاچقان ئاۋاز ئاڭلانغاندىلا ئاندىن بۇرۇلۇپ ئىرىنچەكلىك بىلەن ياتاق تەرەپكە قارىدىم، كۆزۈم قىزنىڭ ئالتۇندەك چاچلىرىغا چۈشتى. قىز بىز بىلەن سالاملىشىپ ياتىقىغا باشلىدى. بىز كىرىپ ئولتۇردۇق، مەن يەنە بىردەم ياتاقنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرگە بىرھازا زەن سېلىپ، قىزنى كۆرمىگەندەكلا ئۇنىڭ قانداقراق قىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈشكە ئالدىرىغانسېرى ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ ئۇنىڭغا قاراپمۇ باقماي ئولتۇردۇم.

قىز ئاغىنەم بىلەن بىردەم ئەھۋال سوراشتى، بىرئازدىن كېيىن ئىستاكانغا چاي قۇيۇپ ئالدىمىزغا ئېلىپ كەلدى، مەن ئالدىمغا قويۇلۇۋاتقان ئىستاكانغا قارىۋىدىم، قىزنىڭ قوللىرىنىڭ سۈس تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈزىگە قاراپ باققۇم كەلدى - يۇ، يەنىلا قارىمىدىم.

— چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇڭلار، — دېدى قىز. ئۇنىڭ ئاۋازىدىنمۇ بىر خىل جىددىيلىشىشنى ھېس قىلغىلى بولاتتى. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا لەپپىدە بىر نەزەر تاشلىدىم، قارىشىمغىلا ئۇنىڭ جىددىيلەشكەن ھالدا قاراپ تۇرغان كۆزلىرىگە كۆزۈم چۈشتى. قىز دەرھال كۆزىنى ئېلىپ قاچتى. قىزنىڭ چىرايى ئادەتتىكىچە ئىدى. ئۇنى چىرايلىق دېيىشكە بولمايتتى، سەت دېيىشكىمۇ بولمايتتى. يۈزلىرىدە ناھايىتى ئۇششاق سەپكۈنلەر بار ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ يۈزلىرى سەل قارامتۇل بولغان بولسا بۇ سەپكۈنلەر چوقۇم بىلىنمىگەن بولاتتى دەپ ئويلىدىم. ئۇنىڭ يۈزلىرى بەكمۇ ئاق بولغاچقا سەپكۈنلەرنىڭ رەڭگى بۇ ئاقلىق بىلەن سېلىشتۇرما بولۇپ ناھايىتى ئېنىقلا بىلىنىپ تۇراتتى ھەم ناھايىتى كۆپتەك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ چىرايى قارامتۇل بولغان بولسا بۇ سەپكۈنلەر ئۇنىڭ چىرايىنى ئانچىۋالا سەتلەشتۈرەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن ئىدى، ئۇ چاغدا ئۇ ھازىرقىغا قارىغاندا سەل چىرايلىقراق كۆرۈنەتتى.

قىزغا تەپسىلىيرەك قاراپ بېقىشتىن بىردەم ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، يەنىلا ئۇياق - بۇياقلارغا قاراپ ئولتۇردۇم. ئۇلار ئاللىنېمىلەر توغرىسىدا تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىۋاتاتتى. مەن ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغىمۇ ئارىلاشمىدىم. بىرئازدىن كېيىن ئاغىنەم مېنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى. دېمەك بىز تونۇشتۇق. بەلكىم ئاشۇنداق بىر پۇرسەت بولمىسا مەڭگۈ تونۇشماس بولغىتتۇق. بىرەر كىم سىنىڭ ئىسمىڭنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، كەسپىڭنىڭ نېمىلىكىنى، نەچچە ياشقا كىرگەنلىكىڭنى، قايسى مەكتەپتە ئوقۇغانلىقىڭنى، ھازىر قەيەردە خىزمەت قىلىدىغانلىقىڭنى باشقىلارغا بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇلار بىلەن تونۇشالايسەن. ئەڭ بولمىغاندا باشقىلار بىلەن تونۇشتۇم دېگەن ھېسسىياتقا كېلەلەيسەن. باشقىلار بىلەن تونۇشۇش دېگەن ئەنە شۇنچىلىكلا بىر ئىش. سەن توغرىسىدا قىلىنغان ئاشۇ بىر - ئىككى جۈملە سۆزلا بۇنىڭغا يېتىپ ئاشىدۇ. مەن بىردىنلا ئادەملەر بىلەن تونۇشۇشنىڭ ناھايىتى ئوڭاي

ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدۇم. بىراق،
باياتىن كىنوخانا تەرەپكە كېتىۋاتقان پىگورىسى
ناھايىتى كېلىشكەن قىز بىلەن، ئاپتوبۇستىكى
قىستىلىشتىن پايدىلىنىپ جەينىكىمنى يۇمشاق
كۆكسىگە تەگكۈزۈۋالغان شەھلا كۆزلۈك قىز بى-
لەن مەڭگۈ تونۇشالماي ئۆتۈپ كېتىشىم مۇم-
كىن! بۇ چاغقىچە ئۆمرۈمدە كۆرۈپ باقمىغان،
مەن بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز بولغان، مەڭ-
گۈ تونۇشماي ئۆتۈپ كېتىۋېرىشىم تامامەن مۇم-
كىن بولغان، دۇنيانى توردەك چىرماپ تۇرغان
سان - ساناقسىز يوللارنىڭ بىرىدە كېتىۋېتىپ
ئۇچرىتىپ قالساق بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ
قويۇشىمىزمۇ ناتايىن بولغان بىر قىز بىلەن مۇ-
ھەببەتلەشمەكچىمەن. ھېچنەرسىگە پەرۋا قىلمى-
غاندەك جىددىيلىشىشلەرنى ئۇنتۇپ قېلىشقا تىرى-
شىپ ئۆينىڭ ئىچىدىكى ئۇ - بۇ نەرسىلەرگە
قاراپ خىيالىمنى ئېلىپ قېچىۋاتقان ۋاقتىمدا،
ئاشۇنداق خىياللار بىلەن تېنىم شۈركىنىپ كەت-
تى. خۇددى ئەمدىلا بۇ ئۆيدە پەيدا بولغاندەك،
قىزغا لەپپىدا نەزەر تاشلىدىم - دە، يۈرىكىم
لەڭگىدە قىلىپ بىرلا ئېغىش بىلەن تېز - تېز
سوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆپكۆك زەڭگەر كۆز-
لىرى خۇددى قارايدىغان نەرسە تاپالمىغاندەك نىگا-
ھى ئۆي ئىچىدىكى ئۇ نەرسىدىن - بۇ نەرسىگە
تىنىمسىز يۆتكىلىپ تۇراتتى. قىز يەرگە ئېڭىش-
كەندە ئالتۇنرەڭ چاچلىرى يېيىلىپ كېلىپ كۆز-
لىرىنى توسىۋالاتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېشىنى
كۆتۈرۈپ چاچلىرىنى كەينىگە بوش سىلكىپ قو-
ياتتى.

ئۇنىڭ پۈتۈنلەي ناتونۇش ئىكەنلىكىنى بار-
غانسېرى ھېس قىلىپ يېتىۋاتاتتىم، ئۇنىڭ ياتى-
قىدىن چىقىپ كەتكىملا كېلىپ تۇراتتى، نېمىلەر
تەرىپىدىندۇر قىستىلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم،
بىراق بۇ قىستىلىش كوچا ئاپتوبۇسىدىكى قىستى-
لىشقا پەقەتلا ئوخشىمايتتى، ئەگەر كوچا ئاپتوبۇ-
سى بولغان بولسا مەن چوقۇم ئۇنىڭ يېنىغا قىس-
تىلىپ بارالايتتىم، ئۇنىڭ بەدىنىگە خۇددى قۇ-
چاقلىشىۋاتقاندەك بەدىنىمنى چىڭ يېقىۋالالايت-
تىم. . . مەن ئۇنى ئۆمرۈمدە بۇرۇن پەقەتلا كۆ-
رۈپ باقمىغان بولۇشۇم مۇمكىن. ئۇنىڭ بىلەن
مۇھەببەتلىشىش ئەمەس، دۈشمەنلىشىشمۇ زادىلا
قولۇمدىن كەلمەيدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

دېرىزە تەكچىسىگە قويۇلغان بىر كىتابقا كۆ-
زۈم چۈشتى، ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى بىلەن ھېچقان-
داق ئورتاقلىقىم يوق ئىدى، كىتابنى كۆرۈش
بىلەن مېنىڭمۇ زۇۋان سۈرۈشمىگە پۇرسەت تې-
پىلغاندەك ھېس قىلىپ، بېرىپ كىتابنى قولۇمغا
ئالدىم - دە، ئۇنىڭدىن «بۇ كىتابنى ئوقۇۋاتام-
سىز؟» دەپ سورىدىم. ئاۋازىم مەندىن باشقا
ھېچكىم ئاڭلىمىغۇدەك بوش چىققان بولسا كې-
رەك، قىز سوئال نەزەرى بىلەن ماڭا لەپپىدە
قاراپ قويۇپ ئاندىن ئاغىنەم بىلەن پارىڭىنى دا-
ۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئۇنىڭ سوئالىمغا جاۋاب بەر-
مىگىنىدىن خىجىل بولۇپ گەجگەمدىن غۇژژىدە
ئىسسىق تەر چىقىپ كەتتى - دە، كىتابنى ئەسلى-
دىكى ئورنىغا قويۇپ قويۇپ جىم ئولتۇردۇم.
مېنىڭ سوئالىم جاۋابسىز قالدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ
جاۋاب بەرمىسىمۇ بولاتتى. چۈنكى بۇ ئۇنىڭ يال-
غۇز كىشىلىك ياتىقى ئىدى، شۇڭا بۇ كىتابنى
ئۇنىڭ ئوقۇۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇڭا مېنىڭ
بۇ كىتابنى ئوقۇۋاتامسىز دەپ سورىشىم پۈتۈنلەي
ئارتۇقچە، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىتاب ئېچىقلىق ھا-
لەتتە دۈم كۆمتۈرۈپ قويۇلغانىدى. بىز كېلىپ
ئىشىكنى چەككەن چاغدا ئۇ كىتابنى ئوقۇۋاتقان
بولۇشى مۇمكىن، بىزنىڭ ئىشىكنى چەككىنى-
مىزنى ئاڭلاپ كىتابنى دېرىزىنىڭ ئالدىغا ئاشۇن-
داق دۈم تاشلاپ قويۇپ ئىشىكنى ئاچقان بولسا
كېرەك . شۇڭا مېنىڭ سورىغان مەنىسىز سوئا-
لىمدىن ئۇ ئاچچىقلىنىشقىمۇ ھەقلىق.

بىز ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ يېنىپ چىق-
تۇق، ئۇ بىزنى ئۇزىتىپ ئىشىك ئالدىغا چىققاندا
نېمىدۇر بىر ئىشلار — ناھايىتىمۇ مۇھىم بولغان
بىر ئىشلار چالا قېلىپ قالغاندەك بىئاراملىق بى-
لەن ماڭا لەپپىدە قاراپ قويۇپ قېپقالدى. ئەمە-
لىيەتتە بۇ يەردە چالا قالغان ھېچ ئىش يوق ئىدى.
مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىم ۋە ئۇنىڭ مەن بىلەن
كۆرۈشۈشىنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ قىلماقچى بولغان
بارلىق ئىشىمىز ئىدى. كەم قالغىنى پەقەتلا ئۆز
ئارا سۆيگۈ ئىزھار قىلىش ئىدى. بىز بولساق
خۇددى بۇ ئىشلار بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتىمىز
يوقتەك، باشقا بىر مەقسەت بىلەن كۆرۈشكەندەك
كۆرۈشتۇق. بىزنىڭ ئۆزىمىزنى بېسىۋالغان، يە-
نى ئۆزىمىزنى دەپسەندە قىلىۋاتقان مۇشۇ ھالىتى-
مىزدىن ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆڭلىمىزدە ئۆزدى-
مىزدىنمۇ يوشۇرۇۋاتقان ئاشۇ ئەلگ يوشۇرۇن
ئىشلارنى قىلىشنى مەقسەت قىلغانلىقىمىزنى سې-
زىۋېلىش قىيىن ئىدى.

بىز بىنانىڭ پەلەمپىيىدىن چۈشۈپ كېتىۋات-
قان ۋاقتىمىزدا ئاغىنەم ماڭا قاتتىق كايىدى:

— سەن نېمانچە ئېزىلەڭگۈ! مۇشۇنداق ئې-
زىلەڭگۈلۈك قىلىۋەرسەڭ قېرىغىچە خوتۇن تاپال-
ماي بويتاق ئۆتۈپ كېتىسەن. سېنى مەن ئالاھىدە
باشلاپ كەلسەم ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قى-
لاي دېمىدىڭ، قىز ساڭا يارىمىدىمۇ - يا؟!

www.uyghurkitap.com

— نېمە دەيسەن؟ قىلىدىغانغا گەپ تېپىلمىد-
دى،— دېدىم مەن ئېرەنسىزلىك بىلەن، —
ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇن تونۇش بولسام ئىدىم، كونا
ئىشلارنى ئەسلىشىپ پاراڭ تېپىلاتتى. ھېچ بول-
مىغاندا تونۇش ـ بىلىشلەرنىڭ پارىڭىنى بولسىمۇ
قىلىشاتتۇق. ھازىر ئۇنىڭ بىلەن قىلىشىدىغان
نېمە پاراڭ بار؟

— بۇ قىز بولامدىكەن ـ قانداق؟

مەن ئۈندىمىدىم. قىزنىڭ چىراي ـ شەكلى-
نى قايتىدىن كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ كۆڭلۈمدە
باھالاپ باقماقچى بولدۇم، بىراق ئۇنىڭ ساپسې-
رىق چېچىدىن باشقا ھېچيېرىنى كۆز ئالدىمغا
كەلتۈرەلمىدىم. بەلكىم يەنە يېرىم سائەتلەردىن
كېيىن ئۇنى قايتا كۆرسەم تونۇيالماسلىقىم مۇم-
كىن دەپ ئويلىدىم. قىزنىڭ چىرايىدا باشقا قىز-
لارغا ئوخشىمايدىغان خېلى كۆپ ئالاھىدىلىكلەر
باردەك قىلىشاتتى. مەن پەقەت ئۇنىڭ بەدىنى
سەۋزىرەڭ ياكى قارا بولماستىن چوقۇم ئاپئاق
دېگەنلەرنى ئويلىدىم، گەرچە ئۇنىڭ تېنىنى كۆ-
رۈپ باقمىغان بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭ سېرىق
چاچلىرى ۋە كۆك كۆزلىرىدىن بۇنى تەسەۋۋۇر
قىلىش قىيىن ئەمەس ئىدى. بىراق ئۇ مېنىڭ
مېڭەمدىكى دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان سانسىزلىغان
قىزلارنىڭ ئوبرازلىرىنىڭ ئارىسىدا ئۇلار بىلەن
ئارىلىشىپ يوقاپ كېتىشكە يۈزلەنمەكتە ئىدى.
مەن ئاغىنەمگە لەپپىدە قاراپ قويدۇم. ئۇ مې-
ڭىشتىن توختاپ ماڭا تىكىلىپ قارىدى.



نارازىلىقتىن ئۇنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كەت-
كەنىدى. مەن ئۇنىڭ ماڭا نارازىلىق بىلەن قارى-
غان مۇشۇ ھالىتىنى مېنىڭ ھېلىقى قىز بىلەن
بىر ياستۇققا باش قويۇشۇمغا باغلاشتۇرۇپ تەسەۋ-
ۋۇر قىلىپ باقماقچى بولدۇم، چۈنكى نېمىلا بول-
مىسۇن، ئۇنىڭ قاراشلىرى بۇنىڭ بىلەن مۇناسى-
ۋەتلىك ئىدى. بىراق، ئۇ باشقا بىر ئىش توغرى-
سىدا ماڭا گەپ قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ ئۇنىڭ
ئاغىنىدارچىلىقى دەپ ئويلىدىم مەن.

— بىرنەرسە دېسەڭچۇ! ئۇ ساڭا يارىمىغان
بولسا شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلايلى، بولىدىكەن
دېسەڭ مەن قايتىپ ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ پاراڭلى-
شىپ چىقاي، كەچتە بىللە كىنو كۆرۈپ بېقىڭ-
لار، ئاندىن بىرەر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن ئۇنى
يەنە ئىزدەپ كېلىپ بىللە تانسىغا بېرىڭلار، شۇن-
داق قىلىپ بارا ـ بارا چىقىشىپ كېتىسەن.
بىراق شۇنى ئوبدان ئېسىڭدە تۇتقىنىكى، قىزلار
ھەرقانچە ياخشى بولۇپ كەتسەڭمۇ ئېزىلەڭگۈ،
تارتىنچاق بولساڭ ياراتمايدۇ جۇمۇ! گەپ دېگەننى
جاڭ ـ جاڭ قىلىپ تۇرساڭ ئاندىن ئۇلارغا ئوغۇل
بالىدەك تەسىرات قالدۇرالايسەن! يارىمىغان بول-
سا ئۇزۇپلا دېسەڭ بولدى. . .

— بىرنەرسە دېيەلمەيمەن،— دېدىم مەن،— بىرئاز
ئارىلىشىپ باقاي.

— مەن دائىم سېنى باشلاپ كېلىۋەرمەي-
مەن. ھەي! سېنىڭ ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ ئۆزلۈ-
كىڭدىنلا ئۇنىڭ بىلەن ئارىلىشىشىڭغا كۆزۈم يەت-
مەيۋاتىدۇ. . . مىجەز ـ خاراكتېرى، ئەخلاقى ۋە
باشقا تەرەپلەردىن قانداقلىقىنى ئارىلىشىپ بىلى-
سەن. . .

— بۇ نەرسىلەر بىلەن چاتىقىم يوق، —
دېدىم مەن. بۇ سۆزلەرنىڭ قانداق قىلىپ ئاغزىم-
دىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەيلا قالدىم،
ئويلانمايلا شۇنداق دېگەنىدىم.

ئاغىنەم ھەيرانلىق بىلەن ماڭا قاراپ بىردەم
تۇرۇپ قالدى. ماڭا يەنە نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى
بولۇپ گەپ تاپالماي قېلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئەمىسە نېمىگە بىرنەرسە دېيەلمەيسەن؟
ئۇنىڭ چىراي ـ تۇرقىنى كۆردىڭغۇ؟

— كۆردۈم، بىراق يەنىلا بىرنەرسە دېيەل-
مەيمەن. ھازىر مەندە بۇ توغرىدا ھېچقانداق تە-
سىرات قالمىدى.

— نېمىشقا؟

— بىلمەيمەن.

— سېنىڭ مۇشۇ غەلىتە مىجەزىڭ ـ زە. . . ئەمىسە
مەن ئۇنىڭغا دەپ قوياي، كەچتە سېنى ساقلاپ
تۇرسۇن، بىللە كىنو كۆرۈڭلار.



مەن ئۇندىمىدىم. بۇ مېنىڭ ماقۇل دېگىنىم
ئىدى. ئۇ مېنىڭ مىجەزىمگە ۋە گەپ - سۆزلە-
رىمگە ھەيران قېلىۋېرىپ ئاخىرىدا كۆنۈپ كەتكە-
نىدى. شۇڭا مېنىڭ خاراكتېرىمنى چۈشىنىمەن
دەپ ئويلايتتى، ھەتتا ئەتراپتىكى باشقا ئادەملەرگە
قارىغاندا مېنى ئەڭ تولۇق چۈشىنىدىغانلىقىغا ئى-
شىنەتتى. ئۇ نۇرغۇن قېتىم مەست بولۇپ قېلىپ
ماڭا شۇنداق دەپ ئىچ باغرىنى تۆكۈپ بەرگەنى-
دى. مېنىڭ مىجەزىمگە ھەيران قېلىپ كۆنۈپ
كەتكەنلىكى ئۈچۈن ھەيران قېلىشمۇ ئۇنىڭ ئادى-
تىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. مەن دائىم ئۇنىڭ مې-
نىڭ ئەڭ ئادەتتىكى قىلچىمۇ ھەيران قالغۇچىلى-
كى يوق، باشقا كىشىلەرنىڭ ئادەتتىكى سۆزلىرى-
دىن قىلچە پەرقلەنمەيدىغان سۆزلىرىمگىمۇ ھەي-
ران قالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتىم. ئۇ مېنىڭ
سۆزلىرىمگە چوقۇم ھەيران قېلىش كېرەك دەپ
قارىسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە ھەيران قالارلىق
ھېچنەرسە يوق ئىدى. مەن ئۆزۈمنى بەكمۇ تەبى-
ئىي ھېس قىلاتتىم. چۈنكى مېنىڭ ئەڭ غەلىتە
خىياللىرىمنىڭمۇ ئەتراپىمدىكى باشقا كىشىلەر-
نىڭكى كاللىسىدا مەۋجۇت بولماسلىقى مۇمكىنلى-
كىگە مۇتلەق ئىشەنمەيتتىم، چۈنكى مەن دائىم
دېگۈدەك باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن ئاجايىپ غەلىتە
گەپلەرنى ئاڭلايتتىم. بۇ سۆزلەر ئۇلارنىڭ تەپەك-
كۇرىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. بۇنداق بىنورمال —
كېسەل ھالەتتىكى خىياللار ھەممە ئادەمدە بار،
بىراق بۇنى بەزىلەر ئاشكارىلايدۇ، بەزىلەر بولسا
ئۆزىدە ئاشۇنداق خىيالنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئە-
مەستەك ئۆز خىيالىنى ئۈن - تىنسىز يوشۇرۇپ،
ھەتتا ئەنە شۇنداق ھەيران قېلىشلىرى ئارقىلىق
خىياللىرىنى يوشۇرۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى بىلىن-
دۈرمەي ناھايىتى نورمال قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ،
بەلكىم ھەممە ئادەم خىياللىرىدىكى غەلىتە نەرسى-
لەرنى يوشۇرماي قويسا، بۇ دۇنيادىكى ناھايىتى
نورمال گەپ قىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ساراڭ
ھېسابلىنىشىمۇ مۇمكىن.

مەن قىزنىڭ چىرايىنى، بوي - تۇرقىنى
پۈتۈنلەي ئۇنتۇلۇپ كەتكەنلىكىمنى ھېس قىل-
دىم، بىر ئادەمنىڭ ئەسلىمەڭدىن ئۆچۈپ كېتى-
شىگە ئەنە شۇنچىلىكلا ۋاقىت كېتىدۇ، بەزىلەرنى
ئۇنتۇيالماي يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ مەن ئۇنىڭ
چىرايىدىن ئۆزۈمگە ياقىدىغان بىرەر نەرسە تاپال-
مىدىم، بىراق ياقتۇرمايدىغان بىرەر نەرسىنىمۇ
ھېس قىلالمىدىم. مېنىڭ بۇنداق ھېسسىياتقا كې-
لىشىم ناھايىتى تەبىئىي بىر ئىش. ئەنە شۇنداق
قىزنى كۆرگەن چاغدا باشقا كىشىلەرمۇ ھەتتا مې-
نىڭ ئاغىنەممۇ شۇنداق خىيالغا كېلىشى مۇمكىن.
بىراق، ئۇلار ئۆزىدىكى سېزىمنى دەرھال ئۇقۇم
ھالىتىدە خۇلاسىلەپ يا ئۇنداق، يا مۇنداق دەپ
ھۆكۈم قىلىپ كېسىپلا بىر تەرەپ قىلىۋېتىدۇ.
شۇنىڭ بىلەن نورماللىق دەرىجىسىگە يېتىدۇ،
ياكى چىرايلىقكەن، ياكى سەتكەن، ياكى ئادەتتى-
كىچە قىز ئىكەن، ياكى ياردى، ياكى يارىمىدى
دېگەن بۇ. . . ۋاي ئاناڭنى. . . ئۆلگۈر. نورمال
ئادەملەرگە خاس سۆزلەر ئۇلارنى ئۆزىگە ناھايىتى
نورمال، ناھايىتى سالاپەتلىك، ئەركەكلەرگە
خاس مەردانىلىقتا ئىگە ھېس قىلدۇرسا كېرەك.

كەچتە ئاغىنەمنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئۇ-
نى ئىزدەپ كەلدىم. ئۇ سۇسقىنا كۈلۈمسىرەپ
قويۇپ مېنى قارشى ئالدى، نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ
بۇ سۇس كۈلۈمسىرىشى ماڭا ياقمىدى، بەلكىم
يولدا كەلگۈچە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقاندىكى ھا-
لەتنى باشقىچە تەسەۋۋۇر قىلىپ كەلگەنلىكىمدىن
بولسا كېرەك. مەن يولدا كەلگۈچە ئۇنىڭ ئىشى-
كىنى بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ ئاندىن چېكىمەن دەپ
ئويلاپ كەلگەنىدىم، بىراق ئىشىكنى كېلىپلا چې-
كىپ سالدىم. مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا ئۇ ناھايىتى
خىيالچان ھالدا، ھەتتا قاپاقلىرى تۈرۈلگەن ھالدا
مېنى كۈتۈۋېلىشى كېرەك ئىدى. شۇنداق بولغان
بولسا مەنمۇ ئۆزۈمنى خېلى يەڭگىل ھېس قىلغان
بولاتتىم، چۈنكى ئۇنىڭ بۇنداق قىياپىتى مېنىڭ
قىياپىتىم بىلەن ماسلىشىپ، ئوتتۇرىمىزدىكى ئا-
رىلىق يېقىنلىشاتتى. ئۇنىڭ قاپىقى تۈرۈلگەن ھا-
لىتى ماڭا تەسەللى بولاتتى. ئادەتتە ھېچايغان

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ياكى كۈلگەن ئادەمنى كۆرسەم ئەرۋاھىم ئۇچاتتى (باشقىلارغا قانداق مۇئامىلىدە بولسا مەيلى، بىراق ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىگەن ئادەمنى ساراڭدەكلا ھېس قىلاتتىم)، كۈلۈمسىرەشلەر خۇددى ئادەملەرنىڭ چىقىرىۋاتقان سېسىق پۇرىقىدەك يىرگىنىشلىك بىلىنەتتى. باشقىلارنىڭ كۈلۈمسىرىشىدىن خۇددى يالىڭاچ ئادەمنىڭ بىنورمال، بەتبەشىرە قىلىقلىرىنى كۆرگەندەك قورۇنۇپ كېتەتتىم.

مەنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويماقچى بولدۇم، بىراق كۈلۈمسىرىشىم زادىلا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى، ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىگەندە ئۆزۈمنى خۇددى قورقۇنچلۇق چىشلىرىنى ئاشكارىلاپ ئاغزىنى ئاچقان يىرتقۇچ ھايۋاندەك ھېس قىلدىم. يۈزلىرىمدىكى كۈلكىدىن پەيدا بولغان پۇرلۇشلەرنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بەلكىم كۈلۈمسىرىشىم بەكمۇ ياۋۇزلارچە كۈلۈمسىرەش بولۇپ قالغاندۇر دەپ ئويلىدىم، ئۇ بولسا مېنىڭ كۈلۈمسىرىگەن تۇرقۇمغا زەن سالمىدى.

ئۇنىڭ ياتىقىغا كىرگەندىن كېيىن بىردەم ئۈن - تىنسىز ئولتۇردۇق، مەن ئۇنىڭغا بىللە كىنو كۆرۈپ كېلىشنى قانداق ئېيتىشنى بىلەلمەيلا قالدىم. ئۇنىڭ ئارىمىزدىكى جىمجىتلىقتىن قاتتىق ئارامسىزلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇراتتىم.

— كەچتە نېمە ئىش قىلىمىز؟— ئۇ خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ماڭا ئىپادىسىز كۆزلىرى بىلەن ئىتتىك بىر قارىۋېتىپ، جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، خۇددى «كېسىلىمگە شىپا بارمۇ؟» دەپ سورىغان ئۈمىدسىز كېسەلدەك، ئىڭرىغاندەك ئاۋازدا بوش سورىدى. مەن كۆڭلۈمدە ئۇنىڭ چىرايىنى ئۆزىدە كېسەل بارلىقىنى ئەمدىلا بايقاۋاتقان ياكى ئۆزىدە كېسەل بارلىقىدىن گۇمان قىلىۋاتقان بىر ئادەمنىڭ بىچارە چىرايىغا ئوخشاتتىم. «كەچتە» دېگەن سۆز بىردىنلا مېنى ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ سۆزى خۇددى «كەچتە بىللە ياتامدۇق؟» دېگەن سۆزدەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى - دە، چۆچۈپ ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇنىڭ ساغرىلىرى ناھايىتى تولغان ۋە يۇپيۇمىلاق بولۇپ، كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى. ۋۇجۇدۇم ئەمدىلا قان يۈگۈرگەندەك جانلىنىپ، ئۇنىڭ ئاشۇ ساغرىلىرىنى تۇتۇپ باققۇم كەپكەتتى - دە، ئىتتىك ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم ۋە ئۆزۈمنىڭ بۇ قىلىقىمدىن چۆچۈپ كەتتىم...

— كەچتە تاماق يېدىڭىزمۇ؟— دېدىم دۇدۇقلاپ ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا،— يۈرۈڭ، بىللە تاماق يەيلى،— دېدىم.

ئۇ ئۈن - تىنسىز ماڭا ئەگىشىپ ماڭدى.

بىنادىن چۈشكەن ۋاقتىمىزدا بىنانىڭ ئالدىدا بوي - تۇرقى ئەپچىلگىنە كەلگەن چىرايلىق بىر قىز ئۇچراپ بىز بىلەن سالاملاشتى، مەن ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ كېتىۋەردىم. ئۇ ئۇنىڭ دوستى بولسا كېرەك.

— ئۇ كىم؟— سورىدى ھېلىقى قىزنىڭ شاللاق ئاۋازى.

— دوستۇم،— دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

ئۇلار يەنە نېمىلەرنىدۇر دېيىشىپ كۈلۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ ماڭا يېتىشىپ كېلىپ يېنىمدا ماڭدى. بىز خۇددى كوچىدا كېتىۋاتقان بىر - بىرى بىلەن پۈتۈنلەي ئالاقىسىز ئىككى ناتونۇش ئادەمدەك بىر - بىرىمىزگە قارىشىپمۇ قويماي (بەلكىم ئۇ ماڭا پات - پات قاراپ قويغاندۇر، بىراق مەن بۇنىڭغا سەپسالمىدىم) كېتىۋاتاتتۇق. ئۇنىڭ مېنى دوستىغا «دوستۇم» دەپ تونۇشتۇرغىنىنى ئويلاپ كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى.

ئۇ مېنىڭ قەيەرگە باشلاپ كېتىۋاتقانلىقىمنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغاندەك ئۈن - تىنسىز ماڭا ئەگىشىپ مېڭىۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى قاپتەك باركەن دەپ ئويلىدىم مەن ۋە ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولغان ۋەھشىي جىنايەتكاردەك ھېس قىلدىم - دە، بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم، ئۇ دەل بۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، قارىشىم بىلەنلا:

— مېنىڭچە ئۇچۇق - يورۇق پاراڭلىشىۋېرەيلى، بۇنچە تارتىنىپ كېتىشىڭنىڭ نېمە ھاجىتى... ئادەم بەك سىقىلىپ كېتىدىكەن،— دېدى. ئۇنىڭ چىرايى مېھرىبانلىق بىلەن باشقىچىلا قىياپەتكە كىرىپ قالغانىدى. ئۇ مېنى قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇشقا تىرىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. مۇلايىملىق بىلەن ماڭا ئۆزىنى ناھايىتىمۇ يېقىن ئادەم قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولۇپ ھەدەپ ئارتۇقچە كۈلۈمسىرەيتتى. بۇ كۈلۈمسىرەشلىرى بىلەن ئۇ ماڭا بەكمۇ سەت كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە كوچا چىراغلىرىنىڭ ئەكسى كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ يەنىلا ناھايىتى خۇنۇك، نۇرسىز بىلىنەتتى. ئۇنىڭ سەتلىكىدىن يىرگىنىش ھېس قىلىشىمدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دەرھال كۆزۈمنى ئۇنىڭ چىرايىدىن يۆتكەپ ئۇنىڭ تولغان ساغرىلىرىغا قاراپ قويدۇم. ياق، بۇ قىز خېلىلا چىرايلىق قىزغۇ دەپ ئويلىدىم مەن. بىراق بىز بۇ يەردە بىرەر سودا ياكى مۇھىم بىجىرىشكە تېگىشلىك بىرەر ئىشنى سۆھبەتلەشمەكچى ئەمەسقۇ، مەن ئۇنىڭ نېمىنى پاراڭلىشىمىز دېگىنىنى ئۇقالمىدىم. قىيىن ئەھۋالدىن بولسا مەڭگۈ قۇتۇلالمايدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. چۈنكى

بىزنىڭ ئارىمىزدا پاراڭلىشىدىغان تېما يوق ئىدى.

كوچىدىكى ئادەملەرنى بەكلا كۆپىيىپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم. بىر قاراشتا ھەر كۈنكىدىن پەرقلەنمەيدىغاندەكمۇ تۇيۇلاتتى. بىز بىر جۇۋاۋىخانىغا كىرىپ جۇۋاۋا يېدۇق.

— سىز ئەجەبمۇ جىمغۇركەنسىز! — دەيتتى ئۇ مېنىڭ ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇشۇمدىن نارازى بولۇپ. مەن بولسام ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا ئامالسىز ھېس قىلاتتىم. بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ بىلەن قىلىشىدىغان پاراڭنىڭ بار بولۇشى مۇمكىن ئەمەستەكلا قىلاتتى. قايسى ئاشخانىغا كىرىش ۋە نېمە تاماق يېيىش توغرىسىدىلا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلدىم، بىراق ئۇ بۇنى پاراڭلاشقانغا ھېساب قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مەن ئۇنىڭ مېنى سۆزلەشكە زورلىشىدىن تويۇپلا كەتتىم. بىرەركىم بىلەن بىللە تۇرساڭ چوقۇملا بىرنەرسىلەر توغرۇلۇق سۆزلىشىڭ كېرەك. پەقەت سۆزلىشىش ئارقىلىقلا بىللە تۇرۇشۇڭنىڭ نورمالسىز ئىكەنلىكىدىن قۇتۇلالايسەن.

ئاشخانىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ چىرايىنى بىر قۇر كۆزىتىپ چىقتىم. ئۇنىڭ يارىدەك ئەگىم قاشلىرى ئاستىدىكى كەڭ قاپاقلىرى ھەقىقەتەنمۇ چىرايلىق ئىدى. كۆزلىرىمۇ چوڭ ۋە يۇمىلاق ئىدى. بىراق نىمىشقىدۇر ماڭا زادىلا چىرايلىق كۆرۈنمىدى. بۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ كۆپكۆك بولۇشى سەۋەبىدىن ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ قايرىما كىرپىكلىرى ماڭا بەكمۇ سۈنئىي بىلىنىپ كەتتى، بۇ كىرپىكلەرنىڭ ئۇچلىرى تەبىئىي كىرپىكتەك ئىنچىكە ئەمەس ئىدى. بەلكىم ئۇ بىرنەرسە بىلەن كىرپىكىنى شۇنداق قىلىۋالغاندۇر. بىراق، نېمىلا بولمىسۇن ئۇنى خېلىلا چىرايلىق قىز ئىكەن دېگەن خىيالغا كەلدىم. بەلكىم ئۆزۈمنى شۇنداق دەپ ئويلاشقا زورلىغاندىمەن. ئەگەر ھەقىقەتەن ئۇنى چىرايلىق ئىكەن دەپ ئويلىغان بولسام ئۇنى چىرايلىق ياكى چىرايلىق ئەمەس دەپ باھا بېرىشكە تىرىششىم ناتايىن ئىدى.

— بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئېنىققۇ، يەنە نېمىشقا ئۆزىمىزنى باشقىچە قىياپەتكە كىرگۈزۈۋالىمىز، — دېدى ئۇ. «بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئېنىققۇ» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم. ئۇ خۇددى مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى ھەممە نەرسىنى بايقىۋالغاندەكلا يۈزلىرىم ئوت ئالغاندەك قىزىپ كەتتى. بىزنىڭ مەقسىتىمىز زادى نېمە؟ مۇھەببەت ، بۇ ئۇنىڭغىمۇ چوقۇم ئېنىق بولۇشى مۇمكىن. ئۇ مېنى يۇتۇپ كەتمەكچى. مۇھەببەت دېمەك باشقىلارغا يۇتۇلۇپ كېتىش دېمەكتۇر. چۈنكى سەن ئۇنى سۆيسەن، سۆيۈش باشقىلارنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كېتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئۇنىڭ سۆزلىرى مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئېغىر - بېسىق ياكى ئەركىن مىجەزى يوق مىس - مىس ئادەم بولۇپ تۇيۇلغاندىمەن. شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ گەپ قىلالماي قالدىم. ئۇنىڭ دادىللىق بىلەن قىلغان سۆزلىرى مېنى بارغانسېرى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قوياتتى، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ مېنى بەكمۇ ياۋاش ئىكەن، ھەتتا مۇھەببەتلەشكۈسى يوق ئوخشايدۇ، يەنى لامزەللە ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قېلىشىدىن تېخىمۇ ئەنسىرەيتتىم. بىراق ئۇنىڭ بىلەن زادى نېمىلەر توغرىسىدا پاراڭلىشىشنى بىلەلمىدىم. بىز پاراڭلاشمىساق ئىككىمىزنىڭ بىللە تۇرۇشىمىزنى ئاقلاپ بولغىلى بولمايدىغاندەك تۇيۇلاتتى. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇندىن تونۇش بولسام ئىدىم، بىزنىڭ ئارىمىزدا قىلىشىدىغان سۆزلەر باردەك ھېس قىلغان بولار ئىدىم. ھېچ بولمىغاندا، بىزنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىمىزنى ئەسلەشكەن بولاتتۇق.

بىز تاماق يەپ بولۇپ ئاشخانىدىن قايتىپ چىقتۇق. ئۇ ئىنتايىن تەبىئىيلا ھالەتتە مەن بىلەن بىللە كېتىۋاتاتتى. مەندىن نەگە بارىمىز دەپمۇ سوراپ قويمىدى. بىز خۇددى ئالدىدىن كېلىشىپ قويغاندەك ئۇدۇللا بىر كىنوخانىنىڭ ئالدىغا باردۇق. مەن بېرىپ كىنو ئېلانىغا قارىدىم. چۈنكى ھەممە ئادەم كىنو كۆرۈشتىن ئاۋۋال ئەنە شۇنداق بېرىپ كىنو ئېلانىغا قاراپ باقىدۇ، مەن ئېلان تاختىسىغا قاراپ فىلىم ئىسمىنى كۆردۈم - يۇ، كۆرۈپ بولۇپلا ئۇنتۇلۇپ قالدىم، چۈنكى قايسى كىنونىڭ قويۇلىشى بىز ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى. مەن كىنو كۆرمەكچى ئەمەس، پەقەت بىر قىزنى كىنوغا ئەكىرمەكچى. بىز كىنوخانىغا كىرگەندە كىنو ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەنىدى. مەن ئۇ كۈنى كىنونى پەقەتلا كۆرمىدىم دېسەممۇ بولىدۇ، چۈنكى كىنوخانىدىن يېنىپ چىققاندا كىنودا زادى نېمىلەرنىڭ تەسۋىرلەنگەنلىكىنى زادىلا ئەسلىيەلمىدىم، يادىمدا قالغىنى پەقەتلا كىچىك بىر بالا، چاچلىرى چۇۋۇلغان ساراڭ قىياپەتلىك بىر ئايال، تۈگىمەس دەرد - ئەلەم ۋە يىغلاشلا ئىدى. كىنو كۆرۈۋاتقىچە مەن پات - پات ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ ئۇنى كۆزىتىپ تۇردۇم. مەن كىنوغا بەكمۇ ئامراق ئىدىم. ھەرقانداق كىنونى بەكمۇ دىققەت قىلىپ كۆرەتتىم. بەلكىم بۇ تۇنجى قېتىم كىنوخانىدا كىنو كۆرمەي ئولتۇرۇشۇمدۇر. ئۇ ناھايىتى دىققەت بىلەن كىنو كۆرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. بىراق مېنىڭ تۇيۇقسىز قىلغان بىر ھەرىكىتىم ئۇنىمۇ كىنو كۆرۈشتىن

www.uyghurkitap.com

توختىتىپ قويدى. مېنىڭ ئۇ ھەرىكىتىم شۇنداق
تۇيۇقسىز يۈز بەردىكى، مەن ئۆزۈممۇ ھەيران
قالدىم. شۇ چاغدا مەن ئۇنى مېنى بەكمۇ تارتىند-
چاق ئىكەن دەپ ئويلاپ قېلىۋاتىمدۇ دېگەن ھېس-
سىياتقا كەلدىم، ئەمەلىيەتتە مەندە تارتىنىش
مەۋجۇت ئەمەس ئىدى، ئۇنى خۇددى ئويۇنچۇق-
تەكلا ھېس قىلاتتىم، پەقەت ئويۇننى قانداق باش-
لاشنى بىلەلمەي تۇراتتىم. ئۇنىڭغا شۇنداقلا قول
سوزسام، قولۇمنى ئۇنىڭ يوتىسىغا ياكى دولىسى-
غا قويسىملا ھەممە ئىش باشلىناتتى، بۇنىڭ ئۇ-
چۇن ھېچقانچىلىك ئىش كەتمەيتتى، شۇنچىلىك
ئاددىي بىر ئىش ئۈچۈن ئالاھىدە جۈرئەتنىڭ نېمە
كېرىكى؟ مەن شۇنداق ئويلاۋاتقان ۋاقىتتا قوللى-
رىم ئىختىيارسىزلا ئۇنىڭغا سوزۇلدى، مەن ئۆ-
زۈمنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن چۆچۈپ كېتىپ ئۇزارت-
قان قوللىرىم بوشلۇقتا ئېسىلىپ قالغىلى تاس
قالدى، دەرھال ئېسىمنى يىغىپ قولۇمنى ئۇنىڭ
يوتىسىغا قويدۇم. ئۇ چۆچۈپ ماڭا قارىدى، مەن
ئۇنىڭ ماڭا زادى قانداق ئەلپازدا قارىغانلىقىنى
ئېنىق كۆرەلمىدىم، مەن ئۇنىڭ يوتىسىغا قولۇم-
نى قويۇشۇم بىلەنلا ئۇنىڭ چۆچۈپ ماڭا قارايدى-
غانلىقىنى بىلگەچكە مەندە تەييارلىق بار ئىدى،
شۇڭا ئۇ ماڭا قارىشى بىلەن تەڭلا مەن باشقا ياققا
قارىۋالغانىدىم. قولۇم ئۇنىڭ قىسقا يوپكىسى بى-
لەن پايپىقى ئارىلىقىدىكى يوتىسىنىڭ يالىڭاچ يې-
رىگە تەگكەنىدى، بىراق بۇ ھەرىكەت بەكمۇ تېزلا
يۈز بېرىپ ئۆتۈپ كەتكەچكە مەندە ھېچقانداق غى-
دىقلىنىش ياكى ھاياجان پەيدا قىلمىغانىدى. مې-
نىڭ قولۇم ئۇنىڭ يوتىسىغا تېگىشى بىلەنلا ئۇ
قولى بىلەن قولۇمنى ئىتتىرىۋەتتى. «ۋىيەي!»
دېدى - دە، بىرھازاغىچە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي
تۇرۇپ قالدى. مەن ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۇ-
دۇلغا قاراپلا تۇرۇۋالدىم، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ماڭا
تىكىلىپ بىردەم كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغانلى-
قىنى ھېس قىلىپ تۇراتتىم، بېشىمنى بۇراپ
ئۇنىڭغا قارىساملا ئۇ مېنى ئىنتايىن نومۇسسىز-
كەن دەپ ئويلاپ قالىدۇ ھەم ماڭا گەپ قىلىشنى
باشلايدۇ دەپ ئويلىغانىدىم.

ئۇ مېنىڭ يۈزۈمگە بىرھازا تىكىلىپ تۇرغان-
دىن كېيىن، بېشىنى ئالدى تەرەپكە بۇراپ بىر-
دەم ئولتۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن گېپىنى باشلى-
دى.

— نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ تونۇشا - تونۇشماي-
لا...

مەن ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدىم، چۈن-
كى جاۋاب بەرمىسەممۇ ئۇ مېنىڭ نېمە قىلماقچى
ئىكەنلىكىمنى بىلەتتى.

— ئەجەب ياۋاشكەن دېسەم ئەسلىدە ئىچىد-
ىڭىزدە مۇڭگۈزىڭىز بار ئىكەن - دە، — دېدى ئۇ.
مەن بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ يۈزلىرىگە تىكىلىپ قارى-
دىم. كىنوخانا سەل قاراڭغۇ بولغاچقا ئۇنىڭ قان-
داق روھىي ھالەتتە ئىكەنلىكىنى ئېنىق پەرق
ئېتەلمىدىم، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن سەل - پەل ئاچ-
چىقلانغانلىقى چىقىپ تۇراتتى، چىرايىدا سەل -
پەل جىددىيلىشىش ئىپادىلىنىپ تۇرغاندەك قىلات-
تى، ئېنىقكى، ئۇ مۇشۇ تاپتا مېنىڭ ئۆزىگە
تىكىلىپ تۇرغانلىقىمنى ئېنىق سېزىپ تۇراتتى.
مەن خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ
تۇردۇم. ئۇ ماڭا قاراشقا پېتىنالمىغاندەك ئالدىغا
قاراپ ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇۋەردى، بىرئازدىن
كېيىن ئۇ نېمىدۇر بىرنەرسە دېمەكچى بولۇپ
ئاغزىنى ئۆمەللەپ، يۈزىنى مەن تەرەپكە بۇرىدى - دە،
مېنىڭ تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىمگە قارىشى بى-
لەنلا گېپىنى ئىچىگە يۇتۇۋېتىپ يەنە ئالدى تەرەپ-
كە قارىۋالدى. بىزنىڭ ئارىمىزدا ھەممە نەرسە
يالىڭاچلىنىپ بولغانىدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تا-
ماق يېيىش ۋە كىنو كۆرۈشتىكى مەقسەت ھەر
ئىككىمىزگىلا پۈتۈنلەي ئايان بولسىمۇ، بىراق بۇ
مەقسەتنى خۇددى ھېچقايسىمىز بىلمەيدىغاندەكلا
قىياپەتكە كىرىۋالغاندۇق. بىز شۇ پېتى كىنو
ئاخىرلاشقىچە ئۈن - تىنسىز ئولتۇردۇق. مەن
خۇددى بېرىلىپ كىنو كۆرۈۋاتقاندەك ئېكراندىن
كۆزۈمنى ئۈزمىدىم، شۇنداقتىمۇ بەدىنىمدىكى
بارلىق سەزگۈلىرىمنى مەركەزلەشتۈرۈپ پەقەت
ئۇنىلا كۆزىتىپ ئولتۇراتتىم، كىنو ئاخىرلاشقىد-
چە ئارىلىقتا ئۇنىڭ ماڭا پات - پات كۆزىنىڭ
قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئېنىقلا سې-
زىپ تۇردۇم.

ئۇ ئۇنىڭغا يەنە نۇرغۇن خەتلەرنى يازغان
بولۇشى مۇمكىن، ئۇ يەنە بىر خېتىدە مۇنداق
يازغانىدى:

«... سىز بىلەمسىز، سىز مېنىڭ تۇرمۇ-
شۇمنى پۈتۈنلەي ئىگىلەپ بولدىڭىز! مەن سىز-
نىڭ مۇھەببىتىڭىز بولمىغان تۇرمۇشۇمنىڭ بى-
رەر دەقىقىسىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. مې-
نىڭ تۇرمۇشۇم سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزدىن ئاي-
رىلسا مېنىڭ تۈگەشكىنىم شۇ! مەن مېنىڭ ھايا-
تىمنىڭ پۈتكۈل مەنىسىنىڭ باشقا بىرىيلەنگە بۇن-
چىۋالا باغلىنىپ قېلىشىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەن-
مەن، سىز بولمىغان تۇرمۇش ماڭا ئۆلۈم بىلەن
باراۋەر...»

ئۇ ئۇنىڭغا مانا شۇنداق خەتلەرنىمۇ يازغان-
دى. شەك - شۈبھىسىزكى، بۇ ئۇنىڭ ئۇنىڭغا
يازغان خېتى ئىدى. ئۇ خەت يازغىچە ئۇنى ھەقى-
قەتەنمۇ ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇ-
نىڭ ئۈچۈن پۈتۈن ھاياتىنى بېغىشلىيالايدى-

غانلىقىنى ئىپادىلەپ، بۇنىڭغا ئۇنى قەتئىي ئى-
شەندۇرۇپ، قايىل قىلالايمەن دەپ ئويلىغانىدى.
تولا دېيىلىپ سېسىپ كەتكەن ئاشۇ سۆيگۈ ۋەدىلە-
رىنى قايسى رومانلاردىن ئۆگىنىۋالغان بولغىيتى-
كىن - تاڭ؟! كېيىن بۇ خەتلەرنىڭ قايتا قولىغا
چىقىپ قېلىپ يازغانلىرىدىن قاتتىق نومۇس قى-
لىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، كېيىن ئۇنىڭدىن
يازغان بارلىق خەتلىرىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كې-
يىن ھەممىنى ئۆزىمۇ تاپالمايدىغان يەرلەرگە تى-
قىۋەتكەنىدى. كېيىن ئاشۇ كۈلكىلىك خەتلەر
(بىر قېتىم ئۆي كۆچۈش جەريانىدا) تاسادىپىي
قولىغا چىقىپ قالغاندا بۇ خەتلەرنى قايتا ئوقۇپ
شۇ چاغدىكى تەلۋىلەرچە ھېسسىياتىدىن ئانچە نو-
مۇسمۇ قىلىپ كەتمىدى، بۇلار پەقەت ئادەتتىن
تاشقىرى كۈلكىلىك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ خەتتە
ھەتتا ئۇنىڭغا «سىزسىز ياشىيالمايمەن! . . .»
دېگەن سۆزلەرنىمۇ قىلغانىدى. شۇ ۋاقىتتا ھەقى-
قەتەنمۇ ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدىغاندەكلا ھېس قىل-
غانىدى، بىراق ئۇنىڭسىزمۇ ئۇ يەنىلا ھېچنەرسە
بولماي ياشاپ كېتىۋەردى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭغا
راستىنىلا ئۇنىڭسىز ياشىيالمىغۇدەك كۆيگەنلى-
كىگە ھازىر ئۆزىمۇ ئىشەنمەيۋاتقان يەردە، ئۇ
قانداقمۇ قايىل بولۇپ تەسىرلىنىپ كەتسۇن؟!
بەلكىم خېتىمنى ئوقۇپ مېنى تازا زاڭلىق قىلغان-
دۇر، بەلكىم مېنى كالىلىسىنىڭ ئازراق دەردى
بار ئىكەن دەپ ئويلاپ قالغاندۇر، ياكى رومانلار-
نى دوراپ شۇنداق يازدى دەپ ئويلىغاندۇ، ياكى
مېنى بىر بىنورمال ئادەم بولسا كېرەكمىگە كىرى-
ۋېلىپ ئاخىرى زىيان - زەخمەت يەتكۈزىدۇ دەپ
قورققاندۇر. ئىشقىلىپ، ئۇ مېنى قانداق تەسەۋ-
ۋۇر قىلسا ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىغا ئىمكانىيەت بار
دەپ ئويلايتتى ئۇ. بىراق يەنىلا توختىماي خەت
يازاتتى. ئۇنىڭغا يازغان خەتلىرىدىكى سۆزلەرنىڭ
كىشىگە ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن ياسالما ۋە كۈلكى-
لىك تۇيۇلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتىشى كې-
چىك ئىشلار ئىدى. ئۇ ئاخىرى ئادەم ھەرگىزمۇ
مېنىڭ ئاشۇ خەتنى يازغان چاغلىرىمدىكىدەك
ھېسسىياتتا بولماسلىقى كېرەك ئىكەن دەپ ئوي-
لىدى. سېنىڭ مۇھەببىتىڭ خۇددى رىۋايەتلەردى-
كى ياكى رومانلاردىكى بىر - بىرى ئۈچۈن جېنى-
دىن كېچىدىغان كۈلكىلىك، ئەسەبىي ئاشىق -
مەشۇقلارنىڭكىدەك شۇقەدەر كۈچلۈك بولسىمۇ،
بىراق سەن بۇنداق چوڭقۇر ھېسسىياتنى ھەرگىز-
مۇ خەت بىلەن ياكى سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش-
كە تىرىشما! چۈنكى بۇنداق ھېسسىيات ئىپادىلەن-
گەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ساختا ۋە ياسالما.
ئەڭ ياخشىسى، ئۈن - تىنسىز ياشاۋەر، گەرچە
مەشۇقسىز ياشىيالمىغۇدەك بولساڭمۇ ياشاۋەر.
چۈنكى ياشاش ھېچقانچىلىك تەس ئىش ئەمەس،
ياشاپ كېتەلەيسەن!

مەن بەلكىم ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ شۇقەدەر ياخ-
شى كۆرگەندىمەن دەپ خىيال قىلاتتى ئۇ، بىراق
ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئۆتكۈزۈلگەندە ئۇنىڭغا
سوۋغا قىلىش ئۈچۈن بۇلاپكا ئالغاندا، ئۇنىڭغا
ئون يۈەن خەجلەشكە قىيماي ئون يۈەنلىك ۋە يەتتە
يۈەنلىك بۇلاپكىنىڭ ئىچىدىن يەتتە يۈەنلىكىنى
تاللاپ ئالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن جان پىدا قىلىش-
قا تەييار بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە شۇ كۈنى ئۈچ يۈەن-
نى ئاياپ قالدى. سوۋغات تاللىشىپ بېرىش ئۈ-
چۈن بىللە چىققان ساۋاقدىشى ئۇ كۈنى ئۇنىڭ
مەردلىكىگە ھەيران قېلىپ:

— ھازىر سېنىڭ كۆزۈڭگە پۇل دېگەن نەر-
سە كۆرۈنمەيدىغۇ - ھە! — دەپ قويغانىدى. ئۇمۇ
ئۇنىڭ يەتتە يۈەنگە چىداپ ئۈچ يۈەنگە چىدىمىغان-
لىقىنى ھېس قىلالمىغانىدى.

ئاشۇ ئىشلارنى يادىغا ئالسا ئۇ، ئۇ چاغلاردا
مەن ھەممە نەرسىنى چۆرۈپ تاشلىغانىدىم، غۇ-
رۇر، ئىززا تارتىش دېگەنلەردىن مەندە ئەسەرمۇ
قالمىغانىدى، تۈگىمەس قوغلىشىش، تۈگىمەس
يېلىنىش. . . مەن ئۇنىڭغا قىلچىمۇ ئىززا تارتماي
شۇ قەدەر يېلىنىپ كەتكەن ئىكەنمەن دېگەنلەرنى
خىيال قىلىشى مۇمكىن، ئاشۇ ۋاقىتتىكى ئىش-
لارنى ئەسلىسە كۈلۈپ كېتىدىغان بولغان ۋاقىتىمۇ
ئاشۇ بىچارىلەرچە يېلىنىشلارنىڭ كارتىنىلىرى
كۆز ئالدىدا شەكىللىنىپ ئىززادىن تەرلەپ، گەج-
گىسىگە كۆڭلىكىنىڭ ياقىلىرى چاپلىشىپ كېتى-
دۇ. ئۇنىڭ بۇنداق تۇيغۇغا كېلىپ قېلىشى بەل-
كىم ئاشۇ چاغلاردىن خېلىلا كېيىنكى ئىش.

زالدا كىنو تۈگەپ چىراغ يېقىلدى. بىز
كىنوخانىدىن يېنىپ چىقتۇق. مەن نېمە ئۈچۈن-
دۇر كىنوخانىدىن تېزرەك چىقىپ قاراڭغۇ كو-
چىلارغا كىرىپ كېتىشكە ئالدىرىدىم. چىقىپ
كەتكىچە خۇددى جىنايەتكارغا ئوخشاش بېشىمنى
تۆۋەن سېلىپ، ئۇنىڭ نەزىرىدىن ئۆزۈمنى قاچۇ-
رۇشقا تىرىشىپ ماڭدىم. چىراغ يورۇقى ئاستى-
دىن قايتىپ چىقىش بىلەنلا خۇددى زىممەمدىكى
ئېغىر يۈك ئېلىپ تاشلىنىپ يەڭگىللەپلا قالغان-
دەك بولدۇم. مەن ئۇنىڭغا قاراشقا پېتىنالماي
قالغانىدىم، بۇنى ئۇ مېنىڭ ئىسمىمنى چاقىرىپ
ئۆزىگە قاراتقاندىلا ھېس قىلدىم.

— خوش، ئەمدى ئۆيگە قايتاي، — دېدى ئۇ
ماڭا يېتىشىپ كېلىپ.

— نەگە؟ — مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئېنىق ئاڭ-
لىمىغان بولساممۇ يەنە ياندۇرمىلاپ سوراپ قوي-
دۇم.

— ئۆيگە.

www.uyghurkitap.com

— نېمىشقا؟— بۇنى پاراڭنى ئۈزۈپ قويماسلىق ئۈچۈنلا سورىدىم.

بۇ سوئال ئۇنى كۈلدۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ زىل ئاۋاز بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈشى مېنى بىر خىل يېقىملىق ھېسسىياتقا چۆمۈلدۈردى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى ئىنتايىن شاللاق كۈلكە ئىدى، ئەگەر ئۇ ئەنە شۇنداق ئىش كۆرگەن قىزلارغا خاس شاللاقلىق بىلەن كۈلمىگەن بولسا مېنى بۇنداق يېقىملىق ھېسسىياتقا ئىگە قىلىپ، يېقىن دوستلاردەك تۇيغۇ بېرىشى ناتايىن ئىدى. باياتىن قولۇمنى ئۇنىڭ يوتىسىغا قويغاندا بەدىنىمدە ھېچقانداق غىدىقلىنىش بولمىغانىدى، بىراق ئۇنىڭ شاللاق كۈلكىسى بىلەن خۇددى ئاياللارنىڭ يالىڭاچ بەدىنىنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك ھاياجانلىنىپ، قانلىرىم جۇش ئۇرۇپ كەتتى. بۇ شاللاق كۈلكە ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا بۇرۇن بولۇپ باقمىغان بىر خىل يېقىنچىلىقنى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىپ ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلدىم.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز،— دېدى ئۇ،— ھەر كۈنى كېتىدىغان ئۆيۈمگىمۇ نېمىشقا كېتىدىغانلىقىمنى سورامسىز؟

مېنىڭ «نېمىشقا؟» دەپ سورىشىم ئۇ كۈلگىدەك ئۇنچىۋالا كۈلكىلىكمۇ ئەمەس دەپ ئويلىدىم مەن، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ كۈلكىسىگە قوشۇلۇپ كۈلۈپ قويدۇم، بىراق مېنىڭ بۇ كۈلكەم زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلگەن كۈلكىگە ئوخشاپ قالدى، مەن ئۆزۈمنىڭ ئاشۇنداق كۈلگەن ھالدىكى چىرايىمنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىم.

مەن ئۇنى ئاپتوبۇس بېكىتىگىچە ئۇزىتىپ بارماقچى بولدۇم، مەن ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ قەيەردىلىكىنى، نەچچىنچى يولنىڭ ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ بارىدىغانلىقىنى سورىدىم، بۇ سوئاللىرىم ئۇنى خۇشال قىلغاندەك تۇراتتى. ئۇ ئۆز ئائىلىسىدىن پەخىرلىنىدىغاندەك قىلاتتى، شۇڭا سوئاللىرىمغا خۇشاللىق بىلەن جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئاتا - ئانىلىرى ۋە ئاكا - سىڭىللىرىنىڭ ھەممىسىنى زوق - شوق بىلەن تونۇشتۇرۇپ سۆزلەپلا كەتتى، مەن ئاپتوبۇس بېكىتىگە بارغۇچە ئۇنىڭ ساغرىسىدىن كۆزۈمنى ئۈزمەي ماڭدىم (يۇپيۇمىلاق ساغرىسى ئۇنىڭ قەدەم ئېلىپ مېڭىشلىرىغا ماسلىشىپ ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى كۈچەيتىۋېتەتتى). شۇڭا ئۇنىڭ گەپلىرى قىلچىمۇ قۇلىقىمغا كىرمىدى.

ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشىم كېرەكمۇ؟ دەپ ئويلىدىم مەن ھەم ئۇنىڭ تەكلىپىمنى قانداق باھانە - سەۋەب بىلەن رەت قىلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ نۇرغۇنلىغان ئېھتىماللىقلارنى كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم، بۇ ئېھتىماللىقلارنىڭ ھەممىسىگە ئىدىيەمدە تەييارلىق بار ئىدى. ئۇ تەلىپىمنى رەت قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدىن بۇرۇن مەن مۇھەببەت ئىزھار قىلغان قىزلارنىڭمۇ ھەممىسى تەلىپىمنى قىلچىمۇ رەت قىلمايدىغاندەك تۇيۇلغانىدى، تەلىپىمنى رەت قىلمايدىغاندەك تۇيۇلۇشىنىڭ ئۆزىلا تەلىپىمنى رەت قىلىشىدىن بېشارەت بېرەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ تەلىپىمنى رەت قىلىدىغان ياكى قىلمايدىغانلىقى توغرىسىدا خىيال قىلىشنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق ئىدى، ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭ تەلىپىمنى زادى قانداق رەت قىلىشى. ئۇنى تەلىپىمنى رەت قىلمايدىغاندەك ھېس قىلىشىم ھەرگىزمۇ ئۇنى رەت قىلىدۇ ياكى قىلمايدۇ دەپ ئويلىشىمغا يول ئېچىپ بېرەلمەيتتى. مۇھەببەت ئىزھار قىلىش ئادەمنىڭ بېشىنى ئاغرىتىدىغان بىر ئىش. مەن ئۇنىڭ بىلەن بولغان پاراڭنىڭ تېمىسىنى ئەپلەپ - سەپلەپ مۇھەببەت تەرەپكە يۆتكىشىم، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى، تەلەپپۇزىنى ۋە چىراي ئىپادىلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆزىتىشىم، بۇلارنىڭ ئىچىدىن كاللا قاتۇرۇپ پۇرسەت ئىزدىشىم، ئۆزۈمنى كۈچۈمنىڭ بارىچە گەپدان ۋە شوخ قىلىپ كۆرسىتىشىم كېرەك ئىدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ ئىچىنى سىقىدىغان ئاۋارىچىلىق. ئەمەلىيەتتە بىز ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا مۇھەببەتلىشىۋاتقان بولۇشىمىز مۇمكىن، چۈنكى بىزنىڭ تونۇشۇشىمىز ۋە بىللە يۈرۈشىمىزدىكى بىردىنبىر مەقسەت مۇھەببەتلىشىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇ ئۇنىڭغىمۇ ناھايىتى ئېنىق، لېكىن نېمىلا بولمىسۇن، مەن يەنىلا ئۇنىڭغا مۇھەببەتلىشىش ھەققىدە ئېغىز ئېچىشىم كېرەك.

— نەچچىنچى يول ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرىسىز؟— دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

— 7 - يول.

ئۇنىڭ جاۋابى مېنى ھاياجانلاندۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ 7 - يول ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇشىنىڭ ئادەمنى ھاياجانلاندۇرغۇدەك زادى نېمىسى بار؟ مەن بۇنىڭغا ھەيران قالدىم، بەلكىم مېنى ھاياجانلاندۇرغىنى «7» دېگەن سان بولۇشى مۇمكىن، بەلكىم 7 - يول ئاپتوبۇسى يېتىپ بارىدىغان بەزى جايلارغا مۇناسىۋەتلىك بەزى غۇۋا ھاياجانلىق ئەسلىمىلەر كاللامدا ساقلىنىپ قالغاندۇر. مەن ھاياتىمدىكى «7» گە مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر ۋە 7 - يولنىڭ ئاپتوبۇسى يېتىپ بارىدىغان بېكەتلەرگە مۇناسىۋەتلىك ئەسلىمىلەر ئىچىدىن بۇنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەپ تېپىشقا تىرىشتىم، بىراق ھېچنەرسىنى تاپالمىدىم.

بىز 7 - يولنىڭ ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاراپ

كېتىۋاتاتتۇق، بىراق بېكەتكە بارمايلا ئارقىمىزغا ياندۇق. بېكەتكە يېقىن تۆت كوچا ئېغىزىغا يېقىنلاشقاندا ئۇنىڭ قەدىمى بارا - بارا ئاستىلاپ كەتتى. ئۇ توختىماي نېمىلەرنىدۇر بىرنەرسىلەر توغرىسىدا زوق - شوقى بىلەن سۆزلەيتتى، مەندىن بىرنەرسىلەرنى سورايتتى، مەن ئاغزىمغا كەلگىنىچە بىرنەرسىلەرنى دەپ جاۋاب بېرەتتىم. ئۇنىڭ بۇنچە كۆپ گەپ قىلىشى پەقەتلا قەدىمىنى بارا - بارا ئاستىلىتىشقا باھانىدەكلا قىلاتتى. ئۇ پات - پاتلا مېڭىشتىن توختاپ مەندىن سوئال سورايتتى.

— ئاپتوبۇس توختاپ كەتتىمىكىن؟— دېدى ئۇ.

— توختاپ كەتكەن بولسا تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ؟— دېدىم مەن.

— نېمىشقا؟

— سىز كېتەلمەي قالىسىز - دە!

ئۇ كۈلۈپ قويۇپ مېڭىشتىن توختىدى، مەنمۇ توختاپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇردۇم. ئەمەلىيەتتە ئاپتوبۇس تېخى توختاپ كەتمىگەنىدى.

— يەنىلا قاراپ باقايلى،— دېدى ئۇ، بىراق بېكەت تەرەپكە قاراپ ماڭمىدى.

— بولدىلا، ھەرقاچان توختاپ كەتتى،— دېدىم مەن.

بىز ئۈن - تىنسىز كەينىمىزگە قاراپ ياندۇق. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى ناھايىتى كۈلكىلىك تۇيۇلۇپ كەتتى. بىز ئارقىمىزغا يېنىپ ئازراق ماڭغاندىن كېيىن چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتتۇق. كېسىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا مەن قولۇمنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ ئۇنى مېڭىشتىن توختاتتىم، ئۇ چۆچۈپ ماڭا قارىدى.

— ماشىنا ئۇرۇۋەتمىسۇن دەپ شۇنداق قىلدىم،— دېدىم مەن ئۇنىڭ قاراشلىرىغا جاۋابەن.

— قوللىرىڭىز ئەجەب چاققانىكەنغۇ سىزنىڭ،— دېدى ئۇ نارازى بولغان قىياپەتتە.

— سىزگە كۆيۈنۈپ شۇنداق قىلدىم، كۆيۈنگەننى بىلمەيدىكەنسىز،— دېدىم مەن. بۇ گېپىم ئۆزۈمگە ناھايىتى قاملاشمىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

بىز چوڭ يولدىن ئۆتۈپ تار بىر كوچا بىلەن ماڭدۇق. تار كوچىدا يول چىرىغى بولمىغاچقا قاراڭغۇ ئىدى، قاراڭغۇلۇق كوچىنى تېخىمۇ تارلاشتۇرۇۋەتكەندەك تۇيغۇ بېرەتتى. مەن ئۇنىڭغا ناھايىتى يېقىن تۇرۇپ، گەۋدەمنى پات - پات ئۇنىڭ گەۋدىسىگە سۈركىۋېلىپ ماڭاتتىم. ئۇ ئۆزىنى ئېلىپ قاچاي دېمىدى. ئاياللارغا يېقىن تۇرۇش ۋە بەدىنىڭنى تەگكۈزۈۋېلىش ئانچە تەس ئىشمۇ ئەمەس، كوچا ئاپتوبۇسىغا چىققاندا بولسا ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن ئاياللارغا يېقىن تۇرمايمەن دېسەڭمۇ ئىلاجىڭ يوق، بىراق ھازىر مەن ئۇنىڭغا كوچا ئاپتوبۇسىدىكى قىستاڭچىلىقتا سۈركەلگەنچىلىك سۈركىلىپ تۇرالمىسامىمۇ، مۈرىمىز ۋە بىلەكلىرىمىزنىڭ بىر - بىرىگە پات - پات تېگىپ كېتىشى مېنى خېلىلا ھاياجانلاندۇرۇۋېتىپ باراتتى.

بىز كوچىنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ يېرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا مەن تۇيۇقسىزلا ئۇنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ ئۇنى قاراڭغۇ بۇلۇڭغا سۆرىدىم، ئۇ چۆچۈپ كېتىپ ماڭا چەكچىيىپ قارىدى. ئۇنىڭ يوغان ئېچىلغان كۆزلىرى يوپيۇمىلاق بولۇپ، ماڭا بەكلا چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ قارىشى ماڭا ئىنتايىن يېقىملىق تۇيۇلدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئاشۇ چۆچۈشى بەكمۇ شاللاق چۆچۈش ئىدى. ئۇ مېنىڭ ھەرىكىتىمدىن ئەمەس، ئۆز بەدىنىدە تۇيۇقسىز جۇش ئۇرۇپ كەتكەن غىدىقلىنىشتىن چۆچىگەنىدى. مەن ئۇنى تۇيۇقسىز قۇچاقلاپ چەتكە تارتقان ۋاقىتتا قىلچىمۇ جىددىيلىشىش ھېس قىلمىدىم، مەن تا شۇ چاغقىچە بىرەر قىزغا بۇنداق پارتلاش خاراكتېرىدىكى ھەرىكەتنى قوللىنىپ باقمىغانىدىم، ھەتتا بىرەر قىزنى قۇچاقلاپمۇ باقمىغانىدىم، مۇھەببەت توغرىسىدا گەپ قىلىپ قالسامۇ جىددىيلىشىشتىن تىزلىرىمغىچە تىترەپ كېتەتتى. بۈگۈن ئەجەبا ھەر كۈنى قىلىپ ئادەت بولۇپ كەتكەن بىر ھەرىكەتنى تەكرارلىغاندەكلا ئۇنى قۇچاقلىۋالدىما؟ بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ ھاڭ - تاڭ قالدىم. بەلكىم بۇ ۋەقەنى ئەتىلا ئاغىنەمگە سۆزلەپ بەرسەم قەسەم ئىچمىگىنىكى، ئۇ قىلچىمۇ ئىشەنمەيدۇ. مەن شۇ چاغدىلا ئاياللارنىڭ ئۆز قەلبىمدە پۈتۈنلەي ئۆلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

— ۋۇي... ۋۇي... نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟!— دېدى ئۇ كۆزلىرىنى كۆزۈمگە قاداپ، ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرى قاتتىق قارشىلىق بىلدۈردىغاندەكلا ھېس قىلدۇراتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئانچە قارشىلىق بىلدۈرمەيلا مەن تارتىپ ماڭغان تەرەپكە سۈرۈلدى. مەن ئۇنى قارىغۇلارچىلا تارتقاندىم، تەلىيىمگە مەن تارتقان تەرەپتە بىر پەلەمپەي كۆرۈندى، پەلەمپەينىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى ئىشىك تاقاقلىق ئىدى.

— بىردەم ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى، — دېدىم مەن، بۇ سۆز ئاغزىمدىن تامامەن توسالغۇسىز ھالدا ئىنتايىن راۋان چىققانىدى.

— مېنى قويۇۋېتىڭ!— دەپ خىتاب قىلدى ئۇ.

بىز تاش پەلەمپەينىڭ ئۈستىدە ئولتۇردۇق. قوللىرىم ئۇنىڭ بېلىدىن مەھكەم تۇتۇقلۇق بولس-

www.uyghurkitap.com

مۇ، مەن تاش پەلەمپەيىنىڭ كاسامغا مۇزدەك تەگكەن چاغدىكى سوغۇقلىقىنى سېزىپ تۇردۇم. ئۇ پەلەمپەيدە ئولتۇرۇپ ماڭا ئۈن - تىنسىز ھالدا خېلى بىرھازا تىكىلىپ قاراپ تۇردى - دە، ئاندىن يادىغا ئالغاندەك قوللىرى بىلەن بېلىگە ئۆتكۈزۈلگەن قوللىرىمى ئىتتىرىشكە باشلىدى، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىۋىدىم، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى توختىدى، مەن بارماقلىرىمنى ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرىشتۈردۈم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە بىر قېتىم ماڭا تىكىلىپ قارىدى. ئۇ ماڭا تىكىلىپ تۇرغىنى بىلەن مېنى كۆزىتىۋاتقاندەك ئەمەس ئىدى، مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ شۇتاپ ئۇنىڭ بارلىق دىققىتىنى يىغىپ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى غىدىقلىنىشنى كۆزىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك مەن خۇددى ئۇ مېنى كۆرمەيۋاتقاندەكلا ھېچبىر تارتىنىشسىز ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئۇدۇللا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇۋەردىم. ئۇنىڭ دىققىتى بىرلا نۇقتىغا يىغىلغاندى، مېنىڭ دىققىتىم بولسا چېچىلاڭغۇ ئىدى. مەن تۇنجى قېتىم بىر قىزنى قۇچاقلاپ تۇرۇۋېتىپمۇ كوچىدىكى قاراڭغۇلۇقنى، تاش پەلەمپەيىنىڭ سوغۇقلىقىنى ۋە يىراقلاردىكى ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدەپ ماڭغان ئاۋازلىرىنى سېزىپ تۇراتتىم.

— باياتىن ئەجەب ئېغىر - بېسىق قىياپەتكە كىرىۋېلىپ مېنى ئالداپسەن - ھە! — دېدى ئۇ بىردىنلا مېنى سەنلەپ.

— ياق، مەن ھېچقاچان ئېغىر - بېسىق قىياپەتكە كىرىۋالمىدىم، — دېدىم مەن، — سىز ئۆزىڭىز مېنى ئېغىر - بېسىق دەپ ئويلىغان بولسىڭىز مېنىڭ نېمە ئىلاجىم، — مەن ئۇنى يەنىلا سىزلەۋەردىم.

— ۋاي بۇزۇق، — دېدى ئۇ ئەركىلەپ.

ئۇنىڭ مېنى بۇزۇق دېيىشى مېنى شادلاندۇرۇۋەتتى، مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتىم - دە، ئۇنى ئۆزۈمگە تارتىپ سۆيۈشكە تەمشەلدىم، ئۇ ھەدەپ بېشىنى باشقا ياققا بۇرىۋېلىپ مېنىڭ سۆيۈشۈمگە يول قويمىدى. مەن بىرھازا ھەپىلەشكەندىن كېيىن توختاپ قالدىم.

— بىز تونۇشقىلى تېخى يېرىم كۈنمۇ بولمىدى، — دېدى ئۇ.

— يېرىم كۈن ئەمەس، يېرىم سائەت بولسىمۇ نېمە بوپتۇ؟

— بىزدە تېخى مۇھەببەت شەكىللەنمىدى.

— مۇھەببەتنى شەكىللەندۇرۇۋاتىمىزغۇ. . .

ئۇ يەنە نېمىدۇر بىرنەرسە دېۋىدى، مەن ئۇقالماي قالدىم.

— بىز ئەمدىلا تونۇشۇۋاتساق، ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدا مۇھەببەت شەكىللەنگىچە خېلىلا ۋاقىت كېتىدۇ، — دېدى ئۇ.

— ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت تەبىئىي مەۋجۇت، — دېدىم مەن، — مۇھەببەت بولمىغان بولسا بىز تونۇشمايتتۇق، ئەرلەر ئاياللارغا، ئاياللار ئەرلەرگە موھتاج. . . ئەزەلدىن شۇنداق، ھەر بىر ئەرنىڭ ھەر بىر ئايالغا مۇھەببىتى بولىدۇ.

— مۇھەببەتنى چۈشەنمەيدىكەنسەن، سەن كۆرگەنلا ئايالنىڭ ھەممىسىنى ياخشى كۆرۈۋېرەمسەن؟

— ھەممە ئادەم شۇنداق.

— ساراڭكەنسەن.

ئۇ بىردەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن دېدى:

— سېنىڭ قەلبىڭدە ئاياللارنىڭ ھەممىسىگە مۇھەببەت بار بولسا مېنى قىلچىمۇ ياخشى كۆرمەيدىكەنسەن. چۈنكى سېنىڭ ئالدىڭدا مەن باشقا ئاياللاردىن، كوچىلاردا ئۇيان - بۇيان ئۆتۈشۈپ تۇرغان ناتونۇش ئاياللاردىنمۇ قىلچە پەرقسىز. بىزنى تامامەن ناتونۇش ئادەم دېيىشكە بولغۇدەك، بىزنىڭ ئارىمىزدا مۇھەببەت، ياخشى كۆرۈش دېگەنلەر نېمە ئىش قىلسۇن! ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېلىلا تونۇشقان ئىككى ئادەم ئارىسىدا مۇھەببەت بار بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

— ساڭا نىسبەتەن مېنىڭ قەلبىمدە مۇھەببەت بارمۇ دەيلى، بىراق بۇ مۇھەببەت پەقەت مېنىڭ قەلبىمدىكى نەرسە تۇرسا سەن بىلەن نېمە ئالاقىسى بار، بۇنى سورۇشتۇرۇپ نېمە قىلىسەن؟

— قىپقىزىللا ساراڭكەنسەن، — ئۇ قوللىرىمنى بېلىدىن ئىتتىرىۋېتىپ، قېيىداپ باشقا تەرەپكە قارىۋالدى. ئۇ راستتىنلا قېيىدىغاندەك كۆرۈنەتتى.

— راست ئەمەسمۇ، — مەن ئېچىلىپ - يېيىلىپ، ئەزۋەيلەپلا سۆزلەپ كەتتىم، ئۆزۈمنىڭ خاراكتېرىمدىكى بۇنداق ئۆزگىرىشكە ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم. ئۇنىڭ باياتىنقى «ھەي، بۇزۇق» دەپ چاقىرىشى رېئاكسىيە بېرىپ، مېنى پسخىك پارچىلىنىش كېسىلىگە گىرىپتار قىلىپ قويغاندەكلا مەن باشقىچىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدىم، — مېنىڭ قەلبىمدە مۇھەببەت بولسا ئۇ پۈتۈنلەي ماڭا تەئەللۇق نەرسە، ئۇ مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدىلا مەۋجۇت، سەن بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى يوق. ئازابلىسا مېنى ئازابلايدۇ، شادلاندۇرسا مېنى شادلاندۇرىدۇ. سەن مەقسىتىڭگە يەتسەڭلا بولمىدىمۇ.

— قايسى مەقسىتىمگە؟!

— مەن بىلەن تونۇشۇشتىكى مەقسىتىڭگە.
چۇ!

مەن شۇنداق دەپ كۈلگىنىمچە يەنە ئۇنى سۆ.
يۈشكە تەمشەلدىم. ئۇ لەۋلىرىنى ئېلىپ قاچقاچقا
مەن ئارانلا ئۇنىڭ چاچلىرىغىلا سۆيەلىدىم، چاچ.
لىرى ئوراپ تۇرغاچقا ئۇنىڭ بوينىغىمۇ سۆيەلمە.
دىم.

— هايۋان!— دېدى ئۇ،— مەندەك بىر قىزغا مۇن.
داق مۇئامىلە قىلساڭ قانداق بولىدۇ؟!

ئۇنىڭ بۇ گېپى ئەرۋاھىمنى ئۇچۇرۇۋەتتى.
مېنىڭ ئۇنى سۆيۈشىم بىلەن بۇ گەپنىڭ نېمە
مۇناسىۋىتى بار؟ مەن ئىختىيارسىز ئۇنى قويۇۋې.
تىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. پۈتۈنلەي كەي.
پىم ئۇچقانىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن جۆيلىگەندەكلا
چىققان بۇ گەپنىڭ مېنى بۇنداق خاپا قىلىۋېتىشە.
نى ئۇ ئويلىمىغان بولسا كېرەك، ھېچ ئىش بول.
مىغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ مەن بىلەن بىللە ماڭ.
دى. ئۇنىڭ بۇ سۆزنى قىلىشىدا ھېچقانداق باش.
قىچە مەنە يوقتەك قىلاتتى، پەقەت مەن بىلەن
داۋاملىق پاراڭلىشىش زۆرۈرىيىتىدىنلا شۇنداق
دەپ قويغانىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ باشقا گەپنى
قىلىشىمۇ تامامەن مۇمكىن ئىدى.

بىز جىمجىت مېڭىپ ئۇنىڭ خىزمەت بىنا.
سىنىڭ ئالدىغا كەلدۇق.

— مەن بۈگۈن ياتاقتا قونۇپ قالاي، كەچ
قالسام قونۇپ قالسۇن دەپ ئىدارە بىزگە ياتاق
بەرگەن،— دېدى قىز. ئۇ ماڭا خېلىلا چىرايلىق
كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ مېنىڭ كەيپىمنىڭ ئۇچقان.
لىقىنى سەزمىگەندەك قىلاتتى.

— ئەتە كۆرۈشەيلى،— دېدىم مەن. نېمىشە.
قىدۇر ئاۋازىم دۇدۇقلاپ چىقىپ كەتتى، خۇددى
تۇنجى قېتىم بىر قىزغا گەپ قىلىۋاتقاندەك ئالاق.
زادە بولۇپ كەتكەنىدىم.

— ئەتە ئىشلىمەيمەن، شەنبە كۈنى مۇشۇ
يەرگە كەلگىن، شۇ كۈنى ئاندىن بىر سۆيۈش
مۇكاپات، سۆيۈپ قويىمەن!

— سەن دائىم بۇ يەردە قونۇپ قالامسەن؟

— سەن مېھمانخانىدا ئىشلەيدىغان قىزلار.
نىڭ ھەممىسى مېھمان كۈتۈپ بۇزۇلۇپ كەتكەن
دەپ ئاڭلاپ، مېنىمۇ شۇنداق دەپ ئويلاپ قالدىڭ.
مۇ؟!

ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ يۈگۈرگىنىچە مېھ.
مانخانىغا كىرىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن
بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۇنىڭ گەۋدىسى
بىنا ئىچىگە كىرىپ يوقالغاندىلا ئاندىن ئارقامغا
ئۆرۈلۈپ، ئۆيۈمگە قايتماقچى بولۇپ ماڭدىم.

ئۆزۈن كەتكەن ئادەمسىز كوچىغا قارىشىم بىلەنلا
كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولۇپ، بىر خىل پەرىشان.
لىق يۈرىكىمنى ئېچىشتۇرۇشقا باشلىدى، شۇ
چاغدا بىردىنلا مەن ئۆزۈمنىڭ بىرسى بىلەن مۇ.
ھەببەتلەشكەنلىكىمنى ھېس قىلدىم. ئاۋۋالقى
بىرنەچچە خىل تەسەۋۋۇرلىرىمنىڭ ھېچقايسىسى
ئەمەلىيەتتە يۈز بەرمىگەنىدى. مەن ئۇنىڭغا قان.
داق تەلەپ قويۇش ھەققىدە شۇنچە باش قاتۇرغانى.
دىم، ئۇنىڭ تەلىپىمنى قانداق باھانە ـ سەۋەبلەر
بىلەن رەت قىلىشىنىمۇ شۇنچە ئۇزاق تەسەۋۋۇر
قىلغانىدىم، بىراق مەن ئۇنىڭغا مۇھەببەتمۇ ئىز.
ھار قىلالمىدىم ھەم ئۇ مېنىڭ مۇھەببىتىمنى
رەت قىلمىدى. ھەممە ئىش پۈتۈنلەي ئويلىمىغان
يەردىن چىقتى. مەن بىردىنلا مۇھەببەتلىشىۋاتقان
ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم. مۇشۇ بىرنەچچە سائەت.
لىك كەچۈرمىش بىردىنلا مېنىڭ بۇرۇنقى تۇرمۇ.
شۇم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمنى چورتلا ئۈزۈپ
قويغاندەك قىلاتتى. خۇددى ھەممە نەرسە ئۆزگە.
رىپ كېتىدىغاندەك قەلبىمدە نېمىلەرگىدۇر بىر.
نەرسىلەرگە بەكمۇ قىيالماسلىق بار ئىدى. بىر.
دىنلا ھەممە نەرسە بەربات بولۇپ كەتكەندەك ھېس
قىلدىم. خۇددى ئۆتمۈشنىڭ چەكسىز كەتكەن خا.
رابىسى ئۈستىدە كېتىۋاتقاندەك ئادەمسىز قاراڭغۇ
كوچىدا يەككە ـ يېگانە ھالدا شۇقەدەر بىچارىلەرچە
كېتىۋاتاتتىم.

— يەنىلا شۇنداق خاپا چىرايغۇ سەن! ئۇنىڭ
بىلەن چىقىشالماي قالدىڭمۇ ـ يا؟— دېدى ئاغى.
نەم ئۆيۈمگە قايتىپ كەلگەن چېغىمدا مېنى كۆ.
رۈپ. مەن ئۈندىمىدىم.

— نېمە بولدۇڭ، گەپ قىلساڭچۇ! نېمى.
لەرنى دېيىشتىڭلار؟

مەن ئۇنىڭغا بىرنېمىلەرنى دەپ جاۋاب بەر.
مەكچى بولدۇم ـ يۇ، بىراق زادىلا گەپ تاپالمى.
دىم، مېڭەم قۇپقۇرۇق بولۇپ، ھېچبىر خىيال،
تەپەككۇر ھەتتا ئاڭمۇ مەۋجۇت ئەمەستەك قىلات.
تى.

— ئۇ تەلىپىڭنى رەت قىپتۇ ـ دە!

— ياق.

— ماقۇل دېدىما؟

— . . .

ئەتىسى چۈشلەرگە يېقىن سىرتقا چىقىپ ئا.
دىتىم بويىچە كوچىلاردا مەقسەتسىز ئايلىنىپ
يۈردۈم، بىر كىنوخانا ئالدىغا كېلىپ كىنو كۆر.
گۈم كېلىپ ئېلان تاختىسى ئالدىغا كەلدىم ـ دە،
تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئوبرازى مېڭەمدىن يالتتىدە ئۆ.
تۈپ كەتتى، مەن شۇنىڭ بىلەنلا ئۆزۈمنىڭ تۇنۇ.

گۈن بىر قىز بىلەن مۇھەببەتلەشكەنلىكىمنى يادىمغا ئالدىم، نېمىشقىدۇر كىنو كۆرۈشنىڭ ھېچبىر مەززىسى قالمىغاندەك ھېس قىلدىم، كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرۈشنىڭمۇ مەززىسى قالمىغاندى. بۇرۇن كىنو كۆرسەم كىنو كۆرۈشتىكى مەقسىتىم پەقەتلا كىنولاردىكى ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنى تاماشا قىلىش ئىدى، كوچىلاردا ئايلىنىپ يۈرۈشتىكى مەقسىتىممۇ كوچىلاردىكى چىرايلىق قىزلارنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىدى، ئەمدى مەن مۇھەببەتلەشكەنىدىم، مەن ئۇنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ بېقىشقا تىرىشتىم، پەقەت ئۇنىڭ سېرىق چاچلىرى بارلىقىدىن باشقا ھېچنەرسىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تەسەۋۋۇرۇمدا قايتا ياساپ چىقتىم، تەسەۋۋۇرۇمدا قايتا شەكىللەنگەن ئۇ بارغانسېرى چىرايلىقلىشىپ بارماقتا ئىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭ ئوبرازىنى ئۆزگەرتىۋېتىپ بارغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. مۇھەببەتنىڭ بۇنچە ئاددىي ئىكەنلىكى مېنى بەكمۇ بىئارام قىلماقتا ئىدى. قولنى شۇنداقلا سوزۇشتىن ئىبارەت ئىنتايىن ئاددىي بىر ھەرىكەت مۇھەببەتنىڭ بارلىق جەريانىنى شەكىللەندۈرگەنىدى، خالىي بىرەر جايىنى تېپىپ تۈنۈگۈن يۈز بەرگەن بارلىق ئىشلارنى قايتىدىن ئىنچىكىلەپ كۆز ئالدىمدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزۈپ باققۇم كەلدى. ئۇ ئىشلار رېئاللىقتا زادىلا يۈز بېرىپ باقمىغاندەكلا مېنىڭ ئەسلىمەمدە ناھايىتى پارچە - پۇرات ۋە غۇۋا ھالەتتە ساقلىنىپ قالغانىدى، بۇلارنى قايتا كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزگەندە نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى، بۇلارنىڭ ئەمەلىيەت بولماستىن، بەلكى توقۇلمىغا ئايلىنىپ قېلىشى تەبىئىي ئىدى. يۈز بەرگەن ئىشلارغا كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

بىر كۈن ھېچ ئىشقا قولۇم بارمىدى، ھەتتا خىيال سۈرۈشمۇ زادىلا خۇشياقمايتتى. كوچىدا ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ ئۇچرىغان چىرايلىق قىزلارنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قىلىۋاتاتتى. نېمىشقا بۇنچە ئازابلىنىپ كېتىشىمنى بىلمەيتتىم.

ئۇ بەلكىم ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى مەنچىلىكمۇ بىلمەسلىكى مۇمكىن . . .

تەلۋە سۆيگۈ. . .
. . . ئەسەبىي خەتلەر
بۇ سانسىز مىسكىنلىك، چەكسىز دەرد - قايغۇ
ئاھ، سانسىز تەلمۈرۈش، سانسىز ئۈمىدنىڭ
قالدۇرغان بىر ھارغىن ئەسلىمىسى بۇ
سانسىزلاپ خىجىللىق يۈزۈمنى سىپاپ
دەر: كۆرمە! ھېكبىرەك قايتا كۆرمىكىڭ،
دەيمەن: ياق،
يىغلايمەن: كۆز ياشلىرىم بۇ.
تەلۋىلىك، ساراڭلىق خىجىل قىلسىمۇ
ئەسلەيمەن، ئاھ ئاشۇ كەچمىشلەرنى مەن
ئەسلەيمەن يىرگىنىش ئىچىدە قايتا
خەتلەرنى كۆكسۈمگە ئاستا باسىمەن.

بۇ ئۇنىڭ خاتىرە دەپتىرىنىڭ بېشىغا قاچانلاردۇر يېزىپ قويغان خەتلىرى. ئۇ شۇنچە خىجىللىقلارغا بەرداشلىق بېرىپ ئۇنىڭغا يازغان خەتلىرىنى ساقلاپ قويغانىدى، چۈنكى ئۇنىڭ شۇنچە جان - جەھلى بىلەن ئىنتىلگەن، شۇنچە يىللار بارلىق زېھنى بىلەن قوغلاشقان، نەچچە يىللىق ئۆمرىنى ئاتىۋەتكەن تۇنجى مۇھەببەتنىڭ قالدۇرغان نەرسىلىرى پەقەتلا ئەنە شۇ كىشىنى خىجىل قىلىدىغان خەتلەر ئىدى، بۇ نەرسىلەرمۇ يوقاپ كەتسە گويا ئۇنىڭ ئاشۇ بىرنەچچە يىللىق ھاياتى بەربات بولۇپ يوقاپ كېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ خەتلەر ئۇنىڭ ئاشۇ بىرنەچچە يىللىق ھاياتى ئىدى، دۇنيادا ئۆزىدىن باشقا يەنە بىر ئادەم ئۈچۈن بىرنەچچە يىلنى ئەمەس، پۈتۈن ئۆمرىنى زايا قىلىدىغان تەلۋە ئادەملەرمۇ ئاز ئەمەس. بۇنداق ساراڭلىق كىشىلەر ئارىسىدا مەدھىيىلەنگەننىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟ كىشىلەر تەلۋىلىكنى، ئۆمۈرنى زايا قىلىشنى مەدھىيىلەشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن.

«مەن سىزگە يەنىلا خەت يېزىۋاتىمەن، يەنىلا ئۆزۈمنى چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىۋاتىمەن، قەلبىمنى ئىپادىلەشكە ئۇرۇنىۋاتىمەن» مەن ئۇنىڭغا يازغان بىر قېتىملىق خېتىمنى ئەنە شۇنداق باشلىغانىدىم. «گەرچە سىزگە قەلبىمنى چۈشەندۈرۈپ بولۇشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى شۇنچە ئېنىق بىلىپ تۇرۇپمۇ، ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزۈمنى بېسىۋالالمايۋاتىمەن. ھېچ ئىشقا قولۇم بارمايدۇ، پەقەتلا سىزگە خەت يازغۇم، دادىلىغۇم، توختىماي يېلىنغۇم كەپلا تۇرىدۇ، سىزنىڭ قەلبىڭىزنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئېرىتەلمىسەممۇ يەنىلا سىزگە يېلىنىمەن، مەن پۈتۈنلەي ئۈمىدسىزلەندىم دەپ ھېس قىلمىمەنۇ، يەنە سىزگە يالۋۇرىمەن، قارىغاندا، يەنىلا سىزدىن ئۈمىد ئۈزمىگەن ئوخشايمەن. سىز بىلەن خىياللىرىمدا مۇڭدىشىپ سىزگە دەرد - ھەسرەتلىرىمنى تۆكۈپ كېتىمەن، نېمىشقا بۇنچىۋالا ھەسرەتلىنىپ كېتىدىغانلىقىمنى، نېمىشقا پۈتكۈل ھاياتىمنى سىز ئۈچۈنلا ياشاشقا سەرپ قىلماقچى بولغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ

بىلمەيمەن، ئويلاپ ـ ئويلاپ تېگىگە يېتەلمەيمەن.
ئەگەر مۇھەببەتنىڭ بۇنداق ھەسرەتلىك، بۇنداق
ئازابلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسام، باشقىلارغا
ئاشىق بولماي ئۆتۈشنىڭ قەدرىنى بىلگەن بولار
ئىكەنمەن. مۇھەببەتسىز ياشاش نېمىدېگەن راھەت ـ ھە!
بۇرۇن مەن زادى قانداق ياشىغان بولغىتتىم؟ بۇ-
رۇنقى كۆڭلىرىم زادى قانداق ئۆتكەن بولغىتى،
نېمىلەرنى قوغلىشىپ، نېمىلەرگە ئىنتىلىپ يا-
شىغان بولغىتتىم، ئاھ، ئىنتىلىش، مۇھەببەتنىڭ
ئازابلىرى بولمىغان ئاشۇ دەۋرلەر كەلمەسكە كەت-
تى. مەن مەڭگۈ ئۇ دەۋرلەرگە قايتالمايمەن،
چۈنكى سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز ساقايماس كېسەل-
گە ئوخشاش مېنى چىرمىۋالدى، ئۇنىڭدىن قۇتۇ-
لۇش مۇمكىن ئەمەس.»

تۇنجى قېتىملىق ئاشىقلىق ئۇنى ئەنە شۇنداق
قىينىغانىدى، شۇ چاغلاردا خۇددى ئۇ ئۇنى ۋەي-
ران قىلغانغەكلا ھېس قىلغانىدى، ئەمەلىيەتتە،
بۇ دۇنيادا ھېچكىم ھېچكىمنى ۋەيران قىلىۋېتەل-
مەيدۇ، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزۈمنى تۈگەشتىم دەپ
ئويلاپ، بۇنى پۈتۈنلەي ئۇنىڭدىن كۆرگەنىدى،
ئۇنىڭغا غەلىتە كېسەلدەكلا مەھكەم يېپىشىۋالغا-
نىدى، ئادەتتە بىر ئەر بىر ئايالنى خوتۇن قى-
لىپ، ئۇنىڭدىن بىر نەچچە بالا تېپىپ قويۇپ
تاشلىۋەتسىمۇ، ئىگە ـ چاقىسىز ۋە يۆلەنچۈكسىز
قالغان ئايالمۇ ئۇنىڭدەك بۇنچىۋالا دادلىماس بول-
غىتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ھەممە ئادەم مەسخىرە قىل-
غۇدەك كۈلكىلىك ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانىدى،
ئۇ ماڭا ھېچنەرسە قىلماي تۇرۇپ (ئەمەلىيەتتە
ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتىم يوق دېسەم-
مۇ بولىدۇ)، پەقەت ئۇ ماڭا ئۆزىنى تەقدىم قىل-
مىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنىڭدىن شۇ قەدەر رەنجىگەن-
دىم. خۇددى ئۇنىڭدا ئەزەلدىنلا ھەققىم باردەك،
ئۇنىڭ ئۆزىگە ئىگە بولۇشىغا يول قويماسلىقىغا
تىرىشقانىدىم، بۇنداق ئۆكتەملىك ئەينى ۋاقىتتا
ماڭا قىلچىمۇ غەلىتە تۇيۇلمىغانىكەن، ئىنتايىن
يوللۇق ھېس قىلغانىكەنمەن دەپ ئويلايدۇ ئۇ كې-
يىنكى چاغلاردا چوقۇم.

«مەن مۇھەببەتتىن قۇتۇلۇشقا شۇنچە تىرى-
شىپمۇ قۇتۇلالمىدىم» دېگەنىدى ئۇنىڭغا يازغان
خېتىدە. «سىز توغرۇلۇق گەپ بولسا ھەممە ئا-
دەم سىزنىڭ يامان گېپىڭىزنى قىلىدۇ، سىزنى
كوچىلاردا يۈرگەن بۇزۇق ئاياللار بىلەن تەڭ ئو-
رۇنغا قويىدۇ، مەن بولسام پەقەت سىزنى ئاقلاشقا
تىرىشىمەن. ئۇلار دەلىل ـ ئىسپات بىلەن سۆز-
لىسە مەن قىلچە دەلىلسىزلا ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى
ئىنكار قىلىمەن، ئۇلار بىلەن ئۇرۇشىمەن، ئۇلا-
رغا نەپرەتلىنىمەن. مۇھەببەت ئادەمنى ساراڭ
قىلىۋېتىشكىمۇ قادىر بولسا كېرەك. مەندە ئاللى-
قاچان مۇھەببەتسىز ھاياتنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بو-
لالمايدىغان ئىدىيە شەكىللەنگەن بولسىمۇ، بى-
راق، مەن مۇھەببەتنىڭ بۇنچە قۇدرەتلىك ئىكەن-
لىكىنى ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن. بەلكىم سىز
مېنىڭ بۇ گەپلىرىمگە ئىشەنمەسسىز، سىزگە يا-
سالما بولۇپ تۇيۇلار، بۇلارنى مەن ئۆزۈممۇ بى-
لەلمەي قالدىم، سىزگە بولغان بۇنچە زور مۇھەب-
بەت زادى نەدىن كەلدى، نېمە سەۋەبتىن سىزنى
ھاياتىم بىلەن تەڭ كۆرىمەن؟ نېمىشقا مۇھەببەت
ئۈچۈنلا ياشايدىغاندەك ئويلايمەن؟! . . . »

ئۇنىڭغا يازغان خەتلىرىمدىكى بۇنداق كۈل-
كىلىك گەپلەر ھازىر بۇ خەتلەرنى قايتا قولۇمغا
ئېلىپ ئوقۇغان ۋاقىتىمدا (ئۇ خەتلىرىمنىڭ ھەم-
مىسىنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگەنىدى) سەۋر ـ تا-
قىتىمنى تۈگىتىۋېتىدۇ. ساراڭلارچە ۋەدىلەرنى
ئوقۇۋېرىشكە ئاخىرى چىدىيالماي توختاپ قال-
مەن، بىراق، بۇ خەتلەرنى يەنىلا ئاۋايلاپ ساقلاپ
قويىمەن، بارلىق خىجىللىقلارغا چىداپ تۇرۇپ،
كېيىن يەنە قولۇمغا ئېلىپ ئوقۇيمەنۇ، يېرىمىغا
كەلگەندىلا ئوقۇۋېرىشكە يۈزۈم چىدىماي قالىدۇ.
بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن كۈلپەتلىك بولغان بىر-
خىل تاماشا.

ئاشۇ چاغلارنى ئۇ ئەنە شۇنداق ئەسلەيدۇ،
چۈنكى بۇنداق ئەسلىمەي ئىلاجى يوق. مەن ئۇنى
تونۇمىسامىمۇ ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرى ماڭا ئۇنىڭ
ئۆزىنىڭ بىلگىنىدىنمۇ بەكرەك ئېنىق. ئادەم ئۆ-
زىنىڭ نومۇسلۇق ئىشلىرىنى تاماشا قىلسا بۇ
خىل تاماشا ئەنە شۇنداق كۈلكىلىك ۋە ئېچىنىش-
لىق بولۇپ تۇيۇلىدۇ. دۇنيادا ئادەم ئۆزىنى ئا-
زابلايدىغان نەرسىلەرنى تاماشا قىلغانلىقى ئۈچۈنلا
ئازابلىنىدۇ. دۇنيادىكى بارلىق ئازاب بۇنىڭدىن
پەرقلەنمەيدۇ. ئۇنىڭغا يازغان خەتلىرىمنى قايتا
ئوقۇغان ۋاقىتىمدا ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىلىرىمنىڭ
ھەممىسىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماي
قالمايتتىم، مەن ئەينى ۋاقىتتا قەلبىمنىڭ ئەڭ
چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىقىرىپ ئېيتقان ئاشۇ سۆز-
لەرنى پۈتۈنلەي راست دەپ يۈزدە يۈز ئىشىنەت-
تىم، ئۇنىڭغا بولغان شۇنچە تەلۋىلەرچە ئاشىقلىق
ماڭا قىلچىمۇ ساختا تۇيۇلمىغانىدى. ئۇنىڭغا بول-
غان مۇھەببەت مېنى قارىغۇغا ئايلاندۇرۇۋەتكە-
نىدى، مېنىڭ ئۆز ۋەدىلىرىم ئىچىدىكى ساختا
نەرسىلەرنى بايقىۋېلىش ئىقتىدارىمدىن پۈتۈنلەي
مەھرۇم قىلغانىدى، مانا بۈگۈنكى كۈندە بولسا
ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆزۈمنىڭ يۈرىكىمنىڭ تەكتى-

دىن چىققان ئاشۇ سۆزلەرنىڭ ئىچىدىكى رېئاللىقتا ئەڭ يېقىن كېلىدىغان ئەڭ ئاددىيلىرىغىمۇ قىلچە ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتاتتى. ئەينى ۋاقىتتا ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈۋېلىشىم مۇمكىن دەپ ئويلىغانىدىم، ھەتتا ئۆلۈۋېلىشنى خىيالمۇ قىلىپ باققان، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەنە شۇنداق ھەممە نەرسىدىن كېچىۋېتەلەيمەن دەپ ئويلىغان. بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ كۆڭلۈمدە پۈتۈنلەي راست ئىدى.

بەلكىم بۇلار ئۇنىڭ خېلى ئۇزاق يىللاردىن كېيىنكى خىياللىرى، ئۇ بىر ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ئىشنى نەچچە قېتىم ئەسلەپ ئۆتسە شۇنچە قېتىم ئۆزگىرىپ كېتەتتى. ئۇ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ نېمىلەرنى ئەسلىمەكچى بولغانلىقىنىمۇ تاپالماي قالاتتى. بىراق، ئۇلار ماڭا بەش قولدەك ئايان.

شەنبە كۈنىمۇ يېتىپ كەلدى، مەن ئۇنى (ئاغىنەم تونۇشتۇرغان قىزنى) ئىزدەپ باردىم. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئوبرازىنى كاللامدا قايتا شەكىللەندۈرۈپ چىققانىدىم، بىراق ئۇنىڭ بىلەن قايتا كۆرۈشكەندە مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدا قايتا قۇراشتۇرۇلغان بۇ ئوبرازنىڭ پەقەت ئالتۇن رەڭلىك چاچتىن باشقا ھېچنەرسىسىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ مېنى ئىنتايىن سۆيۈق بىرخىل كۈلكە بىلەن كۈتىۋالدى. ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى.

ھاياتتا ھېكايە دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. رېئالىزمچىلارغا بارىكاللا! ئۇلار مانا مۇشۇ ھېكايە مەۋجۇت بولمىغان رېئاللىقتىن ئاجايىپ تەسىرلىك، گۈزەل ھېكايىلەرنى توقۇپ چىقىرىدۇ. ئۇلارنىڭ قانداقتۇر ئوبراز يارىتىش، تىپىكلەشتۈرۈش دېگەندەك خىلمۇ خىل نەيرەڭلىرى بار. ئۇلار مانا مۇشۇنداق ئۇسۇللار ئارقىلىق يالغان گەپكە باغرى قانمايدىغان كىتابخانلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلىرىنى تۆكۈشكە سەۋەبچى بولالايدۇ. بىراق، مەندە رېئالىزمچىلاردەك ساختا، ئۇنداق يۇكسەك ماھارەت يوق، ئۇلارنىڭكىدەك ھاياجان بىلەن تولۇپ تاشقان قەلبىمۇ يوق. مەن تۇنجى مۇھەببىتىمنى ئەنە ئاشۇ رېئالىزمچى يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىدەك ھەم چىن، ھەم رەھىمسىز، ھەم نەتىجىلىك قىلىشقا تىرىشتىم (بەلكىم ئاشۇ چاغلاردا ئۆلۈۋالغان بولسام بۇ ھېكايىنىڭ ئاجايىپ ھەيۋەتلىك نەتىجىسى بار بولۇپ مېنىڭ كەچۈرمىشىم مۇكەممەل كەچۈرمىش ھېسابلىنىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق، نېمىلا دېگەن بىلەن مەن يەنىلا ياشاۋەردىم، دېمەك، بۇ بىر ئاخىرى يوق ھېكايە بولۇپ قالدى. ئاخىرى يوق ھېكايىنى قانداقمۇ ھېكايە دېگىلى بولسۇن؟). دۇنيادا تارىختىن بۇيان ئۆتكەن يازغۇچىلار ھەددى - ھېسابسىز، ئۇلارنىڭ يازغان مۇكەممەل ھەم تەسىرلىك ھېكايىلىرى بولسا تېخىمۇ ساناقسىز. مەن كېيىنكى چاغلاردا شۇنى ھېس قىلىپ يەتتىمكى، يەنىلا مېنىڭ ئۆلۈۋالمىغىنىم توغرا بولغانىكەن. پەقەت تۇنجى مۇھەببەتنى تەسىرلىك ۋە مۇكەممەل ھېكايىلەردەك قىلىش ئۈچۈن ئاتايىن ئۆلۈۋالغىچە، تەسىرلىك ۋە باش - ئاخىرى بار، مۇكەممەل ھېكايىدىن بىرەرنى يازالمىغان تەقدىردىمۇ ياشاۋەرسەم بولىدۇغۇ. ئادەملەر تارىختىن بۇيان مۇكەممەللىككە ئىنتىلىپلا ياشاپ كەلدى، بىراق ئۇلۇغ ئىشلار ئۈچۈن ئۆزىنى ھەيۋەتلىك ھالدا قۇربان قىلغان سانسىزلىغان ئادەملەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ تامامەن توقۇپ چىقىرىلغان بەزى ھېكايىلەردىكى پېرسوناژلارنىڭكىچىلىك داڭقى يوق. مېنىڭ قولۇمدىكى ئادەم ھېكايىدىن قىممەتلىكرەك.

مېنىڭ بۇ ھېكايىنى تاكى ئۇ مۇكەممەل قىياپەتكە كىرگۈچە داۋاملاشتۇرغۇم بار ئىدى. بىراق بۇنىڭغا ئامال بولمىدى. ئەجەبا مەن مۇكەممەل، باش - ئاخىرى بار بولغان ئەسەرلەرنى يېزىشنى خالىماسمەنمۇ؟! تازا خالايمەن. بىراق، ئاشۇ شەنبە كۈنى ئۇ مېنى ئۆزىنىڭ ئىنتايىن سۆيۈق كۈلكىسى بىلەن كۈتىۋالغاندىلا مېنىڭ بۇ خىيالىم تامامەن بەربات بولدى.

— يۈرۈڭ، مېنىڭ ئۆيۈمگە بارايلى، — دېدىم مەن ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ بولۇپ.

— ئۆيۈڭ قەيەردە؟— دېدى ئۇ. مەن ئۇنى ئۆزۈمنىڭ سىزلەپ سۆزلەۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم.

— يېقىنلا، — دېدىم مەن.

ئۇ ماڭا ئۈن - تىنسىز ئەگىشىپ ماڭدى، ئۇ گەپ قىلمىغىنى بىلەن ئىنتايىن شاللاق بىر تەرىزدە كۈلۈپلا تۇراتتى. بۇ كۈلكە كىشىگە ئۇنى بار ئاۋازى بىلەن چاڭىلداپ سۆزلەۋاتقاندەكلا ھېس قىلدۇراتتى.

مەن ئۇنى باشلاپ كېتىۋېتىپ ئۆيگە بارغۇچە ئاشۇ يولدا قېرىشقاندەك سانسىزلىغان چىرايلىق قىزلارنى ئۇچرىتىپ ماڭدىم. گۈزەل قىزلار ئۇچرىغانسېرى ئۇنىڭغا قارىغۇم كەلمەي باشقا تەرەپلەرگىلا قاراپ ماڭدىم. ھەر بىر چىرايلىق قىزنى كۆرسەم ئىچىم ئاچچىق ئېچىشاتتى. ئەجەبا ئاشۇلارمۇ مۇشۇ دۇنيادا ياشاۋاتىدۇ، ئۇلارغا ماڭا ئوخشاشلا بىر ئەركىشى ئېرىشەلەيدۇيۇ، مەن نې-

مىشقا ئىرىشەلمەيمەن؟ بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇلار ماڭا دائىم ئۇچراپ تۇرىشى مۇمكىن، ئەتراپىمدا سانسىزلىغان گۈزەل ئاياللارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى دائىم ھېس قىلىپ تۇرغان ئەھۋالدا مېنىڭ پۈتكۈل ئۆمرۈمدە ئۇلارغا ئېرىشەلمەسلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ ياشاۋېرىشىم نېمىدېگەن دەھشەت دەپ ئويلىدىم. مەن يۈرىكىمدە ئاچچىق بىر ئېچىنىش پەيدا بولۇپ، دېمىمنىڭ قاتتىق سىقىلىۋاتقانلىقىنى، يۈرىكىمنىڭ سوقۇشىنىڭ تېزلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. شۇنچە نۇرغۇن گۈزەل ئاياللارنىڭ ئىچىدە ھېچبىرسىنىڭ ماڭا تەۋە بولماسلىقى ئىچىمنى قايناتتۇەتتى. ۋۇجۇدۇم نېمىشقىدۇر بىردىنلا قىزىپ - تەرلەپ كىيىملىرىم تېنىمگە چاپلىشىپ كەتتى. ئۇ يېنىمدا ئۈن - تىنسىز كېتىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ باقماقچى بولۇپلا يەنە يالتىيىپ قالدىم، ئۇنىڭغا پەقەتلا قارىغۇم كەلمىدى. كوچىدىكى باشقا چىرايلىق ئاياللارغىمۇ قاراشقا پېتىنالماي پەقەت ئالدىمدىكى يولغا قاراپلا ماڭدىم، بىراق كوچىلاردا مېنىڭ دىققىتىمنى تارتقان ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدى ۋە ئادەمنى ۋەسۋەسىگە سالىدىغان كىيىنىشلىرى كۆز ئالدىمدىن كەتمەي تۇرغاچقا، مەن يەنىلا خۇددى ئۇلار كۆز ئالدىمدا تۇرغاندەكلا ئازابلىنىپ ماڭدىم. يۈرىكىمدىكى ئاچچىق پۇچىلىنىش بىردىنلا مېنىڭ ھەۋىسىمنى قاتتىق قوزغىتىۋەتتى. مەن ئۇنى مەن ئولتۇرۇشلۇق بىناغا باشلاپ كىردىم، بىنا ئالدىغا كەلگەندە ئۇ «ئۆيۈڭ نەچچىنچى قەۋەتتە» دەپ سورىغانىدى، مەن جاۋاب بەرمىدىم، ئۇنىڭغا جاۋاب بەرسەممۇ بولاتتىيۇ،لېكىن مەندىكى قاتتىق سىقىلىش ھېسسىياتى مېنى گويا گەپ قىلسام ئاۋازىم چىقمايدىغاندەك خاتا تۇيغۇغا كەلتۈرگەنىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا شاللاق ئاۋازى بىلەن ۋاقىرىۋەتتى.

— پاھ، ئۆيىڭىز ئەجەبلا كەڭرىكەنغۇ، بويتاق تۇرۇپ بۇنچە كەڭرى ئۆينى نەدىن ئالدىڭىز؟

مەن ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەرمىدىم، چۈنكى كوچىدىكى مەن ئېرىشەلىشىم ناتايىن بولغان ئاياللارنىڭ گۈزەل گەۋدىلىرى كۆز ئالدىمدىن كەتمەي، دەھشەتلىك ھالدا تېنىمدە كۆۋەجەۋاتقان ئاللىقانداق ھەۋەستىن تېنىم پۇچىلانماقتا ئىدى، ۋۇجۇدۇم توسۇۋالغۇسىز كۈچلۈك ئىنتىلىشتىن باشقا بارلىق رولىدىن مەھرۇم بولغاندەك ھېچنېمىگە ئىشلىمەي قالغانىدى، ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىدىمىيۇ،مەندە جاۋاب بەرگۇدەك ماجال يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ جاۋاب بەرمىدىم، ئاجايىپ غەلىتە ھالدا نېمىشقىدۇر يۈرىكىم سىقىلىپ، نەپىسىم جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى. قانداقتۇر مۆلچەرلىگۈسىز بىر ئىشنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتىۋاتقاندەك غەلىتە سۈكۈتكە چۆمگەنىدىم، بۇ بىر قورقۇنچلۇق سۈكۈت ئىدى. مېڭەم قۇپقۇرۇق ئىدى، نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەيلا قالغانىدىم، مەن ۋۇجۇدۇمدىكى پۇچۇلىنىشنىڭ جىسمانىي تەلەپ تۈپەيلىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىمىيۇ، لېكىن بەدىنىمدە چىدىغۇسىز پۇچىلىنىشتىن باشقا ئۆزگىرىش يوق ئىدى. ئۇ مەندىكى جىددىيلىشىشلەردىن خۇددى مېنى كۆرمەيۋاتقاندەكلا خەۋەرسىزدەك قىلاتتى.

ئۇ مېنىڭ ئۆيلىرىمنى بىرقۇر كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىقتى، ئاندىن نېمىدۇر بىر نەرسىلەرنى دەپ كۈلۈپ بىرھازا سۆزلىدى. لېكىن ھېچنەرسە مېڭەمگە چۈشمىدى، مەن پەقەت ئۆزۈمدىكى غەلىتىلا جىددىيلىشىشتىن باشقا ھېچنەرسىنى ھېس قىلمايۋاتاتتىم. مەن تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كارىۋاتنىڭ يېنىدا تۇرغانلىقىنى كۆردۈم - دە، ئىتتىرىپ بېرىپلا ئۇنى كارىۋاتقا يىقىتىۋالدىم. ئۇ بۇ تۇيۇقسىز ھەرىكەتتىن قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچەيگىنىچە ماڭا قاراپ تۇراتتى، ئۇ بىردەم نېمە ئىش يۈز بەرگىنىنى بىلەلمىگەندەك ھاڭۋېقىپ قالدى. مەن بۈگۈن ماڭا يولدا ئۇچرىغان گۈزەل ئاياللار پەيدا قىلغان ئېچىرقاشنى ئۇنى قورال قىلىپ تۇرۇپ قاندۇرماقچى ئىدىم، بەلكىم ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلسام، قەلبىم مۇھەببەت شادلىقىغا ئەمەس، بەلكى ئانانىزىم قىلغاندىن كېيىنكى پۇشايمان تۇيغۇسىدەك ئېغىر روھىي جىنايەت ھېسسىياتىغا چۆمۈشى مۇمكىن. بىراق نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ بىر ئايال جىنس ئىدى.

مەن ئۇنىڭ يوپكىسىنى ئۆرۈۋېلا ئۇنىڭ ئىچ كىيىمىنى سالدۇرماقچى بولۇپ قولۇمنى ئۇزىتىۋىدىم، ئۇ دەرھال ئۆزىگە كەلدى - دە، تېپىچەكلەپ ئاستىمدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشتى.

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟! نېمە قىلىۋاتىسەن؟! قولۇڭنى تارت! نېمە قىلىۋاتىسەن؟!...

ئۇ «نېمە قىلىۋاتىسەن؟» دېگەن سوئالنى ھەدەپ تەكرارلىغىنىچە مەندىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇناتتى. مەن ئاياللارنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقىنىمنى بىلىپ تۇرسىمۇ نېمە قىلىۋاتىسەن دەپ سوراشلىرىنى ياقتۇرۇپ قالدىم. چۈنكى بۇ سۆزنىڭ ئۆزىلا ھەممىنى ئاشكارىلاپ تۇراتتى، بۇ سۆزنىڭ «مېنى ... دەۋاتامسەن؟» دېگەن سۆزدىن مەنە پەرقى يوق ئىدى.

بىردىنلا لاسسىدە بولۇپ قالدىم. دېمەك مەن

www.uyghurkitap.com

لەقۋاكەنمەن - دە، دېگەن خىيال چاقماق تېزلىكىدە مېڭەمنى كېسىپ ئۆتتى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئۆي ماڭا ئانچە دەھشەتلىك تۇيۇلمىغانىدى، پەقەت كېيىنكى چاغلاردىلا بۇ ئىشلارنى قايتا ئويلىسام تېنىم شۈركىنىپ كېتىدۇ. ئەگەر مەن ھەقىقەتەنلا شۇنداق بولۇپ چىقسام بۇ مېنىڭ تۈگەشكىنىم ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا چۈشىنىكسىز بۇ جىددىيلىشىش ۋە تېخى ئاڭغا ئايلانمىغان ھالدىكى باشقا جىنسلىقلارنىڭ تېنىگە قىزىقىش ھېسسىياتى تۇپەيلىدىن قوپقۇرۇق بولۇپ قالغان كاللام تەن ئاجىزلىقىنىڭ بەكمۇ دەھشەتلىك بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقا ئۈلگۈرۈپ يەتمىگەنىدى.

مەن نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالغان ئاشۇ پۇرسەتتە ئۇ مېنى ئىتتىرىۋېتىپ ئورنىدىن تۇرۇۋالدى، ئاندىن مېنى تىللىغىنىچە كىيىملىرىنى تۈزەشتۈردى. مەن ھاڭۋاققىنىمچە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتىم. ئۇنىڭ تىللاشلىرىغا بىرنەرسە دېگۈمۇ كەلمەيتتى.

— سەن مېنى نېمە كۆرىۋاتىسەن؟ ئويناپ يۈرگەن كوچا خوتۇنلىرىغا ئوخشىتىپ قېلىۋاتامسەن؟— دېدى ئۇ چېچىلىپ. ئۇ راستىنىلا ئاچچىقلاۋاتقاندەك قىلاتتى، گويا ئۇنىڭدا يات جىنسقا نىسبەتەن ھېچبىر قىزىقىش يوقتەك. مەن ئۈندىمىدىم،— دىققەت قىل، كېسەل بولۇپ قالمايەنە،— دېدى ئۇ بىردەمدىن كېيىن. مەن يەنە ئۈندىمىدىم. بىردەم يەرگە قاراپ جىمجىت تۇرۇۋالغاندىن كېيىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدىم، ئۇ ماڭا غەزەپ بىلەن قاراپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ نەزەرىدە يەنە ئىنتايىن كۈچلۈك يىرگىنىش ھېسسىياتى بار ئىدى.

مەندىكى جىددىيلىشىشنىڭ ئاخىرلىشىشقا باشلىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. قوپقۇرۇق بولۇپ قالغان كاللامدا ئىدراك بارا - بارا رول ئويناشقا باشلىدى. قاراڭغۇلاشقان كۆزلىرىم ئېچىلىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم.

— كۆزىڭىزگە قۇسقىڭىز كەلگۈدەك كۆرۈنۈۋاتامدىم؟— دېدىم مەن. ئاغزىمدىن بۇ سۆز چىقىشى بىلەنلا ئۇ گويا زىممىسىدىن ئېغىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك بىر تىنىۋالدى - دە، ۋاتىلداپ سۆزلەپلا كەتتى. ئۇ سۆزلىگەنسېرى سۆزلىرى راۋانلىشىپ، ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەن چاغدىكىدەك قىياپەتكە كىردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بارلىق نارازىلىقلىرى ساختىلىشىپ كەتتى. ئۇ مېنى ئىنتايىن كۆپ قىزلارنى ئەخمەق قىلىپ تاشلىۋەتكەن، ئۇچىغا چىققان ئەسكى لۈكچەك دەپ ئويلاپ قالغاندەك قىلاتتى. بىراق مەن ئۇنىڭ بۇ كۆز قاراشلىرىنى تۈزىتىشنى خالىمىدىم، چۈنكى مەن ئۇنىڭ كۆز قارىشىدىكىدەك ئەر بولالىسام ئۇ مېنى قاتتىق ياقتۇرۇپ قالىدىغاندەك، ئەڭ بولمىغاندا، مېنىڭ ئىنتايىن ياۋاش بىر ئادەملىك قىياپىتىمگە قارىغاندا مېنىڭ ئۇنىڭ خىيالىدىكىدەك بولۇشىمنى بەكرەك ياقتۇرىدىغاندەك ھېس قىلدىم.

ئۇ ماڭا ئىنتايىن غەزەپلەنگەن ھالدا تىكىلگىنىچە بىرھازا قاراپ تۇردى. مەن باشقا تەرەپكە قاراپ تۇرغان بولساممۇ، ئۇنىڭ ئىزچىل ھالدا مەندىن كۆزىنى ئۈزمەي تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇراتتىم.

— كەچۈرۈڭ، ئالدىڭىزدا قاملاشمىغان ئىش قىلىپ قويغان ئوخشايمەن، — دېدىم مەن. باياتىنقى مەن تىنالماي ئۆلگىلى تاس قالغان ھاياجان ئاخىرلىشىپ بوشىشىپلا كەتكەنىدىم.

— كەچۈرۈڭ؟ ! نېمىشقا كەچۈرىمەن؟— ئۇ يەنىلا مەندىن كۆزىنى ئۈزمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئادەمنى قىستايتتى.

— بۇ مېنىڭ سەۋەنلىكىم ئەمەس، مېنىڭ ئۇنداق قىلغۇم يوق ئىدى،— دېدىم مەن، ئەمەلىيەتتە ئۆزۈمنىڭ راستىنلا ئۇنداق قىلغۇم يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم (چۈنكى مەندە ئۇنىڭغا نىسبەتەن يىرگىنىشتىن باشقا ھېسسىيات قالمىغانىدى، ئۇنىڭغا قاراشمۇ ماڭا يىرگىنىشلىك تۇيۇلۋاتاتتى، مېنىڭ ئالدىمدا ئۇ كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ ياتسىمۇ ھاياجىنىمنى قوزغىيالمايدىغاندەك قىلاتتى. نېمىشقىدۇر ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، ئۆزۈمنى كونترول قىلالماي قالدىم. . . ئۆزۈمنى. . . كونترول قىلالماي قالدىم، خۇددى كېسەل تەگكەندەكلا. . . خۇددى. . . ۋۇجۇدۇمدا. . . بىر خىل روھىي كېسەل. . . قوتراپ. . .

مەن ئۇنىڭ تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىنىڭ مەندىن يۆتكەلگەنلىكىنى سەزدىم - دە، ئۇنىڭ چىرايىغا لەپپىدە بىر قاراپ قويدۇم، ئۇنىڭ تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىنىڭ مەندىن يۆتكەلگەنلىكىلا ئۇنىڭ سەل پەسكويغا چۈشكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى، شۇنداقتىمۇ مەن ئۇنىڭغا قاراپ قويدۇم. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا پەقەتلا قاراپ باققۇم يوق ئىدى. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر قېتىملىق مۇھەببەت ھېكايىسىنىڭ باشلانماي تۇرۇپ ئاخىرلىشىۋاتقانلىقىدىن مۇكەممەل، تولۇق دېرەك بېرەلەيتتى.

— يەنە شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ سەن بىلەن ئارىلىشالمايمەن جۇمۇ، — دېدى ئۇ پەيلىدىن تامامەن يانغان تەلەپپۇزدا، بۇ ئۇنىڭ ھېكايە-

نى داۋاملاشتۇرۇش خىيالىدا ئىكەنلىكىنى بىلدۇ-
رەتتى، مەن ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىنى خالايدىغان
ياكى خالىمايدىغانلىقىنى بىلەلمىدىم. ئېرىشەلمەي
كۆنۈپ كەتكەن ئادەمگە نىسبەتەن ئېرىشىش بەكمۇ
تاسادىپىي تۇيۇلۇپ، بۇ خىل تاسادىپىيلىق خۇددى
تۇيۇقسىز ھېرىلگەن زەربىدەكلا تۇيۇلىدىكەن دەپ
ئويلىدىم مەن ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىگەن ھالىتىم-
نى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتىم. نېمىلا دېگەن بىلەن
رېئاللىقتا مەن ئۇنىڭغا ئېرىشكەنىدىم، ئۇنىڭغا
ئېرىشەلمىگەن كەچۈرمىشىم مەۋجۇت ئەمەس ئى-
دى، شۇڭا ئۇنىڭغا ئېرىشەلمىگەن كەچۈرمىشىم-
نى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىشىمنىڭ ھاجىتى يوقلى-
قىنى سەزدىم، قانداقلا بولمىسۇن، مەن تەشنا
بولغان بۇ كەچۈرمىش مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.
ئۆتمۈشتىكى كەچۈرمىشلەرنى ئۆزگەرتىشكە ناھا-
يىتى ئۇزۇن مەزگىل كېتىدۇ، ناھايىتى ئۇزۇن
مەزگىل ئىچىدە سەن بەزىبىر كەچۈرمىشلىرىڭنى
بارا - بارا ئۇنتۇپ كېتىشىڭ كېرەك. ئاشۇ كە-
چۈرمىشلەر سېنىڭ كۆز ئالدىڭدا قايتا پەيدا بول-
غاندا ئىنتايىن غۇۋالىشىپ بېرىشى كېرەك، سەن
بۇ كەچۈرمىشلەرنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەرمەكچى
بولغاندا غۇۋالىشىپ بىلگىلى بولمايدىغان بولۇپ
كەتكەن يەرلىرىنى ھېكايىنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە
قىلىش ئۈچۈن ئۆزگەرتىپ تولۇقلاپ سۆزلەپ بې-
رىسەن، تولۇقلاپ سۆزلەۋاتقان ۋاقتىڭدا ئاشۇ تو-
قۇپ چىقىرىلغان خىيالىي كارتىنىلار سېنىڭ كۆز
ئالدىڭدا شەكىللىنىپ، كەچۈرمىشلىرىڭنى يەنە
بىر قېتىم قايتا سۆزلەپ بەرگەن ئاشۇ چاغدا كۆز
ئالدىڭدا شەكىللەنگەن خىيالىي، ئويدۇرۇپ چى-
قىرىلغان كارتىنىلارنىڭ ئۆزلۈك توقۇپ چىققان
كارتىنىلار ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالماي راست بى-
لەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ، مانا مۇشۇنداق يول
ئارقىلىق سەن ئۆتمۈشنى تامامەن قايتا ئۆزگەر-
تىپ چىقالايسەن. بۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى ئۇزۇن
ۋاقىت ۋە كۆپ تەكرارلاش كېتىدۇ.

ئۇنىڭ قىياپىتى ئىنتايىن ئەستايىدىل ئى-
دى. مەن بۇنداق ئەستايىدىللىقنى خالىمايتتىم.
كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ قىياپىتىدىكى ئاشۇ
ئەستايىدىللىقنى ئەسلىسەم كۆڭلۈم يېرىم بو-
لۇپ، ئۇنىڭ كالۋالىقىغا ئاچچىقىم تۇتىدۇ، چۈن-
كى ئۇنىڭ قىياپىتىدىكى شاللاقلىق، ئاشۇ ۋاقىت-
تا تامامەن ئۆچۈپ كەتمىگەن بولسا، بەلكىم ئۇ
يەنىلا ماڭا كىشىنى مەپتۇن قىلارلىق تۇيۇلار بول-
غىتتى.

ئۇ ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا، مەن بىر بۇلۇڭىدا
ئۈن - تىنسىز ناھايىتى ئۇزاق ئولتۇردۇق. بەل-
كىم بىرەر - ئىككى سائەتچە ئولتۇرغاندىمىز.
لېكىن ھېچقايسىمىز سائەتكە قاراپ باقمىدۇق.
ماڭا بۇ ئولتۇرۇش ئىنتايىن خۇش ياقتى. نېمە
ئۈچۈندۇر بۇنداق ئولتۇرۇشىمىدىن ئىنتايىن كۆڭ-
لىلىك ھالدا پەخىرلىنىش ھېس قىلماقتا ئىدىم،
ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ پەخىرلەنگۈدەك زادى نېمىسى
بار؟! مەن ئاشۇنداق ئولتۇرۇپ ھېچنەرسىنى
خىيال قىلمىدىم. قۇپقۇرۇق بولۇپ قالغان مې-
ڭەمدە ئۆي ۋە ئۆي ئىچىدىكى جاھازلار ھەم قو-
لۇمدا ئويناپ تۇرغان، بىكاردىنلا قولۇمغا چىقىپ
قالغان ئەتىرگۈلدىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى،
قولۇمدا ئەتىرگۈلنى ئوينىغاچ تىرنىقىمنى ئەتىر-
گۈلنىڭ تۇتقۇچىغا پاتۇرۇپ باقماقچى بولغانلىقىم،
ئەتىرگۈلنىڭ سىرلىرىغا ۋە سىرلىرى ئۇپراپ
كۆرۈنۈپ قالغان ياغىچىغا شۇ قەدەر سىنچىلاپ
قاراپ كەتكىنىم ھېلىمۇ ئېنىق يادىمدا. بەلكىم
ئاشۇ چاغدا قولۇمدىكى ئاشۇ ئەتىرگۈلدىن (ئەينى
ۋاقىتتا مەن ئەتىرگۈلنى ھېچنەرسىگە ئىشلەتمەك-
چى ئەمەسمەن.) باشقا خىيال قىلغۇدەك ھېچ-
نەرسە قالمىغان بولسا كېرەك.

كەچ بولۇشقا يېقىن بىز ئەپلىشىپ قالدۇق،
زادى قانداق قىلىپ ئەپلىشىپ قالغانلىقىمىزنى
زادىلا ئېنىق ئەسلىيەلمەيمەن. بەلكىم بىزنىڭ
ئەپلىشىپ قېلىشىمىزغا ئەسلىگۈدەك بىرەر سە-
ۋەب بولمىغان بولغىتتى. بۇنى ئۇنتۇماي يۈرۈش-
نىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى، چۈنكى بۇنىڭ ھەممى-
سى ھېكايىنىڭ ئاخىرلىشىشىدىن كېيىنكى ئىش-
لار ئىدى. مەن بۇنى ئەسلىسەم، بىزنىڭ ئەپلى-
شىپ قېلىشىمىزنى تامامەن كەچقۇرۇندىكى گۇ-
گۇم قاراڭغۇلۇقىنىڭ چۈشۈپ كېلىشىدىن كۆر-
دۈم. مەن چىراغنى يېقىشنى خالىمىدىم. چۈنكى
قاراڭغۇلۇق ئادەمگە بىر خىل ئازادىلىك بېغىشلاي-
دۇ، ئۆينىڭ تۆت تەرىپىدىكى تېمى قاراڭغۇلۇق
ئىچىدە سىڭىپ يوقالغاندا خۇددى بۇ ئۆي تامسىز-
دەك، گويا چەكسىز كەڭلىككە ئىگە بولغاندەك
تۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ گەۋدىسى قاراڭغۇلۇقتا بارا -
بارا غۇۋالىششقا باشلىغاندىلا مەن ئۇنىڭغا قاراپ
تۇردۇم، ئۇنىڭغا بولغان يىرگىنىش ھېسسىياتىم-
مۇ قاراڭغۇلۇق بىلەن بىللە غۇۋالىشىپ بارماقتا
ئىدى. ئۇنىڭ گەۋدىسى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە سايى-
دەك قىياپەتكە كىرىپ قالغان ئاشۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ
چىرايىنى مەن تامامەن ئۆزگەرتىپ تەسەۋۋۇر قى-
لالايتتىم. قاراڭغۇلۇق مېنىڭ ئۇنىڭ چىراي -
تۇرقىنى ئۆزگەرتىپ ھېس قىلىشىمغا ئىمكانىيەت
بېرەلەيتتى. ئۇنىڭ چىراي - تۇرقى مېنىڭ ئې-
ڭىمغا تېخى ئورنىشىپ بولمىغانىدى، مېنىڭ كە-

چۈرمىشلىرىمدىكى ئوبرازلار بىلەن ئارىلىشىپ كېتىۋېرەتتى.

ئۇنىڭ ئاۋازى كۈندۈزدە ئانچە يېقىملىق ئاڭلانغاندەك قىلمايۋاتاتتى. قاراڭغۇلۇقتا بولسا ئاجايىپ يېقىملىق تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ شاللاق كۈلكىلىرى يەنە باشلانغاندا، ئاشۇ جاراڭلىق كۈلكىلەر مېنى ئۇنى ئىنتايىن گۈزەل بىر قىز ھالىتىدە تەسەۋۋۇر قىلدۇراتتى، چۈنكى مېنىڭ ئۇنى گۈزەل دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشىمغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان يورۇقلۇق يوقالغانىدى.

— مىجەزىڭ ئەجەب غەلىتە ئىكەن، — دېدى ئۇ، — بىر قاراشتا ئىنتايىن گۇمۇش، بىر قاراشتا ئۇچىغا چىققان ئالىقاپ لۈكچەك، بىر قاراشتا ئىنتايىن ئېغىر - بېسىق، بىر قاراشتا ئۆتۈپ كەتكەن شاللاق، بىر قاراشتا ئىنتايىن دەردمەن، بىر قاراشتا شۇنداق ئۇچۇق - يورۇق، بۇنىڭ زادى قايسىسى راست؟ سەن زادى قانداق ئادەم؟

— سەن شۇنداق ھېس قىلغان بولساڭ ئۇنىڭ ھەممىسى راست. مەن سەن ھېس قىلغاندەك ئادەم.

— بەك مۇرەككەپ. . . ئادەمنى قورقۇنچقا سالغۇدەك مۇرەككە ئادەم ئىكەنسەن.

— ياق، دۇنيادا سەن ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا مۇرەككەپ ئادەم مەۋجۇت ئەمەس، سەن بىرەر ئادەمنى ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق مىجەزلىك دەپ بېكىتىشكە ئۇرۇنىسەن. ئەمەلىيەتتە ئادەمدە مىجەز- خاراكتېر مەۋجۇت ئەمەس، ئادەم چەكسىز ئەركىن، شۇڭا ئۇنىڭدا خاراكتېر يوق. ئەمەلىيەتتە ئادەم ھېچنەرسە ئەمەس، سەن ئۇنىڭ ھېچنەرسە ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىغاچقا، ئۇنى ئىنتايىن مۇرەككەپ دەپ ھېس قىلىسەن، ئادەمنى دۇنيادىكى ئەڭ مۇرەككەپ نەرسە دەپ قاراش ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئەمەلىيەتتە ھېچنەرسە ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت پاكىتقا كۆز يۇمۇشقا تىرىشىسەن، ئادەمنىڭ ھېچنەرسە ئەمەسلىكىنى يوشۇرىسەن، ئەڭ مۇھىمى، ئۆزۈڭدىن يوشۇرىسەن، چۈنكى ئادەمنىڭ ھېچنەرسە ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلغىنىڭ — سېنىڭ تامامەن تۈگەشكىنىڭ!

— پەلسەپە ساتمىساڭچۇ، بۇنداق گەپلىرىڭنى مەن چۈشەنمەيمەن، ماڭا سۆزلەپ بەرمەي كىتاب قىلىپ ياز! — دېدى ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ بولۇپ.

— دېمەكچىمەنكى، دۇنيادا مۇرەككەپ ئادەم يوق، — مېنىڭ سۆزلىرىم ئۆزۈمنى ئاقلاۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا چىقىۋاتاتتى، ئەمەلىيەتتە مەن سۆزلىرىمنىڭ ئۇنى ئاچچىقلاندۇرۇشىنى ئۈمىد قىلاتتىم، چۈنكى مۇھەببەت ھېكايىسى ئاخىرلىشىپ بولغانىدى.

ئۇ گەپنىڭ تېمىسىنى ئەپلەپ - سەپلەپ بىزنىڭ توي قىلىشىمىز تەرەپكە سۆرەشكە تىرىشتى. مەن ئۇنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا يول قويدۇم.

— بەكمۇ چۈشكۈنلىشىپ كېتىپسەن، — دېدى ئۇ.

— ساڭا شۇنداق تۇيۇلدۇممۇ؟ ئۆزۈم ئۇنداق ھېس قىلمىدىم.

— سېنىڭ نەزەرىڭدە ھاياتنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوقمۇ؟

— بۇ توغرىدا ئويلىنىش ئادەمدە پەلسەپە پەيدا قىلىدۇ، پەلسەپىنىڭ پەيدا بولۇشى ھاياتنىڭ مەنىسىنى پەيدا قىلىشتىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ ھاياتنىڭ مەنىسىزلىكىنى ئېتىراپ قىلماسلىق دېگەن گەپ. ھاياتنى مەنىسىز دېيىشنىڭ ئۆزى پەلسەپە، ئەگەر ھاياتتا پەلسەپە بار بولسا، بۇ ھاياتنىڭ مەنىسىز ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ، چۈنكى پەلسەپە دېمەك مەنە دېمەكتۇر. ھايات مەنىسىز بولغانىكەن، ئۇنىڭدا پەلسەپە بولماسلىقى كېرەك.

— سەن تۈگىشىپسەن! — ئۇ كەسكىن ۋە قاتتىق ئاۋاز بىلەن شۇنداق دېدى. ئۇ راستتىنلا دەۋاتقاندەكلا شۇنداق دېدى، — توي قىلىۋال، تۇرمۇشۇڭنى تەرتىپكە چۈشۈرىۋال، بولمىسا ساراڭ بولۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن!

— ياق، بۇ دۇنيا تۈگىشىشكە، چۈشكۈنلىشىشكە ئەرزىمەيدۇ، — دېدىم ۋە شۇنداق دەپ بولۇپلا گېپىمگە پۇشايمان قىلدىم. ئۇ مېنى گەپكە سېلىۋاتاتتى. مەن ئۆزۈمنى ئۇنىڭ ئالدىدا ئويۇنچۇقتەك ھېس قىلدىم. ئۇنىڭ باياتىندىن بۇيانقى سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ مەقسىتىنىڭ مېنىڭ ئەزۋەيلەپ پەلسەپە سېتىشىمنى ئاڭلاش بولماستىن بەلكى گەپنى توي تەرەپكە سۆرەش ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ ھېس قىلىپ تۇراتتىم.

— توي قىل، توي قىلساڭ بۇنداق كۆز قاراشلىرىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى مۇمكىن. تۇرمۇشنىڭ ئالدىراشچىلىقى، قىزغىنلىقى سېنىڭ بۇنداق بىمەنە خىياللارنى قىلىشىڭغا پۇرسەت بەرمەيدۇ، يەڭگىللەپ كېتىسەن.

— مەن بىلەن توي قىلىشنى خالامسەن؟ — دېدىم مەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇ بەلكىم مېنىڭ بۇنى قانداق ھېسسىياتتا دېگەنلىكىمنى تەلەپپۇزىمدىن

هېس قىلىپ بولالماي، چىرايىمدىكى ئىپادىلەرنى كۆرۈپ باققۇسى كەلگەن بولسا كېرەك، چىراغنى يېقىۋىدى، مەن دەرھاللا ئۆچۈرىۋەتتىم. «مەن بىلەن توي قىلىشنى خالامسەن؟» دېگەن سۆز ئېنىقكى، ئۇنىڭغا «مەن خالايمەن، سەنمۇ خالامسەن؟» دېگەن سوئالدەك تۇيۇلغانىدى. شۇڭا ئۇ بىرقەدەر ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى.

ئۇ سوئالىمغا جاۋاب بەرمەي بىرھازا سۈكۈتكە چۆمدى. بۇنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

— مەن بەلكىم سەن بىلەن توي قىلىشىم مۇمكىن، — دېدىم ئۇنىڭغا، — لېكىن سەن بىلەن توي قىلىشنى خالايدىغان ياكى خالىمايدىغانلىقىمنى مەن ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

— نېمانداق غەلىتە گەپلەرنى قىلىسەن؟ بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ مېنى ھەيران قالدۇرىمەن دەپ ئۆزۈڭنى قەستەن غەلىتە كۆرسىتىشكە تىرىشىۋاتامسەن يا، — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن بىر خىل سىقىلىش ۋە گاڭگىراش بىلىنىپ تۇراتتى.

— كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلىۋاتىمەن، — مېنىڭ تەلەپپۇزىمدىكى سوغۇققانلىق ۋە جانغا تېگىدىغان ئەستايىدىللىق ئۇنى تېخىمۇ گاڭگىرىتىۋەتتى:

— سەن نېمە دېمەكچى؟ چۈشەنمىدىم.

— تېخى سەن بىلەن توي قىلىش قارارىغا كەلمىدىم، بەلكىم توي قىلىپ قېلىشىم مۇمكىن، بەلكىم... ئۆمۈر بويى قىزلارنىڭ تەلىپىمگە قانداق جاۋاب بېرىشنى ئەمەس، بەلكى تەلىپىمنى قانداق باھانە - سەۋەبلەر بىلەن رەت قىلىشنى مۆلچەرلەپ، بويتاق ئۆتۈپ كېتىشىم مۇمكىن... مەن ئەنە شۇنداق ياشاپ كېلىۋاتاتتىم... بىراق سەن ھەممىنى بۇزىۋەتتىڭ... سەن بىلەن توي قىلىشىم ئۈچۈن بىر شەرتىم بار، شۇنىڭغا قوشۇلىشىڭ كېرەك...

— نېمە شەرت؟

— ئاڭلىسام توي قىلغانلارنىڭ ئاجراشمىقى تەس ئىكەن. مەن بىلەن يېقىن ئۆتىدىغان بىر كىشى ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئايالى بىلەن ئاجرىشىمەن دەپ ماجىرالىشىپلا كېلىۋاتىدۇ، لېكىن ئاجرىشالمايۋاتىدۇ. يەنە بىر ئادەم ئايالى بىلەن ئايرىلىپ ياشاۋاتقىلى سەككىز يىل بوپتۇ. لېكىن ئايالى تاھازىرغىچە ئۇنىڭدىن خېتىنى ئېلىشقا ئۇنىمايۋېتىپتۇ. شۇڭا مەن سەن بىلەن توي قىلىپ قالسام توي قىلىشنىڭ ئالدىدا ئىككى يىلدىن كېيىنلا ئاجرىشىپ كېتىشكە ماقۇل بولۇش توغرىسىدا ھۆججەت ئېلىۋالىمەن.

ئۇ گېپىمنى ئاڭلاپ بىرھازا تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ تىنىقىمۇ ئاڭلانماي قالدى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، ئاغزىغا گەپ كەلمەي قېلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم.

— نېمە؟! — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن چىرقىراق ئاۋازدا. بۇ ئۇنىڭ مېنى تىللىغىنى ئىدى.

ئۆينىڭ ئىچى بەكمۇ قاراڭغۇ ئىدى. كىشىنىڭ ھەۋىسىنى چىدىغۇسىز تۇردە قوداڭشىتىۋەتكۈدەك قاپقاراڭغۇ ئىدى.

«نېمە؟!» دېگەن سۆز بىلەن ئۇنىڭ ماڭا دەيدىغان ھەممە گەپلىرى تۈگىگەنىدى. مەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇنىڭ سىرتقا قاراپ ماڭغان شەپىسىنى ئاڭلىدىم. ئۇ تاشقىرىقى ئىشىكنى ئېچىۋىدى، پەلەمپەينى يورۇتىدىغان چىراغ نۇرىدا ئۇنىڭ ساپسېرىق چاچلىرى ئالتۇندەك تاۋلىنىپ ئاخىرقى رەت بىر جۇلا قىلدى - دە، مېنىڭ قەلبىمدە ئاچچىق بىر ئېچىشىش قوزغايدىغان كۆرۈنۈش بولۇپ يوقالدى. ئىشىكنىڭ تاراققىدە يېپىلىشى تېخى باشلانمىغان بۇ ھېكايىنىڭ ئاخىرقى چېكىتى بولۇپ قالدى، لېكىن شۇ چاغدىن باشلاپ مەن ھەردائىم ئۇنىڭ قايتا كېلىپ ئىشىكنى چېكىشىنى كۈتتۈم، چۈنكى ئۇ شۇنداق قىلىدىغاندەكلا تۇيۇلغانىدى.

ئىشىكنىڭ تاراققىدە قىلىپ يېپىلىشى بىلەن ھەممە نەرسە تۈگىدى. مەن بىردىنلا زىممەمدىن ئېغىر يۈك ئېلىپ تاشلانغاندەك يەڭگىللەپ قالدىم. مۇھەببەتنىڭ ئاخىرلىشىشىنى بەكمۇ ئېچىنىشلىق بولىدۇ دەپ پەرەز قىلاتتىم. مېنىڭ خىيالىمدىكى ئايرىلىش ئادەمنى دەردكە، ھەسرەتلىك خىيالغا دۇچار قىلىدىغان ئايرىلىش ئىدى، بىراق بۇ ئايرىلىش زادىلا مېنىڭ كۈتكەن يېرىمدىن چىقمىدى. مەن بىردىنلا ئازادلىققا ئېرىشكەندەك يېنىكلەپ كەتكەنىدىم. مەن كېيىنچە ئۇنى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ گۈزەل قىز ئىدى. مەن ئۇنىڭكىدەك ساپسېرىق چاچلارنى، ئۇنىڭكىدەك ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان شاللاقلىقنى باشقا ئاياللاردا ئۇچراتمىدىم. بىراق، نېمىلا دېگەن بىلەن مەن ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە بەرداشلىق بېرەلمەيتتىم. چۈنكى دۇنيادا قاپقارا چاچلىق ئاياللار يوق ئەمەس، ئۇنىڭغا قارىغاندا سېمىزرەك ئاياللار يوق ئەمەس، ئۇنىڭدىن ئورۇقراق ئاياللارمۇ يوق ئەمەس... مانا بۇلارنىڭ ئازابىغا چىداش مۇمكىنمۇ؟

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# شائىر، روھ، پەرۋاز

— ئەكبەر نىياز پەتتارنىڭ «پەرۋازنامە» ناملىق شېئىرىغا ئاتايمەن

دەۋران

شېئىر ئۆزىنىڭ يېڭىدىن - يېڭى يېشىلمەس سىرلىرى بىلەن بىزنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرۇپتۇ. شېئىر قانچە تىلسىملاشقانسېرى بىز شېئىرغا شۇنچە يېقىنلاشتۇق. ھەتتا شېئىرنىڭ تومۇرىمىزدا قان بولۇپ ئېقىۋاتقانلىقىنى، روھىمىزدا پەرۋاز قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇق. توغرىراقى، ھاياتىمىزنىڭ شېئىرغا ئايلانغانلىقىنى كۆردۇق.

بىراق، تىنىمسىز شېئىر زاۋۇتى كائىناتتىكى بارلىق مەخلۇقاتلارنى ھەتتا چاڭ - توزانلارنى خام ئەشيا قىلىپ، توختىماي ئىشلەپچىقىرىۋاتقان شېئىرلار بىزنى قانچىلىك خۇشال قىلالىدى؟ تەن ۋە روھىمىزدىن ئۈزلۈكسىز يامراپ چىقىۋاتقان كىراخمال ماددىلار نېمىگە موھتاج. شېئىر قانداق قىلىپ بىزنى ئۆزىنىڭ جىسمىغا سىڭدۈرەلىدى؟

ھاياتنىڭ مۇرەككەپ قانۇنىيەتلىرى روھنىڭ تىلسىم، سىرلىق ماھىيەتلىرى ئارقىلىقلا ياشاشقا مەنە بەرگەنلىكى ئۈچۈن، شېئىرنىڭ سۆيۈملۈك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق، پاك ئېتىقادىمىز بىلەن ئۇنىڭغا تېۋىندۇق. شېئىر روھنىڭ ماھىيىتىگە قانچە ئىچكىرىلەپ كىرگەنچە بىز ئۆزىمىزنى شۇنچە تونۇۋالدۇق. بىراق، بۇنداق شېئىرلار قانچىلىك؟ ئەگەر بۇنداق شېئىرلار قانچە كۆپ بولسا بىز ئۆزىمىزدىن شۇنچە كۆپ ھالقىيالىغان بولاتتۇق. بۇ نۇقتىدا بىز «پەرۋازنامە» دىن سۆيۈنمەي قالمايمىز. ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ھايات، روھ، ناخشا، مەي، ئازاب، بەخت «پەرۋازنامە» ۋۇجۇدىدا ئېقىۋاتقان قاندۇر. ئۇ ئۆزىنىڭ ساپ ۋە جۇشقۇنلۇقى بىلەن «پەرۋازنامە» نى ھاياتي كۈچكە ئىگە قىلغان.

روھنىڭ چۈشكۈن، ئاجىزلىقى بىلەن بۇلغانغان ئەقىل پەرۋازدىن تولىمۇ يىراق. ئادەم تاكامۇللىشىش ئۈچۈن تەنىنىڭ ماھىيىتى بولغان روھنى ئويغۇتۇش، ئۇنى تېخىمۇ يۈكسەلدۈرۈش كېرەك. بۇ ئۆزىنى تولۇقلاش ۋە ئۆزىنى تونۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى. شائىر نېمىشقا بۇنى ھېس قىلالىدى. شائىردىكى ئۆزلۈك ئېڭى ئۇنى بۇ مۇھىتقا باشلاپ كىرگەچكە ھاياتقا ۋە ھايات مۇساپىسىگە قايتا باھا بېرىپ، يوقىلىش بىلەن مەۋجۇتلۇق ئوتتۇرىسىدا بىرخىل تىركىشىش ئېلىپ بارغان. شۇڭا شېئىرنى ئوقۇغان ھەرقانداق كىشى ئورۇش ھالىتىگە كىرگەندەك جىددىي تۇسكە كىرمەي قالمايدۇ. شېئىردىكى بىر - بىرلەپ تۇيغۇلارغا سىڭدۈرۈۋېتىلگەن رېئال ئامىللار قارىماققا بىزگە ناتونۇش كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان ھاياتنىڭ مەزمۇن بەتلىرىنى بىرمۇ بىر ۋاراقلاپ چىققان. شائىرنىڭ تۇيغۇسىدىكى ئازاب ئۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ئەمەس. ئازابلىنىشنى بىلگەندىلا ۋە ئازابنى ھېس قىلغاندىلا ھايات ۋە روھنى يېڭىلاش ئۈستىدىكى ئىزدىنىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغىلى بولىدىغانلىقىنى بىلگەچكە «پەرۋازنامە» نى ھاياتنىڭ يېڭى قىسمىغا تەقلىد قىلىپ يېزىپ چىققان.

ئەمەلىيەتتە شائىر باشتىن - ئاخىر روھ پەرۋازى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئۆزىنىڭ نېمىگە موھتاج ئىكەنلىكىنى شېئىرنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى قىلغان. بىز دەل مۇشۇ نۇقتىدا تۇرۇپ شېئىرنىڭ قات - قېتىغا ئىچكىرىلەپ كىرەلەيمىز. شائىرنىڭ ھەربىر بۆلەك ئاخىرىدىكى مۇراجىئىتى ھېسسىياتنى پەللىمۇ پەللە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، شېئىرنىڭ باش - ئاخىرىغا قارىتا مۇكەممەل بىر جەريان ھاسىل قىلغان. بىراق شېئىردىكى ھەربىر بۆلەك ئوخشىمىغان يېڭى مەزمۇنلارنى تەۋەللۇت قىلغان بولۇپ، شائىرنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ھاياتي كۈچكە ئىگە قىلغان.

پەرۋاز ئەلۋەتتە ئازابقا يېقىن. شۇڭلاشقا شائىر ئۆزىنى روھلۇق ھېس قىلىدۇ. گۈزەللىكتىن زوقلىنىدۇ. شائىرنىڭ ئېڭىدىكى ئەڭ يۈكسەك گۈزەللىك — روھنىڭ يېڭىلىنىشىدۇر. روھنىڭ يېڭىلىنىشى ھاياتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن تەسكىن تاپىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ ھايات ھەققىدىكى كۆز قارىشىنى تۆۋەندىكى مىسرالاردا مۇپەسسەل بايان قىلغان:

سارايلارنىڭ ئۇلى بار، دەرەخلەرنىڭ يىلتىزى
تۈگۈنلەرنى يەشسىمۇ ئادەم يەنە تېپىشماق.
تېخى قايتا ياتماقتا تالاي سىرنىڭ نېگىزى.

دەرۋەقە، ھايات ئۆزى بىر تېپىشماق. بەشمىڭ يىللىق ئىنسانىيەت دۇنياسى تېخى بۇنىڭغا ئېنىق بىر جاۋاب تاپالمىدى. خۇددى ئادەم ۋە

ھاۋانىڭ دۇنياغا كېلىپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى مەڭگۈ مەۋھۇم بولغىنىدەك. ئۆزىمىز ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرمۇ بىزنى ھېچنېمە بىلەن تەمىنلىيەلمەيدۇ. ھاياتلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي دەۋردىن قانچە يىراقلاشقانچە ھاياتلىق تېخىمۇ سىرلىق، مەۋھۇم دۇنياغا بەنت بولماقتا. . . گەرچە زامانىۋى مەدەنىيەت ۋە پەن - تېخنىكا ھاياتلىقنى خۇددى ماشىنا ئادەمدەك بىر - بىرلەپ چۇۋۇپ ھەممىنى بىراقلا ئاشكارا قىلىۋەتمەكچى بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرى بارغانچە يېڭىدىن - يېڭى سىرلار قورشاۋىدا قاپسىلىپ قالدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىز ئۆزىمىزگە ئىچكىرىلەپ كىرمەكچى بولدۇقيۇ، لېكىن يول تاپالماي بىر ئىزدا چۆگىلەپ يۈرۈۋەردۇق. شېئىردىكى بۇ مەزمۇنلار شائىرنىڭ ھايات ھەققىدىكى ئىزدىنىشىنىڭ تېپىك مەھسۇلى. بىراق شائىر بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىغان. ئۇ ھايات جەۋھىرىنىڭ روھ ئىكەنلىكىنى، ھاياتنى سىرلىقلاشتۇرغان، ھاياتقا يېڭىدىن - يېڭى مەنە بەرگەن نەرسىمۇ دەل روھ ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن. شائىر بۇ پىكرىنى شېئىردىكى شاراب، ناخشا، كۈي، بەخت ھەققىدىكى لىرىك مىسرالار بىلەن ۋاستىلىق ئىپادىلەيدۇ.

شائىر نېمىشقا شېئىردا بۇ نەرسىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ؟ شائىرنىڭ مەقسىتى دەل ئۆزىنى ئۆزگەرتىش ياكى ئۆزىنىڭ روھىنى تەندىن قۇتقۇزۇپ ئەركىن پەرۋاز قىلدۇرۇش. شائىر ھايات بىلەن مامات ئارىلىقىدىكى نامەلۇم مۇساپىنى روھنىڭ پەرۋازىغا باغلايدۇ. روھنىڭ پەرۋازى دېمەك ئۆزىنى يېڭىلاش، ئۆز - ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئازاد قىلىش، ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش دېمەكتۇر. بىراق شېئىردىكى بۇ يۈكسەك مەزمۇنلار شائىرنىڭ تاللىغان شېئىرى كەڭلىكىگە پاتمىغان. شېئىر ئومۇمي جەھەتتىن ئادەمگە مەجبۇرىي پىرىسلاپ كىچىكلىتىلگەن بۇيۇمدەك تۇيغۇ بېرىدۇ. شۇڭا شېئىردىكى ھېسسىيات سۈنئىي تۇيغۇ بېرىدۇ. دېمەك، شائىر ئۆزىنى قايتا قوراشتۇرۇپ چىقىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن قوراشتۇرۇشنىڭ مۇۋاپىق ئۇسۇلىنى تاپالمىغان.

# ئېلان

مۆھتىرەم ئەدىبلەر، ئوقۇرمەنلەر، 1998 - يىل يېتىپ كېلەي دېگەن بۇ ئەسنادا سىلەرگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز ھەمدە 1997 - يىلنى ئۆزىتىۋاتقان چېغىمىزدا كېلەر يىللىق «بوستان» ژۇرنىلىغا مۇشتىرى بولۇشنى ھەرگىز قولدىن بەرمەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمىز.

«بوستان» ژۇرنىلى كورلىدا نەشر قىلىنىدىغان، يىلدا تۆت سان چىقىدىغان ئەدەبىي ژۇرنال بولۇپ، يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆز سەھىپىلىرىنى دادىل ئىسلاھ قىلىپ، ھەقىقىي نادىر ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىش، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا جانلىنىش ۋەزىيىتىنى يارىتىشقا تىرىشىشتەك بىر قاتار مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن شىنجاڭدىكى ئەدىبلەر ۋە مۇشتىرىلىرىمىز ئارىسىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان خېلى كۆپ ساندىكى ئەسەرلەر ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدىكى تەسىرى چوڭ گېزىت - ژۇرناللار تەرىپىدىن كۆچۈرۈپ بېسىلىپ ئىنتايىن ياخشى ئىنكاس پەيدا قىلدى. ژۇرنال بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ياخشى باشقۇرۇلۇپ، كىتابخانلارنىڭ ئەڭ يېقىن سىردىشى بولۇپ قالغۇسى!

نۆۋەتتە تەھرىر بۆلۈمىمىز 1998 - يىلىمۇ بىۋاستە مۇشتىرى قوبۇل قىلماقچى. ژۇرنىلىمىزنىڭ پارچە باھاسى: 3.00 يۈەن، يىللىق باھاسى: 12.00 يۈەن. ژۇرنال مۇشتىرىلىرىمىز قولىغا پوچتا ئارقىلىق دەل ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىلىدۇ.

ژۇرنىلىمىزنىڭ ئادرېسى: بايىنغولىن ئوبلاستلىق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى «بوستان» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

خەنزۇچە ئادرېسىنى مۇنداق يېزىڭ: 巴州文联《博斯坦》杂志编辑部

ئالاقىلاشقۇچى: ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن، ئەسقەر ياسىن.

تېلېفون نومۇرى: 2024226

پوچتا نومۇرى: 841000

# يول ئۈستىدە

(ئىتود)

## تۇرسۇنجان لېتىپ ئارچىن

**قاتناشقۇچىلار:** زىۋەر، راخمان.

[زىۋەر قىزىل قاچىلىرىنى كۆتەرگىنىچە «ئاسىگۈل» دېگەن ناخشىسىنى ئېيتىپ كىرىدۇ ۋە توختاپ قىزىل قاچىلىرى چىگىلگەن ياغلىقنى تۈزەشتۈرىدۇ. بۇ چاغدا راخمان سېۋەت كۆتۈرۈپ كىرىدۇ.]

زىۋەر: ھۈيت ئادەم، يول بولسۇن! ؟

راخمان: بازارغا. ئۆرۈك ساتقىلى.

زىۋەر: يولىمىز بىر ئىكەن. مەنمۇ قىزىل ساتقىلى كېتىۋاتىمەن. قاچىلىرىمدىن بىر - ئىككىنى سېۋەتلىرىگە سېلىپ قويايمۇ؟

راخمان: ئەكەلسىلە.

زىۋەر: ھە، مۇنداق. ئەر كىشى دېگەن. . . (سېۋەتتىكى ئۆرۈكنى كۆرىدۇ) ھەجەپ خىل ئۆرۈككەن. قىزىققا ئۆرۈك تېگىشەمدۇق - يە؟

راخمان: تېگىشمىسەكمۇ ئېلىۋېرەمەملا.

زىۋەر: ۋىيەي، ئۇنداق قىلسام قانداق بولىدۇ (راخمانغا قاراپ ئۇنى تونۇپ قالىدۇ) ھەي، بۇ سەن — راخمانغۇ؟

راخمان: زىۋەر؟ ۋۇي، بۇ سەنمۇ؟

زىۋەر: ھەئە مەن، توۋا راخمان. ھەي تېچلىقمۇ؟

راخمان: تېچلىق. ئۆزۈڭچۇ؟

زىۋەر: ياخشى. پەقەت ئويلىماپتىمەن.

راخمان: شۇنى دېمەمسەن. . . مەنمۇ. . .

زىۋەر: بىز كۆرۈشمىگىلىمۇ ئۇزاق بولۇپتۇ، ھە؟

راخمان: ئون بەش يىل.




زىۋەر: ئۆيلەنگەنسەن؟

راخمان: ئۈچ بالام بار.

زىۋەر: مېنىڭ تۆت. . . توۋا، ئادەم ئۆلمىسىلا كۆرۈشىدىكەن.

راخمان: شۇ، ئۆلمىسىلا يەنە كۆرۈشۈپ قالىدىكەن.

زىۋەر: ئۆرۈكۈڭ تاتلىقمۇ؟

راخمان: ئۆزۈڭ بىلمىسەڭغۇ؟

زىۋەر: يېگىنىمۇ دېمەيسەن - يە.

راخمان: خىللاپ يەۋەرمەمسەن.

زىۋەر: ئۆزۈڭ خىللاپ بەر.

راخمان: خىللاپ بېرىپ باقمىغاندەك. . . (ئۆرۈكدىن خىللاپ بېرىدۇ).

زىۋەر: (ئۆرۈكنى ئېلىۋېتىپ) ئۆيۈڭدىكىگىمۇ خىللاپ بېرەمسەن؟

راخمان: . . . ياق.

زىۋەر: نېمىشقا؟

راخمان: تاڭ، بىلمەيمەن.

زىۋەر: سەتمۇ - يە؟

راخمان: ياق. سەتمۇ ئەمەس، خېلى بولىدۇ.

زىۋەر: (ئۇچكىنى چاقمەن دەپ تاشنى قولىغا ئۇرۇۋالىدۇ) ۋايجان قولۇم.

راخمان: ئاپلا، ئاۋايلىساڭ بولمامدۇ؟

زىۋەر: تۇرىسەنغۇ قاراپ؟ ئاغرىپ كەتتى.

راخمان: (زىۋەرنىڭ قولىنى پۈۋلەپ) چىدا. ئاغرىقى پەسلەپ قالىدۇ.

زىۋەر: ئۇچكىلەرنى چېقىپ بېرەيمۇ دېمەيسەن.

راخمان: (ئۇچكە چېقىۋېتىپ) ئېرىڭ چېقىپ بېرەمدۇ؟

زىۋەر: بۇنى بىلەمدۇ ئۇ، شاڭخادان.

راخمان: نېمە دېگىنىڭ ئۇ؟

زىۋەر: شۇ، ھىلىلە گەدەن. ئۇ چاغلاردا ئۇنداقلارنى نەچچە ئەۋلاد كەمبەغەللەردىن دەپ دۈيجاڭ سايلاپ قوياتتىغۇ؟ مېنىڭ ئېرىممۇ دۈيجاڭ بولغان.

راخمان: قىزىق گەپ قىلىسەن زىۋەر. (مېغىزنى بېرىپ) مە، يېگىن.

زىۋەر: (مېغىزنى ئېلىۋېتىپ باتىنىغاندەك) قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويمايتتىڭ. . .

راخمان: ئۇ چاغدا سەن ئون ئالتە ياش ئە-
دىڭ.
زىۋەر: (كۈلۈپ) كۆكچى قوغۇندەك.
راخمان: ئۇستەڭ بويىدىكى ھېلىقى ئۈجمە
دەرىخى ئېسىڭدىمۇ؟
زىۋەر: ۋاي بولمامدىغان راخمان. ئەجەب بىر
زامانلار ئىدى - دە.
راخمان: ئۇنىڭ ئۈجمىسى بۇ يىلمۇ شۇنداق
ئوخشىدى.
زىۋەر: قېتىق ئىچكىنە راخمان. مە، ئالە
(بىر قاچا قېتىق سۇنىدۇ).
راخمان: (زىۋەرنىڭ قولىدىن قېتىقنى ئېلە-
ۋېتىپ) سەن پەقەت ئېسىمدىن چىقمىدىڭ.
زىۋەر: ئەجەب بىر ناخشىلارنى ئېيتاتتىڭ.
راخمان: سېنى دەپ ئېيتاتتىم.
زىۋەر: كېچىلىرى سۇ تۇتقان چاغلىرىڭدا
ناخشا ئېيتىپ ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتەت-
تىڭ. ئۇ چاغدا يۈرەكلىرىم دۇپ - دۇپ سوقۇپ
ئەجەب بىر بولۇپ كېتەتتىم.
راخمان: ئاندىن ئاستا يېنىمغا چىقاتتىڭ.
زىۋەر: شۇ يىلى ئۆيىمىزنىڭ ئارقىسىغا بوغ-
داي تېرىغانىدى.
راخمان: كېيىن قوناق تېرىدى.
زىۋەر: قوناق تېرىغان يىلى ھاشىم ئىككىڭلار
نۆۋەتلىشىپ سۇ تۇتقان.
راخمان: ئۇنىڭ يېنىغىمۇ چىققانمىدىڭ؟
زىۋەر: ياغلىق ئېلىپ بېرىمەن دەپ... (ئۇ
چۆچۈپ ئۆزىگە كېلىدۇ - دە، ئېغىزىنى قولى
بىلەن ئېتىۋالىدۇ.)
راخمان: ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟
زىۋەر: نېمە سوراۋېرىسەن؟
راخمان: ھاشىم نېمىشقا قوناقنىڭ ئىككىنچى
سۈيىنى مەن تۇتىمەن دەپ تۇرۇۋالدىكىن دەپتى-
مەن. ھەي...
زىۋەر: ھە، نېمە؟
راخمان: بىز ۋەدىلەشكەنىدۇققۇ؟
زىۋەر: ئۇ دېگەن قاچانقى گەپ؟
راخمان: سەن ئاپاڭنىڭ تېزىق مېغىزلىرىنى
ئېلىپ كېلەتتىڭ. مەن ساڭا...
زىۋەر: سەن نەدىكى بىر ئاچچىق غورىلارنى
ئېلىپ كېلەتتىڭ.
راخمان: يالغان ئېيتما زىۋەر، يامان بولىدۇ.
زىۋەر: يامان بولۇپ بولغىچە كىم بار بۇ
جاھاندا.
راخمان: توۋا!... ھەي، مەن ئېلىپ بەرگەن
ھېلىقى ئۈزۈكچۇ؟
زىۋەر: ئالتۇن ئۈزۈكۈم تۇرسا، ئۇنى نېمە
قىلىمەن!؟
راخمان: خاتىرە قىلىپ ساقلايمەن دېگەنىدىڭ-
غۇ؟
زىۋەر: نەدە قالدىكىن تاڭ.
راخمان: ئەمدى چۈشەندىم. سېنى كۆچۈرۈپ
ماڭغاندا يىغلىساڭ مەن تېخى...
زىۋەر: ئۇ دېگەن شۇنداق بىر قائىدە.
راخمان: ئاناڭنىڭ ئۆيىگە جۆمەلەپ كەلگە-
نىڭدە دېگەنلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟
زىۋەر: ئۇ چاغدا شۇنداق نادان ئىكەنمەن.
راخمان: ئىسىت، «ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن،
ئەقىدەمگە يىغلايمەن» دېگەن ھەجەپ راست گەپ-
كەن. تېخى ھاشىم بىلەنمۇ شۇنداق ئىكەنسەن
ئەمەسمۇ؟
زىۋەر: ئەمدى كۈنلەۋاتامسەن؟
راخمان: ئېرىڭ كۈنلىۋالسۇن ئەمدى.
زىۋەر: كۈنلىگۈچىلىكىم بار... ئېرىم ۋاي
دەپ تۇرىدۇ. ھازىرقى كۈنۈمگە مىڭ شۈكرى،
سېغىن كالىمىز بار، قايماق چاي ئىچىمىز. يېڭى-
دىن ئۆي سالدۇق. تراكتور ئالايلى دەۋاتىمىز...
راخمان: قايماق چاي... قايماق چاي دەيدۇ
تېخى، تايىنلىق! قايمىقنى يەۋالساڭ بازارغا نې-
مىنى ئەكىرەتتىڭ؟
زىۋەر: نېمە كارىڭ!؟ كوچىدا بادالڭ سۆرى-
گەنىدەك گەپ قىلىدا. ھېلىمۇ ئېزىپ تارتىپ سا-
ڭا تېگىپ قالماپتىمەن. كۈندە ئۆرۈشۈپ ئۆتەتتە-
كەن كۈنۈم. ئەكە قېتىقنى، بالىلارنىڭ ئاتىسى
سۇ تۇتقىلى كەتكەن. سودىلىقىمنى توگىتىپ بې-
رىپ ئاش ئېتىمەن. سەن بىلەن تالىشىپ ئولتۇ-
رۇشقا چولام يوق مېنىڭ («ئاسكۆل» دېگەن
ناخشىنى ئېيتىپ چىقىپ كېتىدۇ).
راخمان: ئالۋاستىغا ئاش ئېتىپ بەر... ئە-
سىت! گۈلدەك زىۋەرىم بار دەپ ئارزۇلاپ يۈرۈپ-
تىمەن-تېخى، تازىمۇ ھازازۇل خوتۇن بولۇپتۇ...
(سېۋەتكە قاراپ) مۇنۇ بىر ياغلىق ئۆرۈكنى
خەللاپ ئاشپەز خوتۇنغا ئېلىۋالغىنىم نېمىسى!؟
ئۇمۇ تايىنلىق! بولدى. ئايالىم يېسۇن. ئۈچكە-
سىنى ئۆزۈم چېقىپ بېرىمەن.

# شائىر ۋە شېئىر

## — ئىمىن ئەھمىدى بىلەن سۆھبەت

**يالقۇن ئەزىزى**

سوئال: سىز بىر تۈركۈم ئېسىل شېئىرلىرىڭىز ئارقىلىق كىتابخانلار قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ياخشى شائىرلىرىمىزنىڭ بىرسى. قايسى خىل زوق - ھەۋەسلەر سىزنى شېئىرىيەتكە ئېلىپ كىرگەنلىكىنى تۇنجى شېئىرىڭىزدىن باشلاپ سۆزلەپ بېرەلەمسىز؟

جاۋاب: مېنى مۇنداق ئاتىغاندىن كۆرە، باشقىلارنى داۋاملىق تۈردە ئېسىل شېئىرلارنى ئىجاد قىلىشقا ئۈندەش، ئىجادىيەتتە سەمىمىي ۋە جىددىي مۇئامىلە قىلىش ئارقىلىق جامائەت ئارىسىدا ئاز - پاز تەسىر پەيدا قىلغان دېسە مۇۋاپىق بولىدۇ. چۈنكى مەن ئېسىل شېئىرلارنى تا ھازىرغىچە دەرد - ئەلەم بىلەن خۇشاللىقتىن ئىبارەت قوشكېزەك تۇيغۇنىڭ پۈتمەس - تۈگىمەس سەرگۈزەشتىسى، روھتىكى قايمۇقۇش بىلەن ھاياتلىق ھەققىدىكى دۇئا - تىلاۋەتنىڭ گىرەلىشىشى دەپلا كەلدىم. كۆپ ھاللاردا ئازاب بىلەن بەختسىزلىكتىن ئۆزىنى قاچۇرمايدىغان، ئەرزىمەس ئىشلارغىمۇ، چاكىنىلىقىمۇ تەڭ ئورۇن بېرەلەيدىغان، نىسبىي بەخت - سائادەت بىلەن مۇتلەق جاپا - مۇشەققەتنى بىرلىكتە ھاپاش ئېتىپ يۈرەلەيدىغان، ئىنساننىڭ شادلىقىنى دەبدەبىلىك ۋەدىلەردىن ئەمەس، بەلكى بىر بۇردا ناننى ئىزدەشكە جۈرئەت قىلالايدىغان مىسرالارنىلا يازدىم. قەلبىمدىكى قايغۇنى، جىسمىمدىكى جاراھەتنى، سۆيگۈدىكى مەغلۇبىيەتنى، مەنئۇبىيەتتىكى ئۆكۈنۈشنى، تۇرمۇشتىكى ئېسەنگىرەشنى، مۇئامىلىدىكى ئالدىنىشنى، ئومۇمەن كاللامدا پەيدا بولغان ھەممىلا نەرسىنى يالغۇز ئادەتتىكى كىتابخانلار بىلەنلا ئەمەس، ھەتتا ئالەمنى ياراتقۇچى بىلەنمۇ تارتىنماي سۆزلىشىش ئۈچۈن تىرىشتىم. شېئىرىيەتتىكى غايىۋى ئۇتوپىيىگە كىرىپ قېلىپ، ئۆزۈمنى زورلاشتىن ھەزەر ئەيلىدىم. مۇشۇ تۈپەيلى مېنىڭ شېئىرلىرىمنىڭ ئېسىللىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلمىگەنلىكى ھەممەيلەنگە بەش قولدەك ئايان. ئەمدى قايسى زوق - ھەۋەسلەر سەۋەبىدىن شېئىرىيەتكە قەدەم قويغانلىقىمغا كەلسەم، بۇ تولىمۇ ئاددىي، تۇجۇپىلەپ ئويلانسام، مېنى شېئىرىيەتكە يېتەكلىگەن نەرسە بالىلىق چېغىمدىكى بوۋام بىلەن مومام سۆزلەپ بەرگەن ساماۋى چۆچەكلەر، رەھمەتلىك دادام بىلەن ئانامنىڭ ئۆزلىرى ياشىغان كومىلاچ ئۆيدەك پاكار ۋە كۆرۈمسىز خىياللىرى، ئۇلارنىڭ مېنى يىراق جايلارغا ئۇزاتقان چاغدىكى كۆز ياشلىرى بولۇپ چىقتى. مېنىڭ تۇنجى شېئىرىممۇ دەل شۇ دەقىقىلەردىكى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشلىرىم، غەرەزسىز كۆلكىلىرىم ۋە بىغۇبار تەنھالىقىم بولسا كېرەك دەپ قالىمەن.

سوئال: سىز «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت شۇ ئاپەتلىك يىللاردا سوكۇتتا ياشىدىڭىزمۇ ياكى قەلەمنى تاشلىماي يېزىپ تۇردىڭىزمۇ؟

جاۋاب: ھەق - ناھەق ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن، ئادەملىك يەر بىلەن يەكسان بولغان، ئىنساننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى خەسكە ئايلانغان، بايا تىلغا ئالغان روھتىكى قايمۇقۇش تازا ئەۋجىگە چىققان ئۇ مۇدھىش يىللارنىڭ ئۆزىدىنلا بىر پارچە شېئىر ئىدى دېيىش كېرەك. لېكىن يازسا قول كېسىلىدىغان، سۆزلىسە تىل كېسىلىدىغان ئەھۋال ئاستىدا، مۇتلەق كۆپ سانىدىكى شائىرلار بۇ شېئىرنى ئاپئاق قەغەز بېتىگە ئەمەس، بەلكى جاراھەت بىلەن توشۇپ كەتكەن مۇقەددەس زېمىنىنىڭ تاغ - دەريالىرىغا، ھەرخىل پاجىئە، ئاققان قان، تۆكۈلگەن كۆز ياشلارغا قاراپ ھەيكەلدەك قېتىپ قالغان يۈرەكلەرگە يازدى. مەنمۇ دەل شۇ قاتاردىكىلەرنىڭ بىرى ئىدىم. ياخشى يېرى، بۇ يېزىقسىز مىسرالار كېيىنچە كەڭ كىتابخانلار بىلەن بىر - بىرلەپ يۈز كۆرۈشتى.

سوئال: سىزنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىڭىزگە ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەن كىشى كىم؟

جاۋاب: بۇ خۇددى بىر تال مايسىدىن سېنىڭ يەر قاتلىمىدىن ئۈنۈپ چىقىشىڭغا ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەن ئامىل سۇمۇ، ھاۋامۇ، قۇياشمۇ،

تۇپراقمۇ ياكى ئىگەڭنىڭ ئەجرىمۇ دەپ سورىغاندەك جاۋاب بېرىش مۇشكۇل بىر ئىش بولدى. ناۋادا مەندىن سىز ئەڭ دەسلەپ روبىرو بولغان شېئىرلار كىمنىڭ ئىدى دەپ سورالسا، مەن ئىككىلەنمەيلا ئۇ ئەمىر ئەلشىر ناۋائى ھەزرەتلىرىنىڭ شېئىرلىرى ئىدى دەپ جاۋاب بەرگەن بولاتتىم. لېكىن شېئىر يېزىشىمغا ئەڭ زور تەسىر كۆرسەتكەن كىشى دەپ بىرەر شائىرنى ياكى باشقا بىرەر شەخسنى جەزم قىلالمايمەن. چۈنكى ئەمەلىيەتتىمۇ بىرەر شائىر ياكى باشقا بىر كىشىنىڭ تەسىرى ئارقىلىقلا يەنە بىر كىشىنىڭ شائىر بولۇپ چىقىشى تەس گەپ. ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغان تەرەپلەر ناھايىتى كۆپ، ناھايىتى مۇرەككەپ بىلىنىدۇ. مەن ھېلىمۇ ھەم ياش ھەۋەسكارلارنىڭ مەن پالان - پوكۇنىنىڭ تەسىرى بىلەن شائىر ياكى يازغۇچى بولۇپ قالغان دېيىشىنى تەۋسىيە قىلمايمەن. ئەگەر مەسىلە مۇشۇنداق قويۇلىدىغان بولسا، دۇنيادا تۇنجى شائىر چىقمىغان بولاتتى. مەن شېئىرنىڭ مۇزىكا، رەسساملىق بىلەن بىر قاتاردا ئالەم يارانغۇچى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان، ئەڭ مەردانە ۋە سەممىي سەنئەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان چېغىمدا ھەمدە شېئىر يازسا بولىدىغان ئوخشىمامدۇ دېگەن نىيەتكە كەلگىنىمدە، ماڭا ياز دەپ ۋەھىي يوللىغىنى يەنىلا يۇمران كۆڭلۈمدىكى باش - ئايىغى يوق ۋەسۋەسىلەرلا بولغانىدى.

سوئال: بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن بىر قىسىم شائىرلار قەلىمىنى تاشلاپ بازار ئىگىلىكى دولقۇنىغا ئۆزىنى ئاتتى. سىزنىڭچە ئۇلار شېئىردىن بەكرەك پۇلنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقتىن شۇنداق قىلدىمۇ ياكى ئۇلاردا شېئىردىن سوۋۇش ھادىسىسى يۈز بەردىمۇ؟

جاۋاب: ۋىسالغا يېتەلمەي قالغان ئاشىقلار ھىجران چۆلىدە يۈرۈپمۇ ۋىسال كۈنلىرىنى ئويلىغاندەك، شېئىر بىلەن ۋەدىلەشكەن، شېئىر ئىجادىيىتىنى بۇرچ دەپ بىلگەن شائىرلار مەيلى بازار ئىگىلىكى دولقۇنلىرىغا ئۆزىنى ئاتسۇن، مەيلى باشقا بىر خىل دولقۇنلارنى ئاختۇرۇپ يۈرگەن بولسۇن، ئۇلار شېئىر دېگەن بۇ مەشۇقتىن ھەرگىزمۇ قول ئۈزەلمەيدۇ. ئۇلار ئېگىز بىنا ۋە شىركەت نامى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان شەكىلسىز مۇناسىۋەت تورلىرى، باغلام - باغلام پۇللار، پىكاپلار، چىرايلىق قىزلار قانائەتتىن يىراق ھوقۇق غەۋغالىرىنىڭ شېئىرىيەتنى قۇتۇلدۇرالمايدىغانلىقىنى، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىنى راۋاجلاندۇرالمايدىغانلىقىنى، شېئىرىيەت روھىنى پۇلغا تايىنىپ قۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. بازار ئىگىلىكى دولقۇنىغا كىرگەن شائىرلار پۇلنى دەپ شۇنداق قىلدى دەپ ۋايىسماسلىق كېرەك. ئۇلارنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان نەرسە يەنىلا تۇرمۇش، يەنىلا ھاياتلىق، يەنىلا ھېلىقى قىڭغىيىپ قالغان كەپىلەر، قۇرغاقچىلىق تۈپەيلى سارغايغان ئوت - چۆپلەر، يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن ئۆرۈلۈپ چۈشكەن مەكتەپلەر، سولىشىپ قېلىۋاتقان ئەخلاق ۋە قىممەت قارىشى، يەنىلا شۇ ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر. ئۇلار دولقۇندا ئۈزۈپ، لەھەڭلەر بىلەن ئېلىشىپ تۇرۇپ، بۇ گادىرماش ئېلىشىش ئىچىدىن يەنىلا گۈزەللىكنى، سەممىيلىكنى، چىنلىقنى تېپىپ چىقالايدۇ. يەھۇدا يوپۇرماقتەك تىترەپ تۇرغان قولىنى ئەيسانىڭ يانچۇقىغا سېلىپ، ئۇنىڭ ئالتۇنلىرىنى ئوغرىلىغان چاغدا، ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ساھىلىدا تۇرۇپ ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئىسسىق - سوغۇقنى كۆزىتىۋاتقان داۋىنچىنىڭ كۆزىگە چۈشكىنى ئالتۇنلار بولمىدى، ئەكسىچە ئۇ مۇشۇ ھالەتتىن مۇنالىزانىڭ سۇدەك سۈزۈك، ئەينەكتەك پاكىز جامالىنى تېپىپ چىقتى. خورلۇق، ئار - نومۇس، نامراتچىلىق تۈپەيلى سەرسان بولۇپ يۈرگەن مەشرەپ بۇزۇلۇۋاتقان ئىنسانپەرۋەرلىك خارابىلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بېرىپ، كىمخاپ تون ۋە ئالتۇن قەسىرلەرگە مەھلىيا بولمىدى، ئەكسىچە ئۇنىڭ يۈرىكى كېچە - كۈندۈز بىر - بىرىدىن ياخشى شېئىرلارنى جاھانغا تەۋەللۇت قىلدى. دېمەك، ھىجران چۆلىدە يۈرگەنلەر ۋىسال گۈلزارىنى ئەستىن چىقارمىغاندەك، بازار ئىگىلىكى دولقۇنىدا يۈرگەنلەرمۇ شېئىرىيەت قىرغىقىنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلار دولقۇن ئىچىدىنمۇ شېئىر تاپالايدۇ، سۇ پەرىلىرىنىمۇ ئۇچرىتالايدۇ. لېكىن دولقۇندىكى شېئىرلار ئادەملەر ئارىسىدىكى ھايات - ماماتلىق ئالۋۇنلىرىدەك ئاچچىق - چۈچۈك بولمايدۇ، سۇدىكى پەرىلەرمۇ قىرغاقتىكى پادىچى قىزدەك جەزبىدار بولالمايدۇ.

سوئال: ھازىرقى كىتابخانلار شېئىرلارنى ھېكايە، پوۋېست، رومانلارنى ياقتۇرۇپ ئوقۇغاندەك ئوقۇمايمىش، بۇ نېمە ئۈچۈن؟

جاۋاب: كىتابخانلار قاتلىمى ۋە ئۇلاردىكى مەنىۋى ئېھتىياجنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلى ئەدەبىي ئەسەرلەرگە تۇتۇلىدىغان مۇئامىلىدىمۇ ئۆزئارا پەرق بولىدۇ. لېكىن بىرەر ژانىرغا نىسبەتەن ئۇنى مۇتلەق ياخشى كۆرمەيدىغان ياكى مۇتلەق ياخشى كۆرىدىغان ئەھۋال مەۋجۇت بولمايدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە كىتابخانلارنىڭ شائىر - يازغۇچىلارغا بولغان تەلىپى، شۇنداقلا شائىر - يازغۇچىلارنىڭ كىتابخانلارغا نېمە بېرىشى، ئۆزگە قايسى خىلدىكى كىتابخانلارنى يېتىشتۈرۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالدى. ياخشى شېئىر، ياخشى ھېكايە، ياخشى پوۋېست، ياخشى رومان بىراقلا مىليون كىتابخانلارنى يارىتىدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە ئۇ-

www.uyghurkitap.com

لار ئەدىبلەرنى، شائىرلارنى تاللاپ چىقىدۇ ۋە
يېڭىدىن ـ يېڭى ئەسەرلەرنىڭ يېزىلىشى ئۈچۈن
ئۇلارغا ئىلھام بېرىدۇ، ھەيدەكچى بولىدۇ. بۇ
يەردە شېئىرنىڭ ياكى باشقا بىر ەرىنىڭ بازىرى
كاسات دەپ كىتابخانىلاردىن ۋايىساق بولمايدۇ.
سېتىلمىغان مالنىڭ سەۋەبىنى خېرىدارلاردا پۇل
يوقلۇقىدىن ئەمەس، بەلكى زاۋۇتلاردىن چىقىۋاتـ
قان يالغان، ساختا، ناچار ماللاردىن ئىزدەش
لازىممىكىن دەيمەن.

سوئال: ئەخمەتجان ئوسمان ۋەكىللىكىدىكى
يېڭى شېئىرىيەت ھەرىكىتى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە
بىر بۇسۇش ھاسىل قىلدى. سىز ئۇلارنىڭ تىـ
رىشچانلىقىغا قانداق قارايسىز. بۇ جەھەتتە قولغا
كەلگەن نەتىجىلەر قايسى، يېتەرسىزلىكلەر قايـ
سى؟

جاۋاب: ئەخمەتجان ئوسمان ۋەكىللىكىدىكى
بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ ئۇيغۇر مىللىي شېئىرىيە-
تىنىڭ ئەنئەنە قېلىپىنى يېڭىلاش، يېقىنقى يېرىم
ئەسىر مابەينىدە شەكىللىنىپ ئەنئەنە بولۇشقا تاس ـ تاس
قالغان شەكىلۋازلىق، ئۇقۇملاشتۇرۇش، شوئار-
ۋازلىق، مەدھىيىچىلىك قاتارلىق شېئىرىيەت
نۇسخىلىرىنى شېئىرىيەت باغچىسىدا ئادالاش، ئۆز
مەنىسىدىكى شېئىرىيەت روھىنى تىكلەش جەھەتـ
تىكى تىرىشچانلىقلىرىنى ۋە قولغا كەلتۈرگەن
نەتىجىلىرىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇلار
سەنئەتنى يېڭىلاش، كۆزقاراشنى يېڭىلاش، پىـ
كىر قىلىش يولىنى يېڭىلاش مەقسىتىدە ئۇيغۇر
مىللىي شېئىرىيىتىنىڭ روھىي ئوبرازىغا داغ چۈ-
شۈرىدىغان ھەر خىل چاكىنىلىقنى قامچىلىدى.
تېخنىكىلىق ۋە تاكتىكىلىق شېئىر بىلەن كۆز
باغلاپ كۆن ئۆتكۈزىدىغانلارنى مەسخىرە قىلدى.
ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلار شۇنداق بىر ئاۋانگارت قىـ
ياپەتتە مەيدانغا چىقىپ، ئىجادىيەت كۈچلىرىنى
ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش رولىنى ئوي-
نىدى. ئۇلار تەشەببۇس قىلغان شېئىرىي ھېسـ
سىيات، شېئىرىي مەنزىرە كىشىلەرنىڭ كۆز قاـ
رىچۇقىدىن ھالقىپ، يۈرەك باغرىغىچە ئېقىپ
كىردى. يالغان كۆلكىلەرنىڭ ئورنىنى راست
ياشلار ئالدى. لېكىن ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارمۇ قىسـ
مەن ھالدىكى بىر تەرەپلىمىلىككە يول قويدى.
ئالايلۇق: ئەنئەنە قېلىپىنى يېڭىلاش بەزى ھاللار-
دا مۇتلەقلىشىپ، مىللەتنىڭ روھىي تۈۋرىكى
بولغان كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىغا دەخلى ـ
تەرۇز قىلدى. بەزى شېئىرلار مىللىيلىكتىن
چەتنەپ، شېئىردىكى بەدىئىي تىلنىڭ، ئاھاڭدار-
لىقنىڭ پاساھىتىنى بۇزدى. ئۇلار سەنئەتنى يېڭىـ
لاشنى نوقۇل ھالدا قوغلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ
قىزغىنلىقى، تالانتى ۋە ئىجتىھاتىنى شېئىرىيەت
سەنئىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ستىرېئولۇق ما-
ھارەتكىلا مەركەزلەشتۈرۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئىجـ
تىمائىي تارىخ مۇساپىسىدىكى ئاكتىپچانلىقىغا
سەل قارىدى. نەتىجىدە سۇبيېكت ئامىللار كۆپەـ
يىپ، شېئىرنىڭ ئىسلاھات ئەمەلىيىتىگە، تۇر-
مۇش رېئاللىقىغا قاتنىشىشى سۇسلاپ، شېئىرىـ
يەت سەنئىتى بىلەن ئىجتىمائىي زارىقىشنىڭ ئاـ
رىلىقى ئۇزىراپ كەتتى. ئەگەر بۇ مەسىلىلەر ھەل
بولۇپ كەتسە، بۇ بىر تۈركۈم ياشلارنىڭ تىرىشـ
چانلىقى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە تېخىمۇ يېڭى بىر
مەنزىرىنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ.

سوئال: بەزىلەر ناۋائىدىن كېيىن ئۇيغۇر شېـ
ئىرىيىتىدە شائىر چىقمىدى دېگەن سۆزنى قىلىپ
يۈرۈپتۇ، بۇ گەپنىڭ ئاساسى بارمۇ ـ يوق؟

جاۋاب: ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىـ
يات قانۇنىنى ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ سۆزنىڭ ئەلۋەتـ
تە ئاساسى يوق. ھىندى بۇددا مەدەنىيىتى، ئوتـ
تۇرا تۇزلەڭلىك مەدەنىيىتى، ئەرەب ـ پارس
مەدەنىيىتى، قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتى ئۆزئارا
گىرەلىشىپ كەتكەن يىپەك يولى تۈگۈنىدە، ئەمىر
ئەلشىر ناۋائىدىن كېيىنمۇ قالتىس تالانتلىق شاـ
ئىرلار بارلىققا كەلدى. ئۇلار ئۇيغۇر شېئىرىيە-
تىدە ھېلىغىچە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ جۇلالىنىپ
تۇرىدىغان نادىر ئەسەرلەر ياراتتى. ناۋائىدىن
كېيىن شائىر چىقمىدى دېگەنلىك مىللەتنى ۋە
مىللىي مەدەنىيەتنى ئىنكار قىلىشقا ئېلىپ بارىدىـ
غان خاتا ئۇقۇم. لېكىن ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى دېـ
يىش كېرەككى، ھېچكىممۇ نەچچە ئەسىرلەردىن
بۇيان ناۋائى باشلاپ بەرگەن شېئىرىيەت يولىدىن
چەتنەپ كېتەلمىدى، ناۋائى قۇرۇپ قويغان شېئىـ
رىيەت باغچىسىدىن يىراقلىشالمىدى. ئۇنىڭدىكى
بۈيۈك پىكىرلەر، ئۇنىڭدىكى بەدىئىي تەسەۋۋۇر،
ئۇنىڭدىكى جۇشقۇن مۇھەببەت، ئۇنىڭدىكى گىـ
گانت توملارنى يارىتىدىغان شاھانە كۈچ ـ قۇدرەت
ھەممىمىزگە روھىي ئىلھام بولدى. مەن ھېلى
ھەم بۇ ھەزرەتنىڭ ئۇلۇغ مىسرالىرىنى ئوقۇۋې-
تىپ، ئۆزۈمنىڭمۇ شائىر دېگەن ئاتاقنى ئېلىۋال-
غانلىقىمغا نومۇس قىلىمەن.

سوئال: سىز شېئىرىيەتتىكى تراگېدىيىلىك
ئاڭغا قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: شېئىرىيەتتىكى تراگېدىيىلىك ئاڭنى
مىسرالاردىكى كۆز ياش، خورسىنىش، چۈشكۈنـ
لۈك دەپ چۈشەنمەسلىك كېرەك. ئۇ بىر خىل
مەسئۇلىيەت، بىر خىل ئىچكى تىت ـ تىتلىق، بىر
خىل ئېچىنىش، بىر خىل قايغۇ، بىر خىل
بورچ، بىر خىل ئالىيجاناب ۋەزىپە. شائىرلارنىڭ
ئاخىرقى ئىستىقبال ۋە ھاياتلىقنىڭ مەڭگۈلۈك
ھەقىقىتىنى ئىزدەش يولىدىكى پۈچۈلىنىشىنىڭ
ئۆزىلا بىر خىل تراگېدىيە. شۇڭا بەزىلەر شائىر-
لارنى نېرۋىسى ئاجىز ئادەملەر دەيدۇ. دۇرۇس،

«ئەلى خەتەرلىك جىنايەتچىلەر زېھنى ئوچۇق سەۋ-
دايىلاردىن بولغىنىدەك، ئەلى مۇكەممەل شائىر-
لارمۇ ئۆزلىرىدىكى پۈتمەس - تۈگىمەس ئىدراكنى
ئىستېمال قىلىدىغان نېرۋىسى ئاجىزلاردىندۇر.
لېكىن شائىرلار ھەرگىزمۇ ساراڭلاردىن ئەمەس.
شۇڭا ئۇلار ئۆزلىرىدىكى ئۆزلۈكنىڭ، ئۆزلىرىدى-
كى ئادەملىك ماھىيىتىنىڭ ئازابلىق پارچىلىنىشى-
نى ھېس قىلالايدۇ. ئۇلار بۇ خىل پارچىلىنىشنى
ئەقلىغە سىغمايدىغان، توختاۋسىز تەكرارلىنىپ
تۇرىدىغان، ھەرگىز قانائەت ھاسىل قىلمايدىغان
بىرلىككە قاراپ يۈزلەندۈرىدۇ - دە، باشقىلار تە-
رىپىدىن ئەيىبلىنىدۇ. بۇ يەردىكى بىرلىك ئۇلار-
نىڭ ئۆزىدە ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە
رېئاللىقتا ئايلىنىدۇ» (ياكۇس مارىتان). بۇرۇن
كىمدۇر بىرلىرى جاھاننىڭ ئىشىدىن نارازى بول-
غانلاردىن شائىر چىقىدۇ دېگەنىدى. بۇ توغرا گەپ
ئەمەس، جاھاننىڭ ئىشىدىن نارازى بولغانلاردىن
شائىر چىقىش بۇياقتا تۇرسۇن، قاراقچى بولۇپ
كەتكەنلەرمۇ بار. ھەم مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى،
ھەم ئىنسانىي بۇرچى، ھەم شائىرلىق تالانتى بار-
لار ئۆز ھېسسىياتلىرىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق
ئېڭى بىلەن بىرلەشتۈرەلىگەندىلا، ئاندىن ئۆزىدى-
كى تراگېدىيىدىن قۇتۇلىدۇ.

سوئال: يېقىنقى بىرنەچچە يىللاردىن بۇيان
بىۋاستە خەنزۇ تىلىدا شېئىر يېزىۋاتقانلىقىڭىزنى
ئاڭلىدىم. بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟

جاۋاب: بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى سەۋەب بار:
بىرى، مەن ئومۇمەن خەنزۇ تىلىدىكى ۋە خەنزۇ
تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان دۇنيا ئەدەبىياتى نەمۇنى-
لىرىنى، بولۇپمۇ شېئىرىي ئەسەرلەرنى كۆپ
كۆردۈم ۋە ئاخىرىدا باشقا مىللەت كىتابخانلىرىنى
چوڭقۇر ھېس قىلدىم. چۈنكى بىزدىمۇ باشقىلار
ياخشى كۆرۈپ ئەيھانناس، دېگۈدەك ئەسەرلەر بار
ئىدى. لېكىن تەرجىمە قوشۇنىمىز بار بىلەن يوق-
نىڭ ئارىسىدا تۇرغان ناچار ئەھۋالدا، ئۆزۈمنىڭ
شېئىرلىرىمنى ۋە باشقىلارنىڭ شېئىرىنى ئۆزۈم
تەرجىمە قىلىش ياكى ئىمكانىيەت يار بەرسە بى-
ۋاقىتلا خەنزۇچە يېزىش ئۇسۇلىنى قوللاندىم. يەنە
بىرسى، مەن بۇ خىل تىرىشچانلىق تۈپەيلى، قوش
تىللىق شائىر - يازغۇچىلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى
تۆت كۆزۈم بىلەن كۈتتۈم. بۇ مىللەتنى، مىللەت-
نىڭ ئەدەبىياتىنى پۈتۈن مەملىكەت، دۇنياغا،
كەلگۈسىگە يۈزلەندۈرۈشتىكى ياخشى يول ئىدى
دەپ قارايمەن.

سوئال: قانۇنچىلىق ئەدەبىياتى ئەدەبىياتىمىز-
دىكى زور بوشلۇق، سىزمۇ قانۇن ساھەسىدە كۆپ
ئىشلىگەن. بۇ جەھەتتە بىرەر ئەسەر يېزىش ئويى-
ڭىز يوقمۇ؟

جاۋاب: ئەگەر قانۇن سىستېمىسىدا ئەسەر يې-
زىشقا توغرا كەلسە، مېنىڭچە قانۇن كۆزقارىشى
ئاجىز، ئەزەلدىنلا ئۆزىنى قانۇن ئارقىلىق قوغ-
داشنى ئۆگەنمىگەن بىر مىللەت ئۈچۈن ھەر خىل
مۇرەككەپ دېلولارنى يازغاندىن كۆرە، ئۇلارنىڭ
قانۇن ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، ئۆزىنى قانۇن بىلەن
قوراللاندۇرۇش جەھەتتىكى تېمىلارنى يېزىش ئەڭ
مۇۋاپىق دەپ قارايمەن. ئەلۋەتتە مەن بۇ ساھەدە
يىگىرمە يىلغا يېقىن ئىشلىدىم، مېنىڭ كۆز ئال-
دىمدىن رەڭگارەڭ دېلولار كۆپ ئۆتتى دېگەنگە
قارىغاندا، قانۇندىن خەۋەرسىزلىكى تۈپەيلى جىنا-
يەت يولىغا مېڭىپ قويغان، قانۇننى بىلمىگەنلىكى
ئۈچۈن خورلانغان، ئۇۋال قىلىنغان، قانۇننى ئۆ-
گەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى قوغدىيالماي قالغان-
لارنىڭ ئەھۋالى كۆپ ئۆتتى دېيىش مۇۋاپىق. بۇ
جەھەتتە مېنىڭ ئويلايدىغانلىرىم كۆپ، ۋاقتىنىڭ
يار بېرىشىگە قارايمەن.

سوئال: شېئىردىكى شەكىل بىلەن مەزمۇن
مۇناسىۋىتىگە قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: بەزىلەر شېئىرنى قاپىيە، ۋەزىن، تۇ-
راق، ئاھاڭدارلىق، مۇزىكىدارلىق تەرەپلەرگە ئا-
لاھىدە ئېتىبار بېرىدىغان، ئىشلەتمەكچى بولغان
سۆز - ئىبارىلەرنى ئالاھىدە تاللايدىغان ۋە ئۇنى
سۇبيېكتىپ ھېسسىيات، ئەقىل - ئىدراك ۋە ئوب-
يېكتىپ شەكىل، مەنزىرىلەر بىلەن بىزەپ، بىر-
لىككە كەلگەن پىكرىي مەنزىلنى ئېستېتىك جە-
ھەتتىكى ئەڭ يۇكسەك ھالەتكە يەتكۈزىدىغان بەدى-
ئىي شەكىل دېدى. يەنە بەزىلەر ئۇنى ۋەزنى گۈ-
زەللىكى، قاپىيە گۈزەللىكى، مۇزىكا گۈزەللىكى
ئارقىلىق كىشىلەرنى يىراق مەنىۋى مەنزىرىگە يې-
تەكلەيدىغان، بۇ ئارقىلىق شائىرلارنىڭ كۈچ-
لۈك، ئېستېتىك ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدىغان
ژانىر دەپ قارىدى. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسى
شېئىرنىڭ مەزمۇنىدىكى ئوڭاي تەبىر بەرگىلى
بولمايدىغان يەنە بىر ئالىيجانابلىق ھەققىدە، يەنى
شېئىرىيەتتىكى روھ توغرىسىدا بىرنەرسە دېمە-
دى. يۇقىرىدىكى قاراشتىكىلەر شېئىرنىڭ نېمە-
لىكىنى شەكىلەن چۈشەندۈرۈپ بەرگەن بولسىمۇ،
ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەنتىقىلىك كۈچتۈڭ-
گۈرلۈكنى، ئۇنىڭ ھۆجەيرىلىرىدىكى تۇتۇق بەر-
مەيدىغان شېرىنلىكنى، ئۇنىڭدىكى يۈرەكنى جى-
غىلدىتىدىغان سېھرىي كۈچنى، ئۇنىڭدىكى ئۇ ئە-
سىردىن بۇ ئەسىرگە كىرىپ كېتەلەيدىغان تەم-
كىنلىكنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىدى. مۇنداقچە
ئېيتقاندا، شېئىر دېگەن سەنئەتنىڭ يۇقىرى پەل-
لىسى، ئىنسانىيەتنىڭ روھىي كۈلبىسى، ھايات-
لىقنىڭ مېغىزى، ئاڭنىڭ جەۋھىرى، كىشىلەر-
نىڭ ئەڭ ئالىي گۈزەللىكنى تاپالايدىغان جەننەتۇل-
مەئۋاسى ئىدى. مانا شۇنداق يۇكسەكلىكنى ئەل-
ۋەتتە مۇكەممەل مىللىيلىككە ئىگە شەكىل بىلەن

www.uyghurkitap.com

ۋايىغا يەتكۈزۈپ يورۇتۇپ بېرىش كېرەك. ئەگەر ياخشى مەي بوتۇلكىغا پاتماي قالسا، ئۇنى ساپال كوزىغا، جامغا قاچىلاشقا توغرا كەلگەندەك، سىدىقلىنىۋاتقان مەزمۇن، ئۆزىنى ئىسكەنجىگە ئالغان، شەكىلدىن چىقىپ كېتىشكە ئۇرۇنغان مىسرالارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش شائىرنىڭ ئۆز ئىشى.

سوئال: قولىغا يېڭىدىن قەلەم ئالغان ياش ھەۋەسكارلارغا قانداق تەلەپلىرىڭىز بار؟

جاۋاب: مەن ئۆزۈممۇ بىر چاغلاردا قولۇمغا يېڭىدىن قەلەم ئالغان ھەۋەسكار ئىدىم. مەنمۇ ئۆز نۆۋىتىدە باشقىلاردىن ماڭا قانداق تەلەپى بارلىقىنى سورىغانىدىم. ئۇلارنىڭ جاۋابىنى ھازىر تەكرارلىسام بولۇۋېرىدىغاندەك قىلىدۇ. بىزدە مەخسۇس شائىر ياكى يازغۇچىنى يېتىشتۈرىدىغان ئالىي مەكتەپ يوق. شائىر - يازغۇچىلارنى تەربىيىلەيدىغان بىردىنبىر مەكتەپ تۇرمۇش، ئۇلارنىڭ ئۇستازى خەلق. شۇڭا شائىرلىققا ھەۋەس قىلغانلار ئالدى بىلەن مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىن تولۇق خەۋەردار بولۇشى، كلاسسىك ئەدەبىياتنى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىشى كېرەك. ئىككىنچىسى، ئۇلار ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇشى لازىم. ئىجادىيەت دېگەن تەكرارلاش دېگەنلىك ئەمەس، ئىجادىيەت دېگەن بايقاش ۋە يېڭىلىق يارىتىش دېگەن سۆز. شۇڭا ھەۋەسكارلار تۇرمۇشنى پىششىق بىلىشى، ئۇنىڭدىن گۈزەللىك ئاختۇرۇشى كېرەك. ئاخىرقى تەلىپىم ياش ھەۋەسكارلار شېئىرىيەت ھەققىدىكى ھەر خىل نەزەرىيە، تەنقىدىي ماقالىلەرگە ھەددىدىن زىيادە ئېسىلىۋالماسلىقى كېرەك، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدە مۇستەقىل ئىجادىيەت قارىشى، مۇستەقىل بەدىئىي دىت ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بولۇشى لازىم. ھازىرغىچە مېنىڭ ئەمەل قىلغانلىرىممۇ مۇشۇلاردىن ئىبارەت.

سوئال: تەقلىدىي شېئىرلارغا قانداق قارايسىز؟

جاۋاب: شۇنى بىلىش كېرەككى، سەنئەتنىڭ ئەڭ بۈيۈك تۆرلىرىدىن ھېسابلانغان ناخشا - ئۇسسۇل، مۇزىكا، رەسساملىق ۋە ھەيكەلتىراشلىقنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئىپتىدائىي زامانلاردىكى تەبىئەت ھادىسىلىرىگە تەقلىد قىلىش ئارقىلىق راۋاجلانغان. سانائەت ئىنقىلابىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى پار ماشىنىسىدىن تارتىپ ساماليوتقىچە ھەممىسىدىمۇ تەبىئەت ھادىسىلىرىگە بولغان تەقلىدچىلىك بار. لېكىن تەقلىدچىلىك دېگىنىمىز پۈتۈنلەي دوراش، پۈتۈنلەي كۆچۈرۈپ كېلىش، ئۆزۈمنىڭ قىلىۋېلىش ياكى ئوغرىلىۋېلىش دېگەنلىك ئەمەس، تەقلىدچىلىكتە ئىجادىيەت بولىدۇ. كېيىنكىلىرىدە تەييارغا ھەييار بولۇۋېلىش يۈز بېرىدۇ. شېئىردىكى تەقلىدچىلىككە كەلسەك، قايسى شائىر ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنىڭكىگە تەقلىد قىلىپ باقماپتىكەن؟ ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن روھىي ئوزۇق ئالماپتىكەن؟ ماھارەت، ئۇسلۇب قاتارلىقلارنى ئۆگەنمەپتىكەن؟ مەسىلە، ئەڭ مۇھىم مەسىلە تەقلىد ئارقىلىق يېڭىلىق يارىتىشتا. پالان - پوكۇنغا تەقلىد دەپ يېزىپ قويۇپ تۇرۇپمۇ، يېڭى - يېڭى مىسرالارنى ياراتساق بولۇۋېرىدۇ. يەنە بىر ئەسكەرتىشكە تېگىشلىكى، تەقلىد قىلغانىكەنمىز، روھىي ئوزۇق، ئىلھام ئالغانىكەنمىز، تەقلىد قىلىنغۇچىمۇ خۇشال بولغۇدەك يېزىش كېرەك. كىتابخانلاردا تەقلىد قىلىنغۇچىغا نىسبەتەن ھېچقانچە يېرى يوق ئىكەنغۇ دەيدىغان خاتا قاراش شەكىللىنىپ قالماسلىقى لازىم. مۇشۇ ئارقىلىق ھەۋەسكارلار، ياشلار، پىشقان شائىرلار تېخىمۇ ئالغا يۈكسىلىش مەقسىتىگە يېتىش كېرەك.

سوئال: ھازىرغا قەدەر نەشردىن چىققان شېئىر توپلاملىرىڭىز ئىچىدە ئۆزىڭىز ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان شېئىرلار قايسى؟

جاۋاب: بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن بۇرۇن، مەن مۇنداق بىر نەرسىنى ئىزاھلاپ قويۇشۇم كېرەك. يەنى، مەن كۈلۈپ تۇرۇپ يازغان شېئىرلىرىمدىن يىغلاپ تۇرۇپ ياكى قاتتىق ساراسىمە ئىچىدە يازغان شېئىرلىرىمنى ياخشى كۆرىمەن. زورلاپ تۇرۇپ، مەجبۇرىيەت ياكى بۇيرۇق تۈپەيلى يازغان شېئىرلىرىمغا قارىغاندا كۆز ئالدىمدىن غىل - پال ئۆتۈپ كەتكەن لېكىن مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىرەر ھەقىقەتتىن بېشارەت بەرگەن مىسرالارنى ياخشى كۆرىمەن. شۇڭا مەن شېئىرلىرىمنى تانسىخانىلاردا، ئويۇن - تاماشا سورۇنلىرىدا تەنھالىقتىن قاقشاپ، ۋاپاسىزلىقتىن ئاغرىنىپ يېشى قۇرۇپ كەتكەنلەرگە تەقدىم قىلغۇم كەلمەيدۇ. مېنىڭ شېئىرلىرىمنىمۇ ئۆزۈمگە ئوخشاش يىغلىيالايدىغانلار ئوقۇشى كېرەك. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مەن «بوز تورغاي» دېگەن شېئىرىمنى، «مېنىڭ قەلبىم دالىلاردا» ناملىق پوئېمامنى، «ئەسلەنگەن يىللار» دېگەن چاتما شېئىرلىرىمنى ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى بۇ شېئىرلارنى كۆرۈۋېتىپ ئۆزۈممۇ ياش تۆكىمەن.

سوئال: ئەدەبىي تەنقىدچىلىك مەسىلىسىدە تەنقىدچىلەردىن قانداق ئۈمىدلەرنى كۈتىسىز؟

جاۋاب: بۇنىڭدىن بۇرۇن ئەدەبىي تەنقىدچىلىك ساھەسىدە بارلىققا كەلگەن كۆڭۈلسىزلىكلەرنى، بىنورمال ئەھۋاللارنى تىلغا ئالغۇم كەلمەيدۇ. بىزنىڭ تەنقىدچىلىرىمىز ھەر بىر مەسىلىدە بىر يېڭى يۈزلىنىشنى كۆرسىتىپ بېرەلىسە، يۈز - خاتىرە قىلمىسا، مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىغا سەمىمىي مۇئامىلە قىلسا كۇپايە.

# ئۇنتۇلماس بەش كۈن

(ئەسلىمە)

ئابلىمىت ئىمىن

## تۇنجى كۆرۈشۈش

1984-يىلى 12-ئاۋغۇست. بۈگۈن «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى بىلەن «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى بىرلىشىپ ئۇيۇشتۇرغان تۆت كۈنلۈك «ئەدەبىي ئىجادىيەت سۆھبەت يىغىنى» نىڭ تىزىمغا ئېلىش كۈنى ئىدى. مەن چۈشتىن كېيىن سائەت تۆتلەردە قەشقەر چىنىباغ مېھمانخانىسىنىڭ تىزىمغا ئېلىش ئۆيىگە كىرىشىم بىلەن «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى، ئاتاقلىق شائىر مەرھۇم قۇربان ئىمىن مېنى خۇش تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئالدى. بىز ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن ئۇ ماڭا:

— يىراقتىن كېلىدىغانلار ئاساسەن كېلىپ بولدى، ئۇلارنى ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدۇم. يۈرۈڭ، سىزگىمۇ ياتاق كۆرسىتىپ بېرەي، — دەپ كارىدور بويلاپ مېڭىپ بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۆيدە تېخى مېنىڭ ئالدىمدىلا كەلگەن شائىر نەسرۇللا ئابلەت بار ئىكەن. بىز ئىككىمىز ئىلگىرى تونۇش بولغاچقا قەدىناسلارچە سالاملاشتۇق. ئىككىمىز ئەدەبىيات توغرىسىدا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىپتۇق.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — دېگەن بوم، يېقىملىق ئاۋاز بىلەن تەڭ ئىشىك ئالدىدا ئېگىز بويلۇق، گەۋدىلىك كەلگەن، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى چوڭ-چوڭ كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، بېشىغا چىمەن دوپپا كىيگەن سالاپەتلىك بىر كىشى پەيدا بولدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — نەسرۇللا ئابلەت ئىككىمىز تەڭلا ئورنىمىزدىن تۇردۇق. بۇ سالاپەتلىك ئادەم قىزغىن كەيپىياتتا بىز بىلەن ئىككى قوللاپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى، ئارقىدىن يەنە ئوتتۇرا بويلۇق چاققانغىنە بىر كىشى يېتىپ كېلىپ بىز بىلەن كۆرۈشتى ۋە مەندىن سورىدى:

— مۇشۇ مېھمانخانىدا سۆھبەت يىغىنى ئېچىلىدۇ، دەپ چاقىرىق قەغىزىگە شۇنداق يېزىلغانىكەن، باشقىلارنىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىدىن خەۋىرىڭىز بارمىكىن؟

— خەۋىرىم بار، قېنى ياتاققا كىرىشسىلە، بىزمۇ مۇشۇ يىغىنغا كەلگەن. ھېلىراقتا قۇربان ئىمىن بار ئىدى، ئۇ كىشىمۇ سىرتقا چىقىپ كەتتى، سەل تۇرۇپ كىرىدۇ، — دېدىم. بۇ ئىككى مېھماننى مەنمۇ، نەسرۇللا ئابلەتمۇ تونۇمايدىكەنمىز.

— مانا ئامەت دېگەن شۇ ئەپەندىم، — دېدى ئوتتۇرا بويلۇق كىشى سالاپەتلىك كىشىگە قاراپ، — بىردەمدىلا سەپداشلىرىمىزنى تېپىۋالدۇق. تونۇشۇۋالايلى، سىز ئۆزىڭىز؟ — دېدى ماڭا قاراپ

مەن نەسرۇللا ئابلەت بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالا - ئالمايلا ئۇ كىشى گېپىمنى بۆلۈپ:

— مانا، مانا ئەسلىدە بىز تونۇشكەنمىزغۇ؟ ھەر ئىككىڭلارنىڭ نامى بىزگە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تونۇش. مانا ئەمدى يۈز كۆرۈشتۇق. مېنىڭ ئىسمىم سادىر سادىرى، بۇ كىشىنىڭ ئىسمى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر بولىدۇ، — دېدى.

دەرۋەقە بۇلارنىڭ نامىمۇ ماڭا تونۇشلۇق ئىدى. تېخى يېقىنقى يىللاردىلا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ «قەشقەر كېچىسى» ناملىق مەشھۇر داستانىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغانىدىم. ھەمدە قەلبىم تۆرىدىن «قەشقەر كېچىسى» ئارقىلىق ئورۇن ئالغان بۇ ھۆرمەتلىك كىشى بىلەن بۈگۈن مۇنداق تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىشىمنى ئويلىمىغان ئىكەنمەن. مېنىڭ خىيالىم بىردىنلا قاناتلىنىپ ئاشۇ قاباھەتلىك يىللار ئۈستىدە پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. مەن ئاقتۇ ناھىيىلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تولۇقسىز 1-يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان ئون نەچچە ياشلىق ۋاقتىمدىلا مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلىنىپ كەتتى. مەكتەپلەردە ئوقۇش توختىدى. بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ بېشىغا ئېغىر قىسمەتلەر چۈشتى، بىلىملىك كىشىلەر خارلاندى. بۈگۈن بىرسى كۆرەشكە تارتىلسا، ئەتىسى يەنە بىرسى كۆرەشكە تارتىلاتتى. دۆۋە - دۆۋە كىتابلار كۆيدۈرۈلدى. شۇ كۈنلەردە بىرنەچچە كىتابخۇمار باللار

بەزى كېچىسى جەم بولۇپ قىزلاقنى ـ قىزلاقتا يېقىپ
زۇنۇن قادىرى، تېيىپجان ئېلىيوپ، نىم شېھىت،
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىق بىر قىسىم شائىرلار ـ
نىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەر توغرىسىدا، شۇنـ
داقلا ئاتاقلىق ۋەتەنپەرۋەر شائىر لۇتپۇللا مۇتەلـ
لىپنىڭ قارىلانغانلىقى توغرىسىدا چوڭلاردىن ئاڭـ
لىغان سۆزلەرنى بىر ـ بىرىمىزگە قورقۇمسىـ
راپ تۇرۇپ يەتكۈزۈشەتتۇق. بالىلارچەساددا خىـ
ياللار بىلەن مۇلاھىزە قىلىشاتتۇق. ئاشۇ يىللاردا
مەن لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ
چوڭقۇر دوستلۇقى بار ئىكەن، دېگەن سۆزلەرنى
ئاڭلىغانىدىم. مەن مۇشۇ كۈنلەردە لۇتپۇللا مۇتەلـ
لىپنىڭ 1940 ـ يىللاردا شىڭ شىسەي جەنۇبىي
شىنجاڭغا ئەۋەرتكەن سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىدىن
تەركىب تاپقان توپوگرافىيە ئەترىتىگە رۇس تىلى
تەرجىمانى بولۇپ كەلگەن چاغلىرىدىكى ھاياتى ۋە
تۇرمۇشى ھەققىدە ئىزدىنىۋاتقىنىم ئۈچۈن، ئۆتـ
كۈر ئەپەندىگە بولغان قىزىقىشىم ۋە ھۆرمىتىم
تېخىمۇ ئاشتى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ مەن چوقۇنىدىـ
غان ئەڭ ئۇلۇغ شائىر ئىدى. ئۆتكۈر ئەپەندى
بولسا مېنىڭ ئاشۇ مەرھۇم چوقۇنغۇچۇمنىڭ ھايات
شاھىدى، يېقىن دوستى ئىدى. مەن ئۆتكۈر ئەپەنـ
دىنىڭ ئاشۇ چوڭ ـ چوڭ كۆزلىرىگە خۇپپىيانە
نەزەر تاشلاپ لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن يېرىم دىـ
دارلاشقاندەك بولدۇم، شۇ تاپتا لۇتپۇللا مۇتەللىپـ
نى كۆرگەن بۇ ئادەم مېنىڭ نەزەرىمدە لۇتپۇللا
مۇتەللىپتەكلا ئۇلۇغ ۋە ھۆرمەتلىك ئىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي شائىر قۇربان ئىمىننىڭ كىـ
رىپ كېلىشى بىلەن مەن ئېسىمنى يىغدىم. ئۆتكۈر
ئەپەندى بىلەن قۇربان ئىمىن كونا قەدىناسلاردىن
ئىكەن. ئۇلار قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتى. بۇ
ھال مېنى تېخىمۇ تەسىرلەندۈرۈۋەتتى. ئۇلار بىرـ
دەم تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن، قۇرـ
بان ئىمىن ئۆتكۈر ئەپەندى بىلەن سادىن سادىرىنى
مەخسۇس تەييارلاپ قويغان ياتاققا ئېلىپ چىقىپ
كەتتى.

ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن نەسرۇللا ئابـ
لەت ماڭا:

— ئۇكام، ئۆتكۈر ئەپەندىگە ئەجەب نەزەر
سېلىپ قاراپ كەتتىڭىزغۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق، بۇ ئادەمنىڭ نامىنى مەن ئۇزاق
يىللاردىن بېرى زىكرى قىلىپ كەلگەن، بۈگۈن
مانا تونۇشۇشقا، ھەتتا بىرگە يىغىنغا قاتنىششقا
پۇرسەت كەپتۇ.

— مەنمۇ ئۇنىڭ نام ـ شەرىپىنى كۆپ ئاڭلىـ
غان، بۈگۈن كۆرۈشۈشكە نېسىپ بوپتۇ. بۇ ئادەم
مۇمكىن بولسا ياشارتىۋالغۇدەك كىشى، ئۇيغۇر ئەـ
دەبىياتىنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
پەخرى دېسەكمۇ بولىدۇ.

## يىغىننىڭ تۇنجى كۈنى

8ـ ئاينىڭ 13ـ كۈنى ئەتىگەندە ئاتاقلىق شائىر
قۇربان ئىمىننىڭ رىياسەتچىلىكىدە سۆھبەت يىغىـ
نى قەشقەر چىنىباغ مېھمانخانىسىنىڭ يىغىن زالىـ
دا باشلاندى.

ئۆتكۈر ئەپەندى ئالدىنقى رەتتىن ئورۇن ئالـ
غانىدى. سۆھبەت يىغىنى باشلانغانلىقى ئېلان قىـ
لىنغاندىن كېيىن، كۈن تەرتىپ بويىچە تۇرسۇن
نىياز «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا تۆت يىل
مابەينىدە ئېلان قىلىنغان نەسرىي ئەسەرلەرنىڭ مۇـ
ۋەپپەقىيىتى ۋە نۇقسانلىرى توغرىسىدا يازما سۆز
قىلدى.

تۇرسۇن نىياز سۆزلەۋاتقاندا مەن ئۆتكۈر ئەـ
پەندىگە قارىدىم. ئۇ رازىمەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مەمـ
نۇنىيەت بىلەن باش لىڭشىتىپ كۈلۈمسىرەپ ئولـ
تۇراتتى. تۇرسۇن نىيازنىڭ سۆزىدە بۇ قېتىمقى
يىغىندا مۇھاكىمە قىلىشقا تېگىشلىك، شۇنداقلا
يېڭىلىق يارىتىشقا دائىر مەلۇم يېڭى قاراشلار ۋە
ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە ساقلىنىۋاتقان،
ئۆزگەرتمىسە بولمايدىغان بىر قىسىم ئەمەلىي مەـ
سىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى.

تۇرسۇن نىيازنىڭ سۆزى تۈگەش بىلەن تەڭلا
بەس ـ مۇنازىرە باشلىنىپ كەتتى. يازغۇچى، شائىرـ
لار نەسرىي ئەسەر ئىجادىيىتىدىكى ئۇتۇقلار ۋە نۇقـ
سانلار، نېمىنى يېزىش، قانداق يېزىش توغرىسىدا
ئۆزلىرىنىڭ قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بەزىـ
لەر دۇنيا ئەدەبىياتىدىكى بەزى مەشھۇر ئەسەرلەرنى
مىسالغا ئېلىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى قاتماللىق ۋە
بېكىنمىچىلىك ھادىسىلىرى توغرىسىدا پىكىر بايان
قىلىشتى. ھەركىمنىڭ سۆزىدە بىر يېڭىلىق بار
ئىدى.

ئۆتكۈر ئەپەندى سۆز قىلمىدى، پەقەت باشقىـ
لارنىڭ پىكرىنى قۇلاق سېلىپ جىمجىت ئاڭلىدى.
ئانچە ـ مۇنچە خاتىرە يېزىپ قويدى. مەن ئۆتكۈر
ئەپەندىنىڭ سۆز قىلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتتۈم
ۋە بۇ كىشى نېمىلەرنى دەركىن، قانداق سۆزلەرـ
كىن، بىر ئاڭلاپ باقسام دېگەن ئۈمىدتە ئولتۇـ
راتتىم. بىر چاغدا شائىر قۇربان ئىمىن كېلىپ
ئۆتكۈر ئەپەندىگە:

— ئۆتكۈربىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلمامىلا؟— دېدى.

— ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى 21 - ئەسىرگە باشلاپ كىرىدىغان ياشلىرىمىز ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار قىزغىن بەس - مۇنازىرە قىلىشىۋاتىدۇ، ياخشى سۆزلىشىۋاتىدۇ، سىلەر بىلەن مەن ئۇلارغا مۇھاكىمە قىلىش پۇرسىتى بەرگىنىمىز تۈزۈك. ئۇلار سۆزلىسۇن، بىز ئاڭلايلى، — دېدى ئۆتكۈر ئەپەندىم.

مەن ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ سەممىيلىكىگە ۋە كەمتەرلىكىگە، ياشلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان ئېسىل پەزىلىتىگە ئاپىرىن ئوقۇدۇم. چۈنكى بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات ۋە تارىخ ئىلمىدىكى نوپۇزى ۋە يۈكسەك ئابرويىدىن پايدىلىنىپ ۋاقىتنى ئىگىلىۋېلىشنى ۋە بەزىلەردەك ئۆزىنى كۆرسىتىۋېلىشنى ئۆزىگە راۋا كۆرمىگەنىدى.

چۈشتىن كېيىن شېئىرىيىتىمىز ھەققىدە مۇھاكىمە قىزىپ كەتتى.

84 - يىللاردا تېخى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ھازىرقى «گۇڭگا شېئىر» ، «تۇتۇق شېئىر» ، «يېڭى شېئىر» دېيىلىۋاتقان شېئىرلار تېخى مەيدانغا چىقمىغان بولسىمۇ، ياشلار ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئىزدىنىش باسقۇچىدا ئىدى. شېئىرىيەت ئۈستىدە بولۇۋاتقان بەس - مۇنازىرە ۋە مۇھاكىمىدە ئۆتكۈر ئەپەندىمۇ شۈك ئولتۇرۇشنى خالىمىدى بولغاي، بىرنەچچە مىنۇت قىسقا مېغىزلىق سۆز قىلىپ «مەقسەت ، مۇددىئا ۋە ھېسسىياتنى قىپيالىڭاچ ئوتتۇرىغا قويۇش خاھىشىنى تۈگىتىپ، شېئىرىيەتتە مەنىنى يوشۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇش» توغرىسىدا سۆز قىلىپ شائىر تېيىپجان ئېلىيۇپنىڭ «تۈگىمەس ناخشا» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى مىسالغا ئېلىپ كۆرسەتتى ۋە بۇ شېئىرنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ، «مەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە مۇشۇنداق نادىر ئەسەرلەردىن ئونلاپ يۈزلەپ مەيدانغا چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.

مەن ئىلگىرى بۇنداق يىغىلىشلاردىن بىرنەچچىسىگە قاتناشقان، خېلى-خېلى ئاتاقلىق كىشىلەرنىڭ سۆھبەتلىرىگىمۇ داخىل بولغان، بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىزنىڭ پەقەت چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنىلا ماختىغانلىقىنىلا ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىگە ئاجايىپ يۈكسەك باھا بەرگەنلىكىنىلا ئاڭلىغان، لېكىن ئۆزىمىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز يازغان ھېكايە، رومانلارغا، شېئىر-داستانلارغا ياخشى باھا بەرگەنلىكىنى ئاڭلىمىغانىدىم. مانا بۈگۈن تۇنجى قېتىم ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئۆز شائىرلىرىمىزنىڭ ئەسىرىگە بېرىلگەن ياخشى باھاسىنى ئاڭلىدىم.

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى كىتاب كۆيدۈرۈش دولقۇنىدا مەن باشقىلارنىڭ بىخەستەلىكىدىن پايدىلىنىپ قولۇمنى كۆيۈۋاتقان ئوتقا تىقىپ تېيىپجان ئېلىيۇپنىڭ «تۈگىمەس ناخشا» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى ئېلىپ يوشۇرۇن ساقلاپ كەلگەنىدىم. توپلامدىكى «تۈگىمەس ناخشا» ۋە باشقا شېئىرلار ماڭا خۇددى قۇرئان ئايەتلىرىدەك ياد بولۇپ كەتكەن، «تۈگىمەس ناخشا» بىلەن تېيىپجان ئېلىيۇپ مېنىڭ قەلبىم قېتىدىكى بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان بىر گەۋدە ۋە مۇقەددەس ئابىدە ئىدى. بۈگۈن ئۆتكۈر ئەپەندى «تۈگىمەس ناخشا» نى ئېغىزغا ئېلىپ، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى نادىر ئەسەر» دەپ باھا بېرىپ، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى.

مۇھاكىمىدە، شائىر نەسرۇللا ئابلەتنىڭ ئوبزورچىلارغا خاس ئىلمىي قاراشلار بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى، مەنە تەكرارلىقى، دورامچىلىق، كۆچۈرمىچىلىك ئىللەتلىرى توغرىسىدا ئوتتۇرىغا قويغان سۆزلىرى ھەممىمىزنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ھەممە كىشى سۆزىدە «ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە يېڭىلىققا كۆچۈش» نى تەكىتلىگەن بولسىمۇ، قانداق كۆچۈش ۋە قانداق يېزىش توغرىسىدىكى مەسىلىلەر توغرىسىدا قوبۇل قىلغۇدەك بىر يېڭى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى. دېمەك، شۇ يىللاردا شائىر-يازغۇچىلىرىمىزنىڭ ئىزدىنىش باسقۇچىدا ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇراتتى. شۇ يىللاردا يۈسۈپ ھۈسەيىن ئىسىملىك بىر شائىرىمىز «نەفەس ۋەزنى» دېگەن يېڭى بىر شېئىر شەكلىنى ئىجاد قىلغان ھەم بىرنەچچە شېئىرى «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشكەن. يۈسۈپ ھۈسەيىن بۇ شەكىلنى ئىجاد قىلىش بىلەن تەڭ ئۆزى ئىجاد قىلغان بۇ يېڭى شېئىر شەكلىنىڭ نەزەرىيىسىنىمۇ تەڭ ئىجاد قىلغان.

«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ شۇ يىللاردا بۇ يېڭى شەكىلدە يېزىلغان شېئىرنى بىرىنچى بولۇپ ئوقۇرمەنلەر بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈشى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە يېڭىلىققا كۆچمىسە بولمايدىغانلىقىنى، تونۇپ يەتكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى.

بۈگۈنكى مۇھاكىمە يىغىنى ناھايىتى كۆڭۈللۈك كەيپىيات ئىچىدە تۈگىدى. كەچقۇرۇن مەن شائىر نەسرۇللا ئابلەتنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆتكۈر

ئەپەندى ئورۇنلاشقان ياتاققا كىردىم، ئۆتكۈر ئەپەندى ئاچچىق تاماكىسىنى قاتتىق شوراپ ئولتۇرۇپ تۇرسۇنبەگ ئىبراھىم، بوغدا ئابدۇللانىڭ ھەمراھلىقىدا ئاتاقلىق شائىر قۇربان ئىمىن بىلەن مۇڭدىشىۋاتقانىكەن. بىز ئۇلارنىڭ ئاشۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئىبارەت قاباھەتلىك يىللاردا تارتقان كۈلپەتلىرىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولدۇق.

ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ ئاشۇ يىللاردا تارتقان رىيازەتلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن جەسۇرلۇق، تىرىشچانلىق، ئىرادىلىك روھىنى، شۇنداقلا يۈكسەك تالانتىنى بايقىدىم.

## مەھمۇت قەشقەرى مەقبەرىسىنى زىيارەت

8-ئاينىڭ 14-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن يېرىم كۈنلۈك مۇھاكىمىنى تۈگىتىپ چۈشتىن كېيىن يىغىن قاتناشچىلىرى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيەسىنىڭ ئوپال يېزىسىغا بېرىپ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلغىلى ماڭدۇق. يىغىن ئەھلى ئىككى ئاپتوبۇستا ماڭغان بولۇپ، مەن چىققان ئاپتوبۇستا پېشقەدەملەردىن قۇربان ئىمىن، مەتىمىن قۇربانى، مۆمىن مۇھەممەدى قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۆتكۈر ئەپەندى بىلەن مەتىمىن قۇربانى ئالدىنقى ئورۇندا ئولتۇرغانىدى. قەشقەر تارىخىنى مۇپەسسەل بىلىدىغان تەزكىرىشۇناس مەتىمىن قۇربانى ئۆتكۈر ئەپەندىگە 30- يىللاردا قەشقەردە يۈز بەرگەن پاجىئەلەر، خوجىنىياز ھاجى، تۆمۈر ئېلى، ماجۇڭيىڭ توغرىسىدا، شۇنداقلا تۆمۈر ئېلىنىڭ كاللىسىنىڭ كېسىلىشى سەۋەبلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. «ئويغانغان زېمىن» نەشىردىن چىققاندىن كېيىن شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئۆتكۈر ئەپەندى بۇ مەشھۇر رومانىنى يېزىش ئۈچۈن ئاشۇ يىللاردىلا تەييارلىق قىلغىلى ۋە ماتېرىيال توپلىغىلى تۇرغانىكەن.

بىز ئۇزاق ئۆتمەي ئوپال يېزىسىغا بېرىپ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مەقبەرىسىگە چىقتۇق. قەبرە شۇ كۈنلەردە يېڭىدىن ياسىلىۋاتقان بولۇپ، قۇرۇلۇشنىڭ ئۇل قىسمى ۋە قورۇق تاملىرى پۈتكەن بولسىمۇ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قەبرىسى تېخى بۇرۇنقى ھالىتىدە ئىدى.

ئۆتكۈر ئەپەندى توساتتىنلا قەشقەر شەھىرىدىكى مەشھۇر ئۆلىما ۋە تارىخچى، 30 - يىللاردا شۆھرەت قازانغان قۇتلۇق ھاجىم شەۋقىنىڭ ئوغلى ئىمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئىمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇم 80 - يىللاردىن بۇيان مەھمۇت قەشقەرى قەبرىسىنىڭ نەدىلىكى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بەس - مۇنازىرىگە ئەمەلىي پاكىت بىلەن خاتىمە بەرگەن، ھەمدە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۆزى ساقلاپ كەلگەن تارىخىي ھۆججەت ئارقىلىق مەھمۇت قەشقەرى قەبرىسىنىڭ ئەسلىدىكى «ھەزرىتى موللام قەبرىسى» ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بەرگەن. ئاشۇ تارىخىي ھۆججەت ئارقىلىق مەھمۇت قەشقەرى قەبرىسىنىڭ خەلق تىلىدا «ھەزرىتى موللام» دەپ ئاتىلىپ ئۇزاق زامانلاردىن بېرى كىشىلەرنىڭ تاۋاپ قىلىپ كەلگەنلىكىنى مۇقىملاشتۇرۇپ بەرگەن كىشى ئىدى. ئۆتكۈر ئەپەندى بۇ كىشى بىلەن قەدىناسلاردىن ئىكەن. ئۇلار بىردەمدىلا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. يېشى 80 دىن ئاشقان ئىمىر ھۈسەيىن قازىمۇ شۇ كۈنى ئۆزىنىڭ بىرنەچچە ھەمراھى بىلەن تاۋاپقا چىققانىكەن.

ئىمىر ھۈسەيىن قازى يول باشلاپ ماڭدى. بىز بىرلىكتە قەبرىنى ئايلىنىپ زىيارەت ۋە تاۋاپ قىلدۇق.

ئىمىر ھۈسەيىن قازى ئۆتكۈر ئەپەندىگە قاراپ:

— ئەپەندى، بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەنىمىز، شەرتنى ئادا قىلماق كېرەك، سىلىچە شۇنداق قىلساق بولار؟ — دېدى ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا.

ئۆتكۈر ئەپەندى دەرھاللا جاۋاب بەردى:

— قازاخۇنۇم، ھەممە ئىش سىلىنىڭ رايىلىرىچە بولسۇن.

بىز مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قەبرىسىنى چۆرىدەپ تىزلىنىپ ئولتۇردۇق. ئىمىر ھۈسەيىن قازى ئاخۇنۇمنىڭ بىر ھەمراھى «سۈرە تابارەك» نى ئۇدۇللۇق ئاۋاز بىلەن قىرائەت قىلدى.

بىز ھاي - ھاي تېرەك ئەتراپىنى ئايلىنىپ، نورۇز بۇلاق ئەتراپىغا ئولاشتۇق. ئىمىر ھۈسەيىن قازى يەنە «شەرتنى ئادا قىلماق كېرەك» دەپ بۇلاق سۈيىدىن ئۈچ ئوچۇم ئىچتى، ئاندىن ئۆتكۈر ئەپەندى ئىچتى، ئارقىدىن ھەممىمىز ئىچتۇق. ئىمىر ھۈسەيىن قازىنىڭ ئېيتىشىچە نورۇز بۇلاق سۈيىنى ئۈچ ئوچۇم ئىچمەك شەرت ئىكەن.

— ئۇستازلىرىمىز بىزگە شۇنداق ئۆگەتكەن، — دېدى ئىمىر ھۈسەيىن قازى، — مەھمۇت قەشقەرى قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىمەن دېگەن نىيەت بىلەن ئۆيدىن چىققاندا ئۈچ قېتىم بىسمىللاھىررەھمانىررەھىم، دەپ ئاللاغا سىغىنىش لازىم، مەقبە-

رىنى ئۈچ قېتىم ئايلىنىش، نورۇز بۇلاق سۈيىدىن ئۈچ ئوچۇم ئىچىش لازىم، مانا بۇ ئادەت، قەدىمدىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن ئادەت، — دېدى.

بىز باياتىن مەھمۇت قەشقەرى مەقبەرىسىنى ئۈچ قېتىم ئايلانغاندۇق، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى بىلدىم. ئەمما قازى بىزگە بۇ «ئۈچتە ئۈچ» ئادىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرىشكە ئۈلگۈرمىدى. ئاردا بۇ كىشى بىلەن سالاملىشىدىغانلار كۆپ بولۇپ كېتىپ گەپ يېرىم يولدا ئۈزۈلۈپ قالدى.

شۇ مەيداندا شائىر قۇربان ئىمىن مەھمۇت قەشقەرىگە بېغىشلاپ يازغان قەسىدىسىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئورىگىنالىنى نورۇز بۇلاقتا تاشلىدى. ئورىگىنالىنى بۇلاق سۈيى لەيلىتىپ ئاستا - ئاستا ئايىغىدىكى ئېرىققا ئېقىتىپ كەتتى. بۇ كۆرۈنۈش، بۇ مەنزىرىلەر ماڭا: ھاياتلىقنىڭ مۇشۇ بۇلاق سۈيىدەك ئۈزۈلمەي مەڭگۈ داۋام قىلىدىغانلىقىنى، لېكىن ئادەملەرنىڭ ئاشۇ سۇ ئۈستىدىكى قەغەزدەك ئېقىپ بىر-بىرلەپ بۇ ئالەمدىن كېتىدىغانلىقىنى تونۇتقاندەك بولدى.

ئارقىدىن ئۆتكۈر ئەپەندى، مەمتىلى زۇنۇن، ئۇچقۇنجان ئۆمەر، نەسرۇللا ئابلەت قاتارلىق ئون نەچچە شائىر ئۆزىنىڭ مەھمۇت قەشقەرىگە بېغىشلاپ يازغان شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئورىگىنالىنى بۇلاق سۈيىگە تاشلىدى، قاتاردا مەنمۇ بىر پارچە شېئىرىمنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئورىگىنالىنى بۇلاق سۈيىگە تاشلىدىم.

مۇكچىيىپ ھاسا تاياققا چۆشكەن بولسىمۇ ئەقلى-ھوشى جايىدا، تېتىك ۋە جۇشقۇن ئىمىر ھۈسەيىن قازىنىڭ نۇرى قاچقان كۆزلىرىگە ھاياجان ياشلىرى تولغانىدى. ئۇ يېڭى بىلەن يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ، ھاسىسىغا تايىنىپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— سىلەر بۈگۈن ئاجايىپ خاسىيەتلىك ئىش قىلدىڭلار، بۇرۇن بىزنىڭ ئۇستازلىرىمىز مۇشۇنداق قىلاتتى. بىز ھەم شۇنداق قىلغان. بۇنداق كۆرۈنۈشنى كۆرمىگىلى 50 يىلدىن ئاشقانىدى. بۈگۈن سىلەر مېنىڭ قىرانلىقىمنى ئېسىمگە سالدىڭلار. مۇشۇنداق خاسىيەتلىك ئىشنىڭ تا قىيامەتكىچە داۋام قىلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن، — دېدى.

ئاندىن ئۆتكۈر ئەپەندى بىلەن ئىككىسى مەھمۇت قەشقەرى مەقبەرىسىنىڭ يېنىدىن ياسىلىۋاتقان قورۇلۇش ئورنى تەرەپكە كەتتى. بىزمۇ ئەتراپنى ئايلاندۇق. ئاردىن تەخمىنەن بىرەر سائەتچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆتكۈر ئەپەندى ئىمىر ھۈسەيىن قازى بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ كەلدى. بىز زىيارىتىمىزنى تۈگىتىپ قەشقەر شەھىرىگە قاراپ يولغا چىقتۇق.

## لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھەققىدە يېڭى پاراڭ

8-ئاينىڭ 15-كۈنى ئەتىگەندە يازغۇچى ئابدۇللا ئەخمىدى «قەشقەر گېزىتى» دىن ئىككى سان ئېلىپ ماڭا سوۋغا قىلدى. بۇ سانلاردا «لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ يېڭى تېپىلغان شېئىرلىرى» دېگەن تېما ئاستىدا تەھرىر ئىلاۋىسى بىلەن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ يېڭىدىن تېپىلغان «تەييارلان ئوغلانلار» ، «قىپقىزىل گۈللەرگە تولسا يەر-جاھان» قاتارلىق تېمىلار ئاستىدىكى ئون نەچچە پارچە شېئىرى، ھەمدە مېنىڭ «لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ يېڭى شېئىرلىرىنىڭ تېپىلىش جەريانى» دېگەن ماقالەم بىرلىكتە بېسىلغانىدى. مەن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ يېڭى تېپىلغان شېئىرلىرىنى ئېلان قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىرنەچچە گېزىت - ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىنى قاققان، ھارغان، تالغان، ئازار يېگەن. ئاخىرى قەشقەر گېزىتىدىكى ئۇستازىم ئابلا ئەخمىدى، شائىر ئابلىز ئۆمەرنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ئارقىسىدا ئۇلار لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ يېڭى تېپىلغان شېئىرلىرىنى يادقا ساقلاپ كەلگەن قىرغىز تەزكىرىشۇناس جەنۇبىي فرونت ئىنقىلابىدىكى سابىق باتالىيون كوماندىرى ئاقىيول ماموتنى زىيارەت قىلىشقا شائىر تاھىر تالىپ بىلەن مۇخبىر ھەسەنجاننى پامىر ئېگىزلىكىدىكى بولۇڭكۆل يېزىسىغا ئەۋەتكەن، تاھىر تالىپ ئاقىيول ئاكىنى زىيارەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىن، «قەشقەر گېزىتى» دە ئۇچۇق ئېلان قىلغانىدى.

لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ يېڭى تېپىلغان شېئىرلىرى ۋە تېپىلىش جەريانى توغرىسىدىكى ماقالەم قولدىن قولغا ئۆتۈپ، ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ قولىغىمۇ تەگدى. بۇ يىغىن ئەھلىنىڭ يېڭى بىر مۇھاكىمە تېمىسىغا ئايلىنىپ كەتتى. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بىرنەۋرە تۇغقىنى مۆمىن مۇھەممىدى بۇ ئىشتىن تېخىمۇ سۆيۈنۈپ كەتتى.

ئۆتكۈر ئەپەندى گېزىتنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن مېنى چاقىرىپ:

— ئىنىم سىزنىمۇ بوش چاغلىغىلى بولمىغۇدەك، بۇ يولدا جىق ئىزدىنىپسىز، 40 - يىللاردا لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ رۇس توپوگرافىيە ئەترىتىگە تەرجىمان بولۇپ قەشقەرگە كەلگەنلىكى ۋە پامىر

تاغلىرى، كوئىنلۇن تاغلىرى ۋە بۇ ئىككى تاغ باغرىدىكى شەھەر ۋە يېزا - قىشلاقلاردىكى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا يېزىلغان يازما ماتېرىيال ھازىرغىچە تېپىلغىنى يوق. سىز لۇتپۇللانىڭ ئاشۇ دوستى بىلەن قايتا - قايتا سۆزلىشىپ ئىزدىنىڭ. ئۇنىڭ شۇ يىللاردىكى، يەنى مۇشۇ ئەترەتكە تەرجىمان بولۇپ يۈرگەن چاغلىرىدىكى ھايات پائالىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىشىڭىزگە ئىشىنىمەن، — دېدى ۋە، — بۇ ماقالىڭىزنى كۆرگەندىن كېيىن بەزىبىر ئىشلار يادىمغا كېلىۋاتىدۇ، — دەپ لۇتپۇللا مۇتەللىپ بىلەن دەسلەپكى تونۇشۇش جەريانى ۋە كېيىنكى چوڭقۇر دوستلۇقى، «چىن مودەن» ئوپېراسىنى بىرلىكتە يازغانلىقى، ئوپېرانى ئىككىسى بەش قېتىم ئۆزگەرتىپ يازغانلىقى، ئالتىنچى قېتىم ئۆتكۈر ئەپەندى ئاقتا كۆچۈرۈپ بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن لۇتپۇللا مۇتەللىپ «ئەسەرنىڭ خام يېرى بار ئىكەن، ئۆتكۈر يەنە بىر قېتىم ئۆزگەرتەيلى» دەپ يەتتىنچى قېتىم ئۆزى قەلەم تەۋرىتىپ چىققانلىقى، شىنجاڭ گېزىتىگە تەقسىم قىلىنىش، ئاقسۇغا پالىنىشىنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئىشلارنى ھېكايە قىلىش بىلەن بىرگە لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ جەنۇب سەپىرى ئۈستىدە قايتا توختىلىپ، مۇنداق دېدى:

لۇتپۇللا مۇتەللىپ شۇ يىللاردا جەنۇبىي شىنجاڭغا ماڭغان چاغلاردا مەن ئۈرۈمچىدە يوق ئىدىم. ئۇ ئۆزىنىڭ قەشقەرگە ماڭغانلىقى توغرىسىدا بىر پارچە خەت يېزىپ ئايالىمغا بېرىپ قويغانىكەن، مەن تۇرپاندىن كېلىپ، خەتنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ قەشقەرگە كەتكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ماڭا قەشقەردە بىر قىرغىز يىگىتنى يول باشلىغۇچى قىلىپ ئەترەتكە قوبۇل قىلغانلىقى، بۇ يىگىتنىڭ چىچەن ۋە ھوشيارلىقى، زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، قومۇز چالالايدىغانلىقى، قىرغىز خەلقىنى ياقتۇرۇپ قالغانلىقى ھەمدە قىرغىزلارنىڭ «ماناس» ناملىق ناھايىتى ئۇزۇن بىر مەشھۇر خەلق داستانىنىڭ بارلىقىنى، بۇ قىرغىز يول باشلىغۇچىنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىمۇ راۋان سۆزلىيەلەيدىغانلىقى، «ماناس» داستانى بىلەن مۇشۇ يىگىت ئارقىلىق تونۇشقانلىقى ۋە يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنلىكى توغرىسىدا ھېكايە ئېيتىپ بەردى. مۆمىن مۇھەممىدىمۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بالىلىق ۋاقتىدىكى خاس ئادەتلىرى توغرىسىدا، بولۇپمۇ رەسىم سىزىش ماھارىتىنىڭ ئاجايىپ يۇقىرىلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردى.

## بۇ ناخشا تېكىستىنىڭ ئاپتورى كىم؟

شائىر، يازغۇچىلار توپلاشقان سورۇنلاردا دېيىلمىگەن گەپلەر قالمايدۇ. بولۇپمۇ بىزدەك يېڭىدىن قولىغا قەلەم ئالغان ۋە ئاز - تولا نەتىجە قازانغانلار پېشقەدەم ئۇستازلار بىلەن بىرگە بولغان چاغلاردا ئۇلاردىن ھەممە نەرسىنى سوراپ بىلىۋالغىمىز، ئاڭلىغانلىرىمىزنى ئېلىپ بېرىپ، مۇنداق سۆھبەتلەرگە قاتنىشىش نېسىپ بولمىغانلارغا دېگىمىز كېلىدۇ.

سۆھبەت بارا - بارا يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. 80 - يىللارنىڭ باشلىرىدىلا «ئىز» ناملىق بىر مەشھۇر ناخشا خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقالغان. مەن شۇ چاغلاردا قوراللىق ساقچى گەز چېگرا مۇداپىئە تەكشۈرۈش پونكىتىدا روتا كوماندىرى ئىدىم. بۇ ناخشىنى گازارمىلاردىكى جەڭچىلەرمۇ زوق ئىشتىياق بىلەن ئېيتىشاتتى. لېكىن بۇ ناخشىنىڭ ئاپتورى توغرىسىدا ھېچكىم ئېنىق بىرنەرسە دەپ بېرەلمەيتتى.

مەن بۇ سورۇندا «ئىز» ناملىق بۇ مەشھۇر شېئىرنىڭ ۋە ناخشا تېكىستىنىڭ ئاپتورىنىڭ كىملىكى توغرىسىدا ئېغىز ئاچتىم، دېگەندەك، بىردىنلا يەنە غۇلغۇلا باشلاندى.

ئۆتكۈر ئەپەندىم باشتا گەپ - سۆز قىلماي، تالاش - تارتىشنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

— تالاش - تارتىش قىلغۇدەك نېمىسى بار. بۇ ناخشا تېكىستىنىڭ ئاپتورى مەن. ئەسلى بۇ ئىز ناملىق رومانىمنىڭ مۇقەددىمىسى ئورنىدىكى بىر شېئىر ئىدى. قانداقتۇر سىرتقا چىقىپ كېتىپ ناخشىغا ئايلىنىپ خەلق ئارىسىغا تارقاپ كەتتى. ئەسلى مەن بۇ شېئىرنى يېڭىدىن يېزىپ نەشرگە بەرگەن «ئىز» ناملىق رومان بىلەن بىرگە تارقىسۇن، دەپ گېزىت - ژۇرناللارغا ئالدىن بەرمىگەن ھەم شېئىرنىڭ ئۆزۈمنىڭ ئىكەنلىكىنى ھازىرغىچە مەخپىي تۇتقان، ئەمدى بولمىدى. سىلەرگە ئاشكارىلىنىۋېتەي، — دېدى ۋە شېئىرنى تولۇق تېكىستى بىلەن دېكلاماتسىيە قىلىپ بەردى.

— «ئىز» رومانى كېلەر يىلى نەشردىن چىقىدۇ، مۇشۇ «ئىز» ناملىق شېئىرىم رومانىنىڭ بېشىغا بېرىلگەچكىلا، رومانىنىڭ نامىنىمۇ «ئىز» دەپ قويۇلدى، — دەپ ئىز رومانىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى سۆزلەپ بەردى ۋە ماڭا قاراپ، — ئابلىمىت ئەپەندى سىز بۈگۈن سورىمىغان بولسىڭىز، يولداشلار ئۇنىڭ ئاپتورى توغرىسىدا غۇلغۇلا قىلمىغان بولسا، مەنمۇ ئۆزۈمنى ئاشكارىلىمىغان، ئاپتورنىڭ كىملىكىدىن «ئىز» رومانى نەشردىن

چىققاندىلا بىلگەن بولاتتىڭلار، مانا ئەمدى سىر
ئاشكارىلاندى، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

## «ئەسسالامۇئەلەيكۇم!»

1984- يىلى 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى چۈشتىن
بۇرۇن قەشقەر شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر
بىرلەشمىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە، قەشقەر شە-
ھەرلىك پارتكوم يىغىن زالىدا بىر قېتىملىق نۇتۇق
سۆزلەش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلدى. «ئەتە ئۆتكۈر
ئەپەندى يېرىم كۈن نۇتۇق سۆزلەيدىكەن» دېگەن
سۆزلەر يىغىن ئەھلىگە پۇر كەتكەنىدى. ئەمما بىز
ئۆتكۈر ئەپەندىنىڭ قايسى تېمىدا نۇتۇق سۆزلەيدى-
غانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدۇق، سوراشقىمۇ جۈر-
ئەت قىلالمىدۇق.

ئىلگىرى مەن ھەربىي ئەمەلدارلار ۋە ھۆكۈ-
مەت ئەمەلدارلىرى نۇتۇق سۆزلىگەن نەچچە مىڭ
كىشىلىك يىغىنلارغا داخىل بولغان. ھەتتا بىزنىڭ
بىر قىسىم ئەدىبلىرىمىزنىڭ نۇتۇقلىرىغا داخىل
بولغان. ئۇلار نۇتۇقنى بىز باشقا مىللەتلەر تەرجى-
مە يولى بىلەن قوبۇل قىلغان «يولداشلار» دېگەن
سۆز بىلەن باشلىغان ھەم شۇنچە ياڭراق ئاۋاز بى-
لەن ۋارقىرىغان بولسىمۇ ھېچكىمنىڭ ھۆرمىتى
ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ باققىنىنى كۆرۈپ باقمى-
غان. بۈگۈنكى بۇ ئاجايىپ مەنزىرە مېنى قاتتىق
ھاياجانغا سالدى. مەن ئۈمىد - ئىشەنچكە ئىگە
بولدۇم. بىزنىڭ مىللىتىمىز ئىلىم ئەھلىنى قە-
دىرلەيدىكەن، ئۆزىنى ھۆرمەتلىگەن، ئىززەتلىگەن
كىشىنى ھۆرمەتلەشنى، ئىززەتلەشنى بىلىدىكەن.
ئۆتكۈر ئەپەندى «رەھمەت تۇغقانلار، رەھمەت قې-
رىنداشلار» دەپ يەنە ئىككى قېتىم ئېگىلىپ سالام
قىلغاندىن كېيىن «ئولتۇرۇشسىلا» دېدى.

ئۆتكۈر ئەپەندى «ئىسلام دىنىنىڭ ئۇيغۇر مە-
دەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى» دې-
گەن تېمىدا نۇتۇق سۆزلىدى. كىشىلەر جەلپ قىل-
غىنى شۇ بولدىكى، ئۆتكۈر ئەپەندى نۇتۇقىدا يېڭى - يېڭى
قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە بىرى، ئۈچ سا-
ئەتتىن ئارتۇق داۋام قىلغان بۇ نۇتۇقىدا ئۆتكۈر
ئەپەندىنىڭ قولىدا يازما ماتېرىيال يوق بولۇپ،
پەقەت بىرنەچچە پارچە كارتوچكىغا ئارىلاپ - ئارىلاپ
قاراپ قوياتتى، ئەمما سۆز تېمىسىدىن چەتنەپ
كەتمەيتتى.

بۇ نۇتۇقنى ئاڭلاشقا ئىختىيارى كەلگەنلەر ئى-
چىدە مەشھۇر ئۆلىما ئىمىر ھۈسەيىن قارىمۇ بار
ئىدى. ھەممىمىز ئەپەندىمىنىڭ كەڭ دائىرىلىك بى-
لىمى ۋە نۇتۇق تالانتىغا ئاپىرىن ئوقۇدۇق.

نۇتۇق توگىگەندىن كېيىن، ئارقا تەرىپىمدى-
كى بىر كىشى يېنىدىكىلەرگە: «ياھەزرەت، ئەگەر
بۈگۈن كۆرمىگەن، سۆزىنى ئاڭلىمىغان بولسام
ئۇيغۇرلار ئىچىدە مۇشۇنداق بىلىملىك ناتىق كى-
شىلەر بار دېسە ئىشەنمىگەن بولاتتىم، مانا بۈگۈن
قول قويدۇم. بىزدىمۇ مۇشۇنداق ئالىملار بار ئى-
كەن ئەمەسمۇ؟» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدىم.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن شائىر قۇربان ئى-
مىن يىغىندىن خۇلاسە چىقاردى. ئىختىيارى سۆ-
رەتكە چۈشتۇق.

يىغىن ئەھلى بىر - بىرى بىلەن خوشلىشىپ
قايتىشقا باشلىدى. مەنمۇ سومكامنى كۆتۈرۈپ
سەپداشلار بىلەن خوشلىشىپ قايتىش ئۈچۈن ياتاق-
تىن چىقىپلا ئۆتكۈر ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىپ
قالدىم.

— ھە، قورولچىبەگ، سىزمۇ قايتامسىز؟
كۆرمىگەن بولسام جىمجىتلا كېتىۋېرىدىكەنسىز -
دە، ياكى خوش دەپ قويامتىڭىز؟ — دېدى چاقچاق
قىلىپ.

— سىلىگە خوش دېمەي قانداق كېتەلەيمەن.
ھازىر يانلىرىغا كىرەي دەپ تۇراتتىم، — دېدىم.
ئەمەلىيەتتىمۇ خوشلىشىپ ماڭماقچى ئىدىم.

— قېنى ياتاققا كىرىڭ. قەشقەر تاماكىسىدىن
بىر تال چېكەي. مەندىكى ئاچچىق تاماكىدىنمۇ بىر
تال چېكىڭ. ئەستىلىك بولۇپ قالار. مانا غەنىمەت
كۈنلەرمۇ ئاخىرلاشتى، ئايرىلىدىغان بولدۇق، —
دېدى.

ئىككىمىز بىرلىكتە ئەپەندىنىڭ ياتىقىغا كى-
رىپ بىر ئورامدىن تاماكىنى ئالماشتۇرۇپ چې-
كىشتۇق. ئەپەندىم ماڭا قاراپ:

— ئىنىم، سىز تېپىپ ئېلان قىلدۇرغان
لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېئىرلىرى بىلەن ماقالى-
ڭىزنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈپ چىقتىم. بۇ بەكمۇ
خاسىيەتلىك ئىش بوپتۇ. مەن ئۆز نامىمدىن سىز-
گە رەھمەت ئېيتىمەن. شۇنداقلا يەنە ئىزدىنىپ
كۆرۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. تونۇگۈن قۇربان
ماڭا سىزنىڭ ھەربىي تېمىدا ۋە تارىخىي تېمىدا
يېزىلغان بىرنەچچە پارچە ئەسىرىڭىزنىڭ ئېلان قى-
لىنغانلىقىنى دېدى. مەن ئىلگىرى سىزنىڭ
«قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان
ھېكايىڭىزنى كۆرگەن، ياخشى يېزىلىپتىكەن، يەنە
تىرىشىڭ. بۇ يول ھەم مۇشكۈل، ھەم مۇقەددەس
يول. سىزگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن، خەير-
خوش! — دېدى.

بىز شۇنداق خوشلاشتۇق. بۇنىڭ مەڭگۈلۈك
خوشلىشىش بولۇپ قېلىشىنى كىم بىلسۇن!؟ بۇ-
نىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرى بۇ مەشھۇر ئالىم
بىلەن قەشقەر شەھىرىدە ئۆتكەن ئاشۇ بەش كۈن
مېنىڭ قەلبىمدە ئۆچمەس ئابىدە بولۇپ قالدى.
مەن بۇ كۈنلەرنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن.

# تارىخىي قىممەت ۋە بەدىئىي قىممەت

— يازغۇچى ئەختەم ئۆمەرگە خەت

ئابدۇللا مەتقۇربان

سالام سىزگە، ھۆرمەتلىك ئەختەم ئۆمەر ئەپەندى! مەن سىزنىڭ مىڭلىغان كىتابخانلىرىڭىزنىڭ بىرى. ئۇزۇندىن بېرى سىز بىلەن بىر قېتىم يۈزتۇرانە مۇڭدىشىش نىيىتىدە يۈرەتتىم، لېكىن پۇرسەت بولمىدى. شۇڭا، سۆھبەتنىڭ بۇ خىل يەككە - ئالاھىدە شەكلى ئارقىلىق بەزى قارىشىمنى سىز بىلەن، شۇنداقلا سىزنىڭ كەڭ كىتابخانلىرىڭىز بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن. ناۋادا مۇمكىن بولسا، سىزنىڭمۇ قاراشلىرىڭىزنى يەنە ئاڭلاشقا خۇشتارمەن.

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر پروزىچىلىقىنىڭ ھېكايە، پوۋېست تۈرىدە سىز ئىجادىيەتنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا مېڭىۋاتقان، بىر قىسىم سەرخىل ئەسەرلىرىڭىز ئارقىلىق خەلقىمىزنىڭ قەلب تۆرىدىن ئىزچىل ھالدا ھۆرمەتلىك ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتقان يازغۇچى. خەلقىمىز سىزدىن پەخىرلىنىدۇ، ئەسەرلىرىڭىزنى سۆيۈپ ئوقۇيدۇ، ئەدەبىيات تارىخىمىز بۈنىڭدىن ئىلگىرىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىڭىزنىمۇ خاتىرىلەيدۇ.

بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ھېكايە، پوۋېستچىلىقى 70 - يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن تا ھازىرغىچە بىرقانچە تەرەققىيات دەۋرىنى باشتىن كەچۈردى. ئۇيغۇر ھېكايە، پوۋېستچىلىقىنىڭ بۇنداق تەرەققىياتىنى مېنىڭچە ئايرىم شەخسلەرنىڭ، ئالايلۇق، زوردۇن سابىر، مۇھەممەت باغراش، ئەختەم ئۆمەر، خالىدە ئىسرائىل، مەمتىمىن ھوشۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت دەۋرى بىلەنمۇ ئاتاش مۇمكىن. زوردۇن سابىر ئۆز ئىجادىيىتىنى «قەرزدار» ، «دولان ياشلىرى» ھېكايىلىرى ئارقىلىق باشلىنىش قىلىپ، «ساداقەت» ، «ئارچا ياپرىقى» پوۋېستلىرىدا ۋايىغا يەتكۈزدى. مۇھەممەت باغراش بولسا «سەپداش» ، «گۈزەل ۋادا» بىلەن ئۆز ئىجادىيىتىنى باشلىنىش قىلىپ «ئاقساق بۇغا» ، «تۆت قولاق» قاتارلىقلاردا يۇقىرى دولقۇن ھاسىل قىلدى ۋە باشقىلار. ئەلۋەتتە ئۇيغۇر ھېكايە، پوۋېستچىلىقىنىڭ قىسقىغىنە بۇ يىگىرمە يىلدەك ۋاقتى ئەخەت تۇردى، قاھار جېلىل، مەمتىمىن ئابدۇۋەلى، توختى ئايۇپ، نۇرمۇھەممەت توختى، سۇلتان ھاشىم قاتارلىق سەركەردىلەرنىمۇ يېتىشتۈرۈپ چىقتى، بۇ سەركەردىلەرنىڭ يەنە نۇرغۇنلىغان قوشۇنى بولدى ۋە بۈگۈنكى كۈندە بۇ قوشۇن بارغانسېرى زورايدى. قىسقىسى، مۇشۇ يىگىرمە يىللىغا يەتمىگەن ئۇيغۇر ھېكايە، پوۋېستچىلىقىنىڭ مۇھىم بىر تەرەققىيات باسقۇچى سىزنىڭ نامىڭىز بىلەنمۇ باغلىنىدۇ. مەسىلەن ئالايلى، سىز «زېمىن، قارا ئادەملىرىڭگە» پوۋېستىڭىز ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ساھەسى ۋە ئەدەبىي ئوبزورچىلىق ساھەسىدە «ئىنسان خاراكتېرى قېلىپقا چۈشەمدۇ - يوق؟» دېگەن مەسىلىنى يادرو قىلغان بىر مەيدان بەس - مۇنازىرە كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئەدەبىياتىمىزدا بىر مەزگىللىك جانلىنىش پەيدا قىلدىڭىز. «قۇرتلاپ كەتكەن كۆل» پوۋېستىڭىزدا ناھايىتى يۇقىرى ئېستېتىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، ناتۇرال ئىگىلىك ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ مەنىۋى قاششاقلىق پەيدا قىلغان پاجىئەلىرىنى تراگېدىيە ئېڭى چوڭقۇرلۇقىدا تەسۋىرلەپ، پروزىدا تراگېدىك گۈزەللىك ھاسىل قىلىشنىڭ نەمۇنىسىنى ياراتتىڭىز. سىز 1993 - يىلى يېزىپ چىققان ئەدەبىي خاتىرە «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان ھامان جەمئىيەتتە قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى ۋە دەرھاللا «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىگە كۆچۈرۈپ بېسىلدى، ئارقىدىن قاپلىق ئۇنئالغۇ لېنتىسى قىلىپ تارقىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئايرىم كىتابچە قىلىپمۇ نەشر قىلىندى. بولۇپمۇ بۇ ئەدەبىي خاتىرىنىڭ ئۇنئالغۇ لېنتىسى ۋە ئايرىم كىتابچە شەكلىدە نەشر قىلىنىشى بۇ ئەسەرنىڭ تارقىتىلىش دائىرىسىنى چوڭ - كىچىك شەھەرلەردىن يېزا - قىشلاق ۋە يايلاقلارغىچە كېڭەيتتى. شۇنىڭغا ئاساسەن بۇ ئەدەبىي خاتىرىنى يېقىنقى يىگىرمە يىل ئىچىدە مىللىتىمىز ئارىسىدا ئەڭ

ئاپتور، مۇھەررىر، كىتابخان

كەلگ تارقالغان ئەدەبىيات تۈسى ئالغان يەككە ئە-
سەر دېسەك مۇبالىغە بولماس. بۇ ئەسەرنىڭ بۇد-
چىلىك كەلگ تارقىلىشى، بىر تەرەپتىن خەلقى-
مىزنىڭ سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى قانچىلىك ياق-
تۇرۇپ ئوقۇيدىغانلىقىنى، سىزنىڭ خەلقىمىز
قەلبىدىكى ھۆرمىتىڭىزنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇ-
قىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، خەلقىمىز-
نىڭ ئايرىم كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىكىدەك گۇنچە-
لىك قاششاق ئەمەسلىكىنى، گويغىنىشقا، گۈزىنى
چۈشىنىشكە ۋە دۇنيانى تىڭشاشقا باشلىغانلىقىنى-
مۇ چۈشەندۈرىدۇ. ھەر نېمە دېگەنبىلەن خەلقى-
مىز يەنىلا سۆيۈملۈك، پاراسەتلىك، گۈنىڭ كۆ-
زى، ئەقىل ئىقتىدارى ياخشى نەرسىلەرنى، ياخ-
شى ئەسەرلەرنى ھامان پەرقلەندۈرەلەيدۇ...

لېكىن «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام» ناملىق
ئەدەبىي خاتىرىدىن كېيىن، سىزنىڭ ئىجادىيىتى-
ڭىزدە بىر بۇرۇلۇش بولغاندەك قىلامدۇ - قان-
داق؟ مەسىلەن، شۇ ئەدەبىي خاتىرىدىن كېيىن،
سىزدىكى بەدىئىي تەپەككۇر ئىزچىللىقى ئەقلىي
تەپەككۇرغا ئورۇن بوشاتتىمۇ - نېمە؟ تېخىمۇ
ئېنىقراق ئېيتقاندا، يېقىنقى ئىككى يىلدا سىز
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» نى بازا قىلىپ، مىللىتى-
مىز پسىخىكىسىدىكى ئادەت كېسەللىكلىرىنى قې-
زىپ چىقىشقا كۆپلەپ كۈچ سەرپ قىلىپ «قۇرت-
لاپ كەتكەن كۆل» گە ئوخشاش پروزا ئەسەرلەرنى
كۆپلەپ يېزىشقا تازا ۋاقىت چىقىرالمىغاندەك تۇ-
رىسىز، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ
«ئەينەك» سەھىپىسىدە يېقىنقى ئىككى يىلدىن
بۇيان ئۈزۈلمەي دېگۈدەك ئېلان قىلىنىۋاتقان
«ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى» تېمىسى ئاستىدى-
كى چوڭ ھەجىملىك ماقالىڭىزنى سىزنىڭ مىل-
لىتىمىزنىڭ مەنىۋى قۇرۇلۇشى ھەققىدە ئەقلىي
تەپەككۇر شەكلىدە ئىزدىنىشىڭىز دەپ چۈشەنسەك
بولامدۇ؟

سىز «يىراق قىرلاردىن ئانا يەرگە سالام»
ناملىق ئەدەبىي خاتىرىڭىزدە مىللىتىمىزدە ئادەت
پسىخىكىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن بەزى ناچار ھادى-
سىلەرنى تەنقىدىي ۋە سىلىشتۇرۇش يۈزىسىدىن
كۆرسىتىپ بەكمۇ جايىدا ئىش قىلغانىدىڭىز،
شۇنىڭدىن كېيىنلا بىزدە مىللەت ئوپېراتسىيىسى
باشلىنىپ كەتتى. بۇنداق مىللەت ئوپېراتسىيى-
سىدە مىللىتىمىزگە نىسبەتەن ھەقىقىي تارىخىي
مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە جاۋابكارلىق تۇيغۇسى بىلەن
كىشىلەردە مىللەتكە قارىتا ئۆچمەنلىك قىلىۋاتقان-
دەك تەسىرات پەيدا قىلىدىغان تۇيغۇ ئارىلىشىپ
كەتتى. مەسىلەن، مەلۇم بىر ژۇرنالدا ئېلان
قىلىنغان شۇ تېمىدىكى بىر ماقالىدە تارىختا ۋە

ھازىرقى ۋاقىتتا مىللىتىمىز ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت
بولمىغان بەزى ئەيىب ۋە نۇقسانلار ئىللەت سۈپە-
تىدە مىللىتىمىزگە ئارتىلدى. بۇنىڭدىكى مەس-
ئۇلىيەتنى ھەرگىزمۇ سىزدىن كۆرگىلى بولماي-
دۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما مىللەت ئوپېراتسىيىسى بە-
لەن شۇغۇللىنىۋاتقان بەزى كىشىلەرنىڭ نەزەرى-
دە، مىللىتىمىز ھازىر ئېغىر يېتىپ ھالەتتە.
قانۇن ئىجرا قىلىش ئورۇنلىرى بىرەر جىنايەتچى-
نى جازالىماقچى بولسا، ناۋادا ئۇ جىنايەتچى ئې-
غىر يېتىپ بولسا، قانۇن ئورۇنلىرى ئالدى بىلەن
ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتىپ ئاندىن جازانى
ئىجرا قىلىدۇ. خوش، مىللىتىمىزنى يېتىپ دې-
گۈچىلەر ئۇنىڭغا بىرەر قۇر دىئاگنوزمۇ قويۇش-
تى، مېنىڭچە ئۇلار ئەمدى تېگىشلىك رېتسېپىنى-
مۇ يېزىشى كېرەك. بۇ ھەقتە گەرچە سىزنىڭ
دىئاگنوزىڭىز تېخى ئاخىرلاشمىغان بولسىمۇ،
ئەمما سىزنىڭمۇ ئەڭ ئۈنۈملۈك رېتسېپىڭىزنىڭ
بارلىقىغا ئىشىنىمەن كامىل. مەن مىللەت ئوپېرات-
سىيىسىنى ئەمدى توختىتايلى دېمەكچى ئەمەس،
چۈنكى مىللىتىمىز پسىخىكىسىدىكى نۇرغۇن نەر-
سىلەر يەنىلا تەنقىدكە موھتاج. لېكىن سىز خەل-
قىمىز قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان يازغۇ-
چى، ئىقتىدارىڭىز، ھەتتا خەلقىمىز ئېتىراپ
قىلغان بەدىئىي تالانتىڭىز بار. خەلقىمىز قەلبى-
دىكى ھۆرمەتكىمۇ سىز ئاشۇ ئورغۇپ تۇرغان
تالانتىڭىز ئارقىلىق ئېرىشتىڭىز. بۇ جەھەتتىن
مەن سىزگە ھەۋەس قىلىمەن، شۇنداق ئىكەن،
مېنىڭچە سىز «ئۆزىمىزنى ئېتىراپ قىلايلى» تې-
مىسى ئاستىدا ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى
ئەقلىي تەپەككۇر شەكلى ئارقىلىق قىپيالىڭاچ ھا-
لەتتە ئەمەس، بەدىئىي تەپەككۇر شەكلى ۋە ئوبراز
ۋاستىسى بىلەن ئوتتۇرىغا قويغىنىڭىزدا ئىدى،
ئۇنىڭ قىممىتى يەنىمۇ ئاشاتتى. ئەگەر «ئۆزى-
مىزنى ئېتىراپ قىلايلى» تېمىسىدىكى ئەسىرى-
ڭىز بەلگىلىك تارىخىي قىممەت يارىتىدۇ دېسەك
(مېنىڭچە ئۆز رېئاللىقىمىزدىن ئالغاندا ئۇ ماقا-
لىڭىز چوقۇم مۇئەييەن تارىخىي قىممەتكە ئىگە
بولىدۇ)، ئۇنىڭدىكى مول پىكىرلەر سىزدەك
يازغۇچىغا خاس بەدىئىي يول ۋە ئوبراز ئارقىلىق
بىر تەرەپ قىلىنسا، ئۇنىڭ تارىخىي قىممىتىگە
يەنە بەدىئىي قىممەت قوشۇلۇپ، ئەسىرىڭىزنىڭ
ھاياتىي كۈچى قەۋەتلەپ ئاشىدۇ، تەسىرچانلىقى
كۈچىيىدۇ، ئۆمرىمۇ ئۇزىرايدۇ. سىز شۇنداق
قىلىشقا قادىرسىز، سىز چوقۇم شۇنداق قىلالاي-
سىز.

سىزگە سالامەتلىك، ئىجادىيىتىڭىزگە تېخى-
مۇ كۆپ مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن.

# قاناتلىق يىلان

(شۇ ناملىق روماندىن پارچە)①

د. ھ. لاۋرېنس [ئەنگلىيە]

ئەركىن نۇر تەرجىمىسى

داقا - دۇمباق سادالىرى توختىدى، ئەتراپ تىمتاس، بەكمۇ تىمتاس ئىدى. كالىياسكىنىڭ ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى. ئۇ، ئاسمانغا قاراپ سۆزلەيتتى:

— ئەي ئىلاھىي قۇش، سېنىڭ قاناتلىرىڭ قارا، بۈگۈن ئاخشام سەن تولىمۇ پەس ئۇچتۇڭ. سەن ئۇچۇپ مېكسىكىغا كەلگىنىڭدە بىز قاناتلىرىڭنىڭ يەلپۈشلىرىنى سېزىپ تۇردۇق.

— ئەي، ئىلاھىي قۇش! سەن ئۇچقانچە ئۇچقۇڭ، يۇلتۇزلارنى پەستە قالدۇرۇپ قۇياشقا قونغۇڭ كېلىدۇ. سەن غايىبانە پەرۋاز قىلىپ سامان يولىنىڭ ئۇ تەرىپىگىچە ئۇچۇپ بارسەن، سەن شىمالىي قۇتۇپ سۇ قۇشلىرىدەك بۇ يەرگە مۇزلۇق سۇ ۋە قەھرىتان سوغۇقنى ئىزدەپ كېلىسەن.

— سەن قۇياشنىڭ يۈرىكىدە ئولتۇرۇپ تۇمشۇقىڭ بىلەن قانات - پەيلىرىڭنى ئوڭشايسەن، سۇدا ئۈزگەن بۇلۇتتەك سامان يولىنى سەپەر ئېتىسەن؛ سەن خۇددى مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغاندەك ئاسماننىڭ ئەڭ چوڭقۇرىغا قاراپ ئۇچىسەن.

— سەن يەنە قايتىپ كېلىپ مېكسىكا ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلماقتىسەن، بىز قاناتلىرىڭنىڭ قېقىلىشىدىن ھاسىل بولغان شامالنى سېزىپ تۇرۇپتىمىز...

ئۇ داۋاملىق سۆزلەۋاتاتتى، شامال تېخىمۇ ئۇلغايدى. بىر پەس چىققان قاتتىق شامالدىن ئىشىك - دېرىزىلەر جاراڭلاپ يېپىلىپ، ئەينەكلەر تاراڭلىدى؛ دەل - دەرەخلەر يىغلاۋاتقاندەك ھۇشقىرتتى.

— كەل، بۇزرۇكۋار ئىلاھىي قۇش! — كالىياسكى ئەسەبىي ھالدا تۇۋلىدى، — كەل، ئەي ئىلاھىي قۇش! قولۇمنىڭ بېغىشىغا قون، مېنىڭ باش ئۈستۈمدە ئۇچ، ماڭا پاراسەت ۋە كۈچ قۇدرىتىنى ئاتا قىل. ئىلاھىي قۇش! كائىنات قۇشى! سەن بوران - چاپقۇنغا مىنگىشىپ كېلىسەن، كۈمۈشتەك ئاق ئۇتلۇق يىلاننى ئېغىزىڭدا چىشلىگىنىڭچە كۆتۈرۈپ كېلىسەن، مېنىڭ بېغىشىمغا قون، بوران - چاپقۇننىڭ قۇدرىتىنى ئېلىپ؛ مېنىڭ بېشىم ئۈستىدە پەرۋاز قىل، قۇياشنى توسقان بۇلۇتتەك؛ ئىللىق باغرىڭنى قوشۇمامغا يېقىپ سىيپىلا، قۇياشنىڭ نامى بىلەن ماڭا بەخت - سائادەت تىلە. ئىلاھىي قۇش! ئالەمنىڭ ئۇ تەرىپىنى سەير ئەتكەن ئىلاھىي قۇش! بوران - چاپقۇننىڭ قۇدرىتىگە ئىگە ئىلاھىي قۇش! چاقماقنىڭ ئۇزۇن يىلىنىنى ئېغىزىڭدا ئېلىپ يۈرگەن ئىلاھىي قۇش! بىپايان ئاسمان بىلەن ئاپئاق بۇلۇتلارنى قانىتىڭ ئاستىغا ئالغان ئىلاھىي قۇش! باغرىدىكى ئوت - يالقۇن قۇياشنىمۇ ئۆرتەيدىغان ئىلاھىي قۇش! ئەقىل - پاراسەت-

① بېشى ئالدىنقى ساندا

كە تولغان ئىلاھىي قۇش! ئۇچۇپ كەلگىن! ئۇچۇپ كەل!

شىددەتلىك بوران يالقۇننى يىرتىپ تاشلىدى، كۆل سۈيى ئاسماننىڭ يىراق بوشلۇقىدا سادا ياڭراتسا، چاقماق ئېگىز ئاسماندا ھەيۋە قىلاتتى.

كالىياسكى بوشلۇقتا سوزۇپ تۇرغان قولىنى يىغدى، داقا - دۇمباق ساداسى يەنە كۆتۈرۈلدى؛ ئۇ دېدىكى:

— ئىلاھىي قۇشنىڭ سەپەر يامغۇرى يېغىشتىن ئاۋۋال ئولتۇرۇڭلار، بىرئاز ئولتۇرۇپ تۇرساڭلار يامغۇر ھېلىلا يېتىپ كېلىدۇ.

كىچىككىنە پاتپاراقچىلىقتا ئەگىشىپ ئەرلەر كىگىز تونلىرىنى يېپىنىشسا، ئاياللار روماللىرىنى چىڭ چېگىشتى - دە، ھەممىسى ئورنىدا ئولتۇرۇشتى. كېتى بىلەن كاروتا ئادەملەر توپىنىڭ سىرتىدا يەنىلا ئۆرە تۇرۇشاتتى. بوران يالقۇننى چايقايتتى، ئەرلەر يەردىكى چىغ قالپاقلىرىنى ئېلىپ كىيىۋېلىشتى.

— زېمىننىڭ جېنى بار، ئاسماننىڭمۇ جېنى بار،— دېدى كالىياسكى،— بىز ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدا ياشايمىز. بىزنىڭ قۇدرىتىمىز زېمىن ۋە ئاسماندىن كېلىدۇ.

— چولپان ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىلىقىدا چاقناپ تۇرغاندەك، ئادەمنىڭ كۆكرىكى بىلەن قورسىقى ئارىسىدىمۇ بىر يۇلتۇز بولىدۇ.

— ئۇ دەل ئەرلىك تەبىئىتى ياكى ئاياللىق تەبىئىتىدۇر.

— سىلەر تىرىك بولساڭلارمۇ ياكى ئۆلسەڭلارمۇ ئۆز تېنىڭلاردىكى ئەرلىك يۇلتۇزىنىڭ بالقىشىنى سېزەلمەيسىلەر؛ سىلەر ئاياللارمۇ بىر جۈپ كۆكسۈڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاياللىق يۇلتۇزىنىڭ چاراقلاپ يېنىشلىرىنى بايقىيالمايسىلەر.

— مەن ئۇمىدۋار كىشىلەرگە ئېيتىمەنكى، ئەرلىك يۇلتۇزى تېنىڭلارنىڭ چوڭقۇرىدىن كۆتۈرۈلىدۇ، سىلەر قەيسەرلىشىپ چولپاندەك تولۇق كامال تاپىسىلەر.

— قىزىلىق يۇلتۇزى كۆتۈرۈلىدۇ، گۆگۈم ئاسمىنىدا كۆتۈرۈلىدۇ.

— بىراق قانداق قىلغاندا كۆتۈرۈلىدۇ؟ بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ بىز ئۆز يۇلتۇزىمىزنى قانداق قىلغاندا روياپقا چىقىرالايمىز؟

— ئەرلەر قانداق قىلىپ چولپاننىڭ ئەرلىكىگە ئايلىنالايدۇ؟ ئاياللار قانداق قىلغاندا زۆھرە قىزىغا ئايلىنالايدۇ؟

— قەددىڭلارنى پۈكۈپ قولۇڭلار بىلەن زېمىننىڭ يىلىنىنى سىلاڭلار.

— قولۇڭلارنى سۇنۇپ ئىلاھىي قۇشنى قوندۇرۇڭلار.

— ئۇلار ئاتا قىلغان جەسۇرانە قۇدرەتنى قوبۇل قىلىڭلار — ئۇ، چاقماقنىڭ جەسۇر قۇدرىتى، تاغنى تالقان قىلىدىغان جەسۇر قۇدرەت.

— ئۇلار ئاتا قىلغان پاراسەتنى قوبۇل قىلىڭلار — ئۇ، يىلاننىڭ پاراسىتى، لاچىننىڭ قۇدرىتى.

— ئۇلار ئاتا قىلغان تىنچلىق — قاناتلىق يىلاننىڭ تىنچلىقى، قۇياشنىڭ تىنچلىقىنى قوبۇل قىلىڭلار.

— ئۇلار ئاتا قىلغان كۈچ - قۇدرەت — زېمىننىڭ قۇدرىتى، ئاسماننىڭ قۇدرىتىنى قوبۇل قىلىڭلار.

— شۇندىلا سىلەر ھەقىقىي ئەركەك بولالايسىلەر! قوشۇماڭلار ئارا ئەبەدىلئەبەد چولپان چاقناپ تۇرىدۇ.

— سىلەر ئاياللارمۇ ھەقىقىي ئايالغا ئايلىنالايسىلەر! سىلەرنىڭ بىر جۈپ كۆكسۈڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زۆھرە يۇلتۇزى مەڭگۈ پارلاپ تۇرىدۇ.

— سىلەرنىڭ ئاخىرقى ماكانىڭلار چولپاندۇر؛ كۆك سىلەرنى جەلپ قىلالمايدۇ، زېمىن سىلەرنى تۇتۇپ قالالمايدۇ، سىلەر ئاخىر يەر - زېمىننىڭ، جاھاننىڭ ئۇ تەرىپىگە بارىسىلەر، چولپانغا بارىسىلەر، مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىسىمۇ مەڭگۈ غېرىبسىنمايدىغان چولپانغا بارىسىلەر.

— چولپان سىلەرگە ئەلچى — مېكسىكىنىڭ ئۆلگەن ئىلاھىنى ئەۋەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېغىر ئۇيقۇسىدا ياتماقتا، تىرىلىش سۈيى ئۇنىڭ جىسمىنى يۇماقتا؛ ئەمدى ئۇ يەنە قايتىدىن ئويغىنىدۇ، ئۆزىنىڭ قەبرىسىنى ئېچىپ چىقىپ قەددىنى رۇسلايدۇ. مانا، ئۇ يىراقتىن بىزگە قاراپ كېلىۋاتىدۇ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە غايەت زور تاش غايىب بولىدۇ؛ ئۇنىڭ قەبرە تېشىمۇ زېمىنغا قاراپ دومىلايدۇ ۋە بېرىپ دەپنە قىلىنغان باشقا كىشىلەرنى يانجىپ تاشلايدۇ.

— چولپان ئوغلانى ئادەمزات ئارىسىغا قايتىپ كەلدى، ئۇنىڭ قەدەملىرى بوراندەك تېز.

— ئەي خەلقىم، ئۇنى كۈتۈۋېلىشقا ھازىرلىنىڭلار! سىلەر تېنىڭلارنى يۇيۇپ پاكلاپ ماي سۈرتۈشڭلار، قىلچىلىك چاڭ - تۇزاننى، ھەرقانداق رەزىللىكلەرنى يېقىن يولاتماسلىقىڭلار ۋا-

جىپتۇر.

— تۇنۇگۈننىڭ كۆزى بىلەن قارىماڭلار، تۇنۇگۈننىڭ سېزىمى بىلەن سەزمەڭلار، تۇنۇگۈننىڭ لەۋلىرى بىلەن سۆيمەڭلار، تۇنۇگۈننىڭ قەدەملىرى بىلەن ماڭماڭلار، تۇنۇگۈننىڭ قوللىرى بىلەن تۇتماڭلار، تۇنۇگۈننىڭ ھەممە نەرسىسىنى ئۇنتۇپ پۈتۈنلەي يېپيېڭى تەننى كۈتۈۋېلىڭلار.

— تۇنۇگۈننىڭ جىسمى ئۆلگەن، گۆشىنى چىرىتكۈچى قۇش ئۇنىڭ باش ئۈستىدە ئەگىپ يۈرۈپتۇ.

— شۇڭا، تۇنۇگۈننىڭ جىسمىنى تاشلىۋېتىپ تامامەن يېڭى بىر تەنگە ئالماشتۇرۇڭلار؛ سىلەرنىڭ يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان ئىلاھىڭلار شۇنداق تەكرارلايدۇ: كىسكايىدو ئۆلۈمنىڭ قارا كۆلەڭگىسىدىن چىقىپ نۇر چېچىپ تۇرىدىغان يېڭى تەنگە كىرىپ كەلدى.

— زېمىن شۇنداق دەيدۇ: سىلەر مېنىڭ دۈمبەمدە ئولتۇرغان شۇ پەيتتە سىلەرنىڭ تېنىڭلار مېنىڭ تېنىم بىلەن ئۇچرىشىدۇ، سىلەر مېنىڭ نامىمنى «يەر»، «زېمىن» دەپ ئاتايسىلەر. خۇددى مەندەكلا سىلەرنىڭمۇ روھىڭلار بار؛ مەن سىلەرنىڭ جىسمىڭلارنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك سىلەرمۇ مېنىڭ جىسمىم ئۈستىدە قەلبىمدىكى مۇھەببەتلىك ئۆپۈشلەردىن لەززەت ئېلىپ ئولتۇرىسىلەر.

— زېمىن ئايىغىمىز ئاستىدا تىترەۋاتىدۇ، ئاسمان قاناتلار ئارا ئېگىز پەرۋاز قىلىۋاتىدۇ. ئەي خەلقىم، ئەمدى ئۆيۈڭلارغا قايتىڭلار، شىددەتلىك يامغۇر، تۇنۇگۈننىڭ چاڭ - توزانلىرىنى پاكلاپ سىلەرگە يېڭى تەن ئاتا قىلىدىغان شىددەتلىك يامغۇر ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ.

— ئەي، چولپاننىڭ ئوغۇل - قىزلىرى قايتىپ چولپاننىڭ پەرزەنتلىرىگە ئايلىنىشىڭلار ئۈچۈن تىلاۋەت قىلىڭلار.

— سىلەر تېخىچە ئىر ياكى ئايال ئەمەس...

* *

— كاروتا، سەنمۇ مېنى بەك پاراكەندە قىلىۋاتىسەن.

— قانداقسىگە؟ سىزنى خاتالاشتى دەپ قارايدىغىنىم ئۆزىڭىزگىمۇ ئايان. تۇنۇگۈن ئاخشام مەن سىزنىڭ نۇتقىڭىزنى ئاڭلىدىم. نۇتقىڭىز چىرايلىق بولسىمۇ بەك قورقۇنچلۇق، بەكلا قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇ چاغدا مەن: بۇ ئادەم نېمە قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ ئادەملەرنىڭ تەڭرىسى ھېسابلانغان بۇ ئادەم مەملىكىتىمىز ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى قانداقسىگە قۇتقۇزۇپ قالالايدىغاندۇ... دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

— ئۇنداقتا، — دېدى ئۇ، — بۇ ئادەم قانداق قىلىشى كېرەك؟

— سىز بىلىسىز، بۇنى ئۆزىڭىز ئوبدان بىلىسىز. مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. مېكسىكىنى سىزنىڭ قۇتقۇزۇشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، كالىياسكى. ھەزرىتى ئەيسا ئاللىقاچان ئۇنى قۇتقۇزۇپ بولغان.

— مەن بۇنداق قارىمايمەن.

— ئۇ قۇتقۇزغان! قۇتۇلدۇرۇپ بولغان! ئۇ سىزنى ھازىرقى مۇشۇنداق ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشتۈرگەن، سىز ئۇنىڭ ۋە سۆيگۈنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ ئۆز ئىشلىرىڭىزنى قىلىشىڭىز زۆرۈر؛ ھەرگىزمۇ ئۇنداق...

— ئۇنداق قىلما، مۇنداق قىلما دېگىنىڭ نېمىسى، كاروتا؟ مەن ئۆزۈم قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنىلا قىلدىم. ماڭا ئىشەن، خىرىستوس مېكسىكىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشقا قادىر ئەمەس، ئۇ ئۇنى قۇتقۇزغىنى يوق. بەلكى مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ئاللىقانداق سىياسەت، ئاللىقانداق خالىس ئىشلار، ئاللىقانداق ئىنقىلاب دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى مېكسىكىنىڭ ھالاكىتىنى تېزلەشتۈرىدۇ. مانا بۇ، مېنىڭ قۇتۇلدۇرۇش — نىجادلىق يولۇمدا مېڭىش قارارىغا كېلىشىمنىڭ سەۋەبى.

* *

— ئويلاپ باق. مەن ھەمىشە سېنىڭ غېمىڭنى يەيمەن كاراتا، سېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇكەممەللىككە يېتىپ بارغۇدەك قۇربىڭ يوق، تېخى يېتەلمىگەن بىركامال ئاياللىق بىلەن ئۆتمۈشتىكى ئاياللىق تامامەن بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

— ئاياللىق ئەبەدىل بىر خىل بولىدۇ.

— يوقسۇ، ئۇنداق ئەمەس! ئەرلىكمۇ مەڭگۈ ئوخشاش بولمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا، سىز ئۆز ئىشىڭىزنى قانداقمۇ ئادا قىلالايسىز؟ بىمەنە كىسكايىدونىڭ يەنە نېمە ئەھمىيىتى؟

— بۇ كىشىلەرگە كەلسەك، كىسكايىدو پەقەت ئاددىيلا بىر سۆزدىن باشقا نەرسە ئەمەس. مېنىڭ قىلماقچى بولغىنىم، ئۇلار يېتىپ بارىدىغان ئەرلىك ۋە ئاياللىق ئىشىكىنى ئىزدەپ تېپىشقا ياردەملىشىش. ئۇلار ھازىر تېخى مۇكەممەل ئەر ياكى ئاياللار ئەمەس. ئۇلار ھېسابلانغان ئۇ ئەرلەر ۋە ئاياللار مۇكەممەللىكتىن كۆپ يە-

www.uyghurkitap.com

راق. ئىنسانلارنىڭ خاراكتېرى چاك - چېكىدىن ھۆسۈلۈپ كەتكەن، ئۇلار قورقۇنچلۇق، بىچارە ھەم سۆيۈملۈك تەرەپلىرى ئۆزئارا بىرىكىپ كەتكەن شالغۇت ھايۋان؛ سەنمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس، كاروتا. مەن ئىنسانىيەتنى، ئەڭ ئاۋۋال مېكسىكىلىقلارنى كۆزدە تۇتۇۋاتىمەن. شۇڭا، مەن قانداق قىلغاندا بەركامال ئەرلىككە يەتكىلى بولىدىغانلىقى خۇسۇسىدا ئىزلەنگەندە ئېرىشكەن ئۆز تەجرىبەمنى ئۇلارغا زاھىر قىلىپ بېرىمەن.

— سىز مەغلۇپ بولىسىز.

— مۇمكىن ئەمەس. مەيلى قانداقلا بولسا بولسۇن، يېڭى كۆتۈرۈلگەن دولقۇن، يېڭى چاقىرىق كىشىلەرنىڭ قەلبىدە يېڭى ئەكس سادا پەيدا قىلماي قالمايدۇ.

* *

— مەن ئۆزگە قارا كىسكايىدو، بۇرۇن مېكسىكىدا ياشىغانمەن.

— مېكسىكىدىكى كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە، يېگانە بىرسى يىراق ئەلدىن بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ تېرىسى ئاپئاق بولۇپ، يوچۇن تىلدا سۆزلەيتتى. ئۇ، تېشىۋېتىلگەن پۇت ۋە قوللىرىنى ماڭا كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدىلەركى: «مېنىڭ ئىسمىم ئەيسا، كىشىلەر مېنى خىرىستوس دېيىشىدۇ. مەن كىرىستقا مىخلاپ ئۆلتۈرۈلدۈم. كېيىن يەنە تىرىلىپ بېھىشتىكى ئاتامنىڭ يېنىغا قايتىپ باردىم. ئەمدىلىكتە بولسا، ئاتام مېنى مېكسىكىغا ئەۋەتتى».

— كىسكايىدو سوراپتۇلەركى: «ئۆزۈڭ يالغۇز؟»

— ئەيسا جاۋابەن دەپتۇكى: «ئاناممۇ مۇشۇ يەردە. ئۇ مېنىڭ كىرىستقا مىخلانغىنىمنى كۆرۈپ قار - يامغۇر يىغلىغانىدى، ئەمدى ئۇ مېنى ھىمات قىلغىلى، مېكسىكىلىقلارغا تەسەللى بەرگىلى كەلدى؛ ئۇلار نادامەت چەككەندە ئۇ، ئۇلارنى ئىللىق باغرىغا باسىدۇ، ئۇلارنى ئۆز بالىسىدەك پەپىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە، ئۇ ياردەمگە چاقىرسىلا ئاتام ھەممىنى ئوڭشايدۇ.

— كىسكايىدو دەپتۇلەركى: يارايسەن، ئەيسا قېرىندىشىم، سەن بۇ يەردە نېمە قىلماقچى؟

— ئەيسا ئېيتىپتۇلەركى: مېكسىكىغا تىنچلىق ئېلىپ كەلمەكچىمەن، ئۈچىسى يالىڭاچ قالغانلارغا كىيىم - كېچەك، ئاچ - زېرىنلارغا ئوزۇق - تۈلۈك ئاتا قىلىپ، تۇرمۇش مەئىشەتلىرىنى كىشىلەرنىڭ قولىغا تولۇقى بىلەن تۇتقۇزىمەن، ئۇلارنىڭ قەلب دالاسىغا ئالىيجانابلىق ۋە سۆيگۈ - مۇھەببەت ئۇرۇقلىرىنى چاچىمەن.

— كىسكايىدو دەپتۇلەركى: يارايسەن. مەن قېرىپ قالدىم، ھېچنېمە قىلالمايمەن. مەن كېتىشىم كېرەك، خەير، مېنىڭ مېكسىكىلىقلىرىم؛ خەير، قېرىندىشىم ئەيسا؛ خەير، بۈۋى مەريەم ئانا. مەن كەتتىم.

— ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ ئۆز قەۋمىگە قاراپ قويۇپتۇ، ئەيسا ۋە مەريەم ئانىنى قۇچاقلاپتۇ. ئاندىن ئاستا - ئاستا بۇ يەردىن يىراقلاپتۇ. ئۆز مۇخلىسى ۋە ئۆز قەۋمىنىڭ يىغا - زارى قۇلاق تۈۋىدە ياڭراپ تۇرسىمۇ، ئۇ قەدەملىرىنى توختاتماي يەنىلا ئاستا - ئاستا مېڭىۋېرىپتۇ. ئۇ قېرىپ ھالىدىن كەتكەنىكەن. ئۇ يانباغىرلارغا يامىشىپ، ئاپئاق بۇلۇتلار ئوراپ تۇرغان يالقۇنتاغلاردىن ئېشىپتۇ. ئارقىدا يۈرەكنى ئەزگۈدەك يىغا - زارە ۋە بىپايان ئوت دېڭىزى تاشلىنىپ قاپتۇ. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دەپتۇ: مېنىڭ مېكسىكىلىقلىرىم راستتىنلا يىغلىشىۋاتىدۇ. ھالبۇكى، مەن ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلالمايمەن. ئەيسا يېتىپ كەلدى. ئۇ، بۇ كىشىلەرنىڭ كۆز يېشىنى يوق قىلىدۇ، بۈۋى مەريەممۇ ئۇلارغا شادلىق ئاتا قىلىدۇ.

— ئۇ يەنە شۇنداق دەپتۇكى: مېكسىكا كۆيمەكتە. ئەمما مەن ئۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىگە قارىماسلىقىم كېرەك؛ ئىنسانلارنىڭ قېرىندىشى ئەيسا يېتىپ كەلدى. مەريەم ئانا خاتىرجەملىك، سۆيگۈ - مۇھەببەت ۋە تىنچ - ئاسايىشلىق ئېلىپ كېلىدۇ.

— ئاندىن بۇ ياشىنىپ قالغان ئىلاھ بۈيۈك چوققىغا يامىشىپ، كۆككە نەزەر تاشلاپتۇ؛ نىگاھى جەننەت ئىشىكىدىن ئېشىپ ئۆتۈپ ئىچىدىكى زۇلمەت، قۇتۇپ يۇلتۇزى ۋە قەمەر ھەمدە زۇلمەت يىراقلىقىدىكى چوڭ دەرۋازىدەك غايەت زور قۇتۇپ يۇلتۇزىنى كۆرۈپتۇ.

— كىسكايىدونىڭ پۈتكۈل جىسمى لاۋۇلداپ كۆيۈپتۇ، ئۇ ئوت - يالقۇندىن بولغان قانات - قۇيرۇقلىرىنى چىقىرىپتۇ - دە، كۆك قەرىدە ئۇچقانچە جەننەت ئىشىكىدىن كىرىپ زۇلمەت قوينىغا سىڭىپ كېتىپتۇ.

— كېچە بولغاندا كىسكايىدو كېتىدىكەن؛ بۇ چاغدا كىشىلەر بىر نۇرلۇق يۇلتۇزنىڭ جەننەتكە قايتقىنىنى كۆرىدىكەن.

— شۇنداق قىلىپ مېكسىكىلىقلار: كىسكايىدو كەتتى، بىز ئەمدى يەنە ھەزرىتى ئەيساغا، بۇ يات ئەل ئىلاھىغا بەيئەت قىلمىساق بولمىغۇ-

www.uyghurkitap.com

دەك، دېيىشىدىغان بوپتۇ.

* *

— مەن كىسكايىدو، مۇشكۇل سەپەرلەرنى باسقان.

— دۇنيانىڭ يۈرىكى بولغان زۇلمەت قوينىغا كىرىپ، قاراڭغۇلۇقتا يوشۇرۇنغان كىشىلەر مېنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈشىدۇ. ئۇلار: بۇ كىسكايىدو، ئۇ قېرىپتۇ، ئۇ تىكەندەك ئۆزى يالغۇز قايتىپ كەپتۇ، دېيىشىدۇ.

— ئۇلار مەن بىلەن قول ئېلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ كۈچلۈك قۇچاقلاشلىرى بىلەن مەن جان ئۈزىمەن.

— مەن ئۆلۈپ بىر دۆۋە سۆڭەككە ئايلىنىپ قالسامۇ، ئۇلار مېنى تاشلىۋېتىشمەيدۇ.

— ئۇ ئۆلگەن بولسىمۇ روھى ئۆلمىدى، دېيىشىدۇ ئۇلار مېنى.

— ئۇلار جىسمىمدىكى ھەر بىر ئەزاغا زۇلمەتتە چېكىلەنگەن ماينى سۈرتۈشىدۇ، مېنى شامال كىرگۈسىز دەرىجىدە ھىم ئېتىپ، دۇنيانىڭ يۈرىكىدىكى چەشمىگە قويۇشىدۇ؛ شۇنداق قىلىپ مەن قۇياش نۇرىنىڭ باشقا بىر يېقىدا يېتىپ ھەممىنى ئۇنتۇيمەن.

— مەن چۈشسىز ئېغىر ئۇيقۇغا غەرق بولىمەن.

— بىر ئاۋاز مېنى چاقىرىدۇ: كىسكايىدو! مەن، كىم دەيمەن سوراپ.

— جاۋاب بەرگۈدەك ھېچكىمنىڭ قارىسى كۆرۈنمىسىمۇ، ئۇ ئاۋاز مېنى چاقىرىۋېرىدۇ.

— قايدا ئۆزۈڭ، — دەپ سورايمەن يەنە.

— ئۇ جاۋابەن: مەن ھەممە يەردە مەۋجۇت ھەم ھەممە يەردە مەۋجۇت ئەمەسمەن، مەن نەق سېنىڭ ئۆزۈڭ، ئورنۇڭدىن تۇر، دەيدۇ.

— مېنى يوغان تاش بېسىۋالغاندەك ئۈستىبېشىمنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىمەن.

— مەن قېرىپ ھالىمدىن كەتكەن ئەمەسمۇ؟ ئۈستۈمدىكى يوغان تاشنى قانداقسىگە ئىرغىتىپ تاشلىيالايمەن؟ دەيمەن مەن.

— ياق، قېرىدىم، مەن يېڭى ھاياتقا نائىل بولدۇم! يوغان تاشنى ئىرغىتىپ تاشلىيالايمەن، ئورنىڭدىن قوپ!

— مەن ئورنۇمدىن تۇرىمەن. يوغان تاش ئىرغىپ ئاسمان بوشلۇقىغا دومىلاپ چۈشىدۇ.

— مەن ئۆز ـ ئۆزۈمگە دەيمەن: مەن يەنە يېڭى ھاياتقا ئېرىشتىم، مەن ئەڭ بەرنا ھەم ئەڭ كادالڭ ئادەممەن. مانا مەن گويا زامان دەرىخىدە پورەك ئاچقان گۈل، ھاياتى ئۇرغۇپ تۇرغان. مېنىڭ يىلتىزىم زۇلمەتكە، شېخىم ئاسمانغا تاقاشقان، قۇياش مەن ئۈچۈن كىچىككىنە بىر ئەختەر.

— قاراڭ! مەن ياشمۇ، قېرىمۇ ئەمەس، بەلكى يېڭىدىن پورەك ئاچقان غۇنچە.

— مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېرىلىمەن، ھەمدە تۆت ئەتراپىمغا نەزەر سالىمەن. بۇ چاغدا قۇياش ئاستىمدا قالغان بولىدۇ، خۇددى ئاسماندا ئېگىزمۇ ئەمەس، پەسمۇ ئەمەس پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇشتەك، ياكى ئېغىزى ئۈچلۈق ھەم ئۇزۇن بۇزرۇكۋار يىلاندەك.

— چارچىغان بىر يۇلتۇز ئۆلۈمىنى كۈتىدۇ.

— مەن ئۈنلۈك ئاۋازدا سورايمەن: ئۇ كىم؟ مەريەم ئانىنىڭ ئوغلىمەن، خىرىستوستۇرمەن،

ئانامنىڭ ياشلىقتىن بوپ قالغاچ مەھرۇم
مەن ئۆيگە قايتماققا يول ئالدىم بۈگۈن.
ئەي كىسكايىدو، جان ـ جىگەر ئۆكام!
نەشتەرلىك قۇياشنى قايتۇر ئارقىغا
ھەم ئۇنى ئورنىغا سايىگە تامام
ئۆيۈمگە بېرىۋالاي قايتىپ تىنچ ـ ئامان.

— مەن ئۇنىڭ ئېيتقىنى بويىچە قىلىمەن؛ بۇنىڭ بىلەن ھېلىقى خىرە يۇلتۇز شۇررىدە ئېقىپ كېتىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئاياغلىرىنى سالدۇرۇپ ئۆزۈم كىيىۋالىمەن.

— «ھەزرىتى ئەيسا، مېكسىكىلىقلارنى چىن دىلىڭدىن سۆيەمسەن؟»

— «ئۇلار ئۈمىدسىزلىك تېشىنى يۇتۇۋالغان، يۈرەكلىرى ئېغىرلىشىپ ساڭگىلاپ قالغان، شۇڭا سۆيۈشكە ئامالسىزمەن.»

— «ئاناڭ نەدە؟ ئۇ تېچمۇ؟»

— «ئۇنىڭ يېپىنچىسى پانى دۇنيادا يۇتكەن، ئۇ ماغدۇرىدىن كەتكەن. مېكسىكىلىقلار كىچە ـ كۈندۈز سازايى قىلىنىشىپ، دۈشمەنلىكنى مۇھەببەتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قانخورلۇقى ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. ئانام ئۇلار ئۈچۈن تولا يىغلاپ، كۆز يېشىمۇ قۇرىدى. ئۇ ئارام ئالمىسا بولمايدۇ، شۇڭا مەندىن بۇرۇن كەتكەن.

— سىلەر ھەر ئىككىڭلار كېتىۋالساڭلار، مېكسىكا قانداق قىلار؟

— بىزنىڭ ھەيكىلىمىز يەنىلا چېركاۋلاردا تۇرۇپتۇ. كىسكايىدو، قېرىندىشىم، ئۇلار بىز-

نىڭ ئاللىقاچان بۇ يەردىن كەتكىنىمىزنى بىلمەي-
دۇ، ئۇلارنىڭ سەۋر قاچىسى تولغان، ئۇلار چىر-
كاۋلارنى ئۆرۈپ هەيكەللىرىمىزنى ئۇرۇپ چېقى-
شىدۇ، مەن ۋە ئانامنىڭ جىسمىدىن قۇدرىتىمىز-
نى ئوغرىلاپ كېتىدۇ. بىز قېرىپ ماغدۇردىن
كەتتۇق، ئۇلار بۇنى سەزمەستە ئۆزىمىزنى دالدىغا
ئالايلى، مەن قايتىپ ئارام ئېلىشىم، بۇ قۇتقۇز-
غىلى بولمايدىغان مېكسىكىلىقلارنى مەڭگۈ تاشلاپ
كېتىشىم كېرەك».
— بۇنىڭ بىلەن مەن دەيمەنكى، بولىدۇ،
سەن ئۆز يولۇڭغا كېتىۋەر، بۇ يەرنى ماڭا قال-
دۇر. سەن بېرىپ راسا ئۇخلىۋال، خەير - خوش
هەزرىتى ئەيسا، مېنىڭ قېرىندىشىم.
— هەي كىسكايىدو، ئۇلار ئاللىقاچان سېنى
ئۇنتۇشقان، قانات - قۇيرۇقلۇق يىلان، بۇزرۇك-
ۋار يىلان — سۈكۈت قۇشىنى ئۇنتۇپ كەتكەن!
ئۇلار سېنى كېرەك قىلىشمايدۇ، دەيدۇ ئۇ.
— سەن كېتىۋەر، بېرىپ پانى ئالەمنى يۇ-
غىن. زېمىننىڭ يۈرىكىدىكى يىلان مېنىڭ كۆك-
رىكىمدە، مېنىڭ باغرىمدا، ساما قۇشى قوشۇ-
مامغا قونغان، مەن ئاسمان - زېمىننىڭ ئىدارە
قىلغۇچىسى. مەن يېڭى هاياتقا ئىگە بولغان يېڭى
ئادەم، مېنىڭ كۆزلىرىمدە پاتماس چولپان. قا-
راڭلار، مەن مەندۇرمەن! يەر - زېمىننى ئىدارە
قىلغۇچى، بېرىپ ئۇخلا، خەير - خوش! دەيمەن.
— شۇنداق قىلىپ هەزرىتى ئەيسا ئۇخلىغى-
لى كېتىدۇ، مەريەم ئانىمۇ ئۇخلايدۇ.
— مەن ئادەمزات دۇنياسىغا بارىمەن، مەن
ئاسمان - زېمىننىڭ ئىدارە قىلغۇچىسى، مەن
قاراڭغۇ تۈن بىلەن يوپيورۇق كۈن ئارىلىقىدىكى
چولپانمەن.

*   *

ئەر - ئاياللار بىلىشى كېرەككى، ئۇلار بۇ
دۇنيادا هەرگىز بىر تەن، بىر ۋۇجۇتقا ئايلىنال-
مايدۇ. بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ كەتكۈدەك يېقىن
سۆيۈشۈشلەر ۋە لەززەتلىك سىلاشلاردىمۇ كى-
چىك، ئەمما ماهىيەتلىك هالقا ساقلىنىپ قالغان
بولىدۇ. ئۇ هالقا سېزەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئاجا-
يىپ كىچىك بولغاچقا، كىشىلەر بۇ هالقىغا تۈيمايلا
چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەر ئۆزىنى خىرىستوس بىلەن
بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەندەك هېس قىلىسى-
مۇ، ئۇ دېگەن يەنىلا ئۇ. خىرىستوس دېگەن خى-
رىستوس، ئۇمۇ ئوخشاشلا بۇ هالقىغا چۈشۈپ كې-
تىدۇ. گەرچە ئەرلەرنىڭ نەزەرىدە ئاياللار ئۆز
جېنىدىنمۇ ئەزىز بولسىمۇ، ئايال خەق دېگەن
ئايال خەق. ئەر دېگەن ئەر، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسى-
دا يەنىلا هالقا ساقلىنىپ قالغان بولىدۇ. بۇ هالقى-
نى تىندۇرۇپ تەكشىلەيدىغان هەرقانداق بىر نى-

يەت زالىملىق، تەڭرى ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن بىر
خىل جىنايەت.
پۈتكۈل «مەن» ئىككى بۆلەكنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ، بىر بۆلىكى يىراقلىغۇچى سانالمىش بىز-
گە تەئەللۇق، بىزگە تەن بولۇپ بىزنىڭ هەر
بىرىمىزگىلا خاس، بۇ بۆلەك «مەن» نىڭ ماهى-
يىتى، يەنى «مېنىڭ مەۋجۇدىيىتىم» ، ئۇ يىراق-
لىقنىڭ ئۇ چېتىدىن، چولپاندىن كېلىدۇ؛ يەنە
بىر بۆلىكى بولسا ئەتراپىمىزدىكى تۇزمۇشنىڭ
ئارىلاشمىسى بولۇپ، ئۇ شۇ جايدىن، ئەتراپتىن
توپلىنىپ مۇهەببەت دېيىلىۋاتقان نەرسە بىلەن
ماسلىشىدۇ، ئەمما ئۇ ماهىيەتلىك «مەننىڭ مەۋ-
جۇدىيتى» گە تەئەللۇق ئەمەس، مەڭگۈ تەئەللۇق-
مۇ بولالمايدۇ.
ئەگەر بىز ئۆزىمىزنىڭ «ماهىيىتى» بىلەن
بىر تەن - بىر ۋۇجۇتقا ئايلانماقچى بولىدىكەنمىز،
ئۇنداقتا بىز ئۆزىمىزنىڭ ئەبجەش، «ئارىلاشما»
ئۆز - ئۆزىمىز، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۆز -
ئۆزىمىز، پارچە - پۇرات ئۆز - ئۆزىمىزنى چۆ-
رۈپ تاشلاپ، ئېڭىمىزنى سىقىپ چىقىرىپ ئاڭ-
سىز ئېڭىمىزدا، چولپاندا ئۇچرىشىشىمىز كې-
رەك. تەن، روه ۋە روهىيەت بىرلىشىپ بىر
چولپاننى هاسىل قىلىدۇ؛ يەنە بىر جەهەتتىن
بىرلىشىش ۋاجىپتۇر، ئۇنداق بولمايدىكەن، بىز
ئۇ قىرغاقتىكى تەجەللىگە ئېرىشەلمەيمىز - دە،
ئۆز - ئۆزىمىزنى بىهۇدە ئازابلايمىز.

*   *

بىر ئەرنىڭ ئۆز هاياتىدا هەقىقىي قوغلىشى-
دىغىنى پەقەت بىرلا نەرسە، ئۇ بولسىمۇ تەڭرى-
گە، چولپانغا يۈزلىنىپ ئادەتتىكى دۇنيادىن مەڭ-
گۈلۈك ئايرىلىش؛ تەڭرى ئالدىدا، چولپاننىڭ
يېنىدا كىشىلەر ئۆزئارا يېقىن بولالايدۇ، ئۆز
ئايالى بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك مۇهەببەت پەيزىنى
سۈرەلەيدۇ.

*   *

— . . . هەقىقىي كاتولىك — دۇنيا —
دىنىنىڭ دەۋرى يېتىپ كەلدى، تەڭرى بىر بول-
سىمۇ دۇنيانى قۇتقۇزغۇچى پەرۋەردىگار —
تەڭرىنىڭ ئوغلى پەقەت بىرلا ئەمەس، كاتولىك
دىنىنىڭ دەرىخى پۈتكۈل ئالەمنى قاپلىغاي، هەر-
قانداق بىر دىنىنىڭ پەيغەمبەرلىرىمۇ بۇنىڭدىن
مۇستەسنا بولمىغاي.

*   *

— . . . بىر ئەر ناۋادا بىر ئايالنى مۇتلەق
ئىستىبلا قىلىۋېلىش خىيالىدىلا بولىدىكەن، بۇ-
نىڭ هېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ؛ شۇنىڭدەك بىر
ئايال ئەگەر بىر ئەرنى مۇتلەق ئۆزىگە بويسۇندۇر-

ماقچى بولىدىكەن، بۇنىڭمۇ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ. بۇ بىر خىل جىنايەت ياكى جىنايەتكە ئوخشاشراق نەرسە... ئەگەر، ھەممىمىز قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى نىداغا قۇلاق سېلىپ بىز ئۇچرىشىشقا تېگىشلىك جايدا ۋىسال تاپساق، بۇ نېمىدېگەن پەيزى - ھە!

* *

— ... كىسكايىدو مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا، كەلگۈسى كۈنلىرىمىزدىكى ئەڭ ئېسىل ئەرلەرنىڭ سىمۋولى. كائىنات بۈزرۈكۋار يىلاننىڭ ئۇۋىسى، ئۇنىڭ ئۇۋىسى تەگسىز ھاياتنىڭ سىرلىرىغا يوشۇرۇنغان، مەن بۇ سىرلارنى چولپان ياكى باشقا ھەرقانداق نەرسە بىلەن ئاتىساممۇ بەربىر. ئادەم ئاللىقانداق ئابستراكىت مەۋجۇدىيەت ئەمەس، بەلكى بىر خىل ھەقىقىي نەرسىنىڭ گۆش - قېنى بار بولغان مەۋجۇدىيىتى، ئۇ ھەممىشە كائىنات يۈرىكىدە تىنىمسىز ئۆز جان - تېنىنى يارىتىدۇ، توختاۋسىز ئىجاد قىلىدۇ، ئىجاد قىلىدۇ، بۇ ئىجاد قىلىش جەريانى بىردىنلا ئۈزۈلۈپ قالغۇدەك بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ پۈتكۈل بارلىقى تۇمانغا، نۇقسانسىز - مۇكەممەل ۋۇجۇدى پارچە - پارچە نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ...

* *

ئاھ، روھ! روھ ھەممىشە توختىماي لاۋۇلداپ تۇرىدۇ، خۇددى يىراق - يىراقلاردىكى بىر پارچە يالقۇندەك، ھەر بىر ئادەمنىڭ روھى باشقا ئادەملەرنىڭ روھىغا قىلچە ئوخشىمايدۇ، ئۇ باشقىلارغا غەلىتە تۇيۇلىدۇ. ئۇ كالياسكىنىڭ روھىنى ئويلىغان، شۇنداقلا باشقىلارنىڭ روھىنىمۇ كۆزەتكەن. يىراق شۇ تاپتا ئۇ شۇ قەدەر تاتىرىپ، سىرلىق تۈس ئالغان بولۇپ ۋۇجۇدىدىن ئاجايىپ نۇرلار تۆكۈلۈپ تۇرۇپتۇ، گويا ئۇ دۇنيادىن ئۇنىڭ ئالاھىدە روھىنى ئېلىپ كەلگەن پەرىشتىدەك. ئۇ شۇ قەدەر يىراق، كېتى ۋە باشقا ھەرقانداق ئايال ئۈچۈن ئېيتقاندا بەكمۇ يىراق ئىدى.

ھالبۇكى، شىبىئانو ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىردىنلا يېپيېڭى بىر دۇنيانى نامايان قىلدى. بۇ دۇنيا خىرە - شىرە بولۇپ بىر ئىلاھنىڭ چىرايى گىرىمسەن كۆرۈنەتتى، ئۇ مەڭگۈ يوقالماستىن ئەبەدىلئەبەد بۇلۇتلار ئارىسىدىن پەستىكى ئىنسانلارغا نەزەر سېلىپ تۇراتتى.

ئۇ پەنجىرىنى ئەتتى، ئۆي قاراڭغۇلۇققا چۆمدى. ئۇ قاراڭغۇلۇق ئىلكىدە بىردىنلا ئايالنى، ئۇنىڭ ساغرىسىنى يېنىككىنە سىلاشقا باشلىدى.

— مەن سىزنى خوتۇنۇم دەيمەن، — ئۇ پەس، مۇلايىم ئىندىشان تەلەپپۇزىدا سۆزلەيتتى، — بۇ راستمۇ؟

ئايال ھاياجاندىن تىترەيتتى، پۇت - قوللىرى خۇددى پېچتىكى مىتالدەك ئېرىيتتى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئاڭسىز ئاڭنىڭ چەكسىزلىكىدە ئېرىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئىرادىسى، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى پاختا ئارىسىدىكى چوغدەك ساقلاپ كەلگەن ئۆز - ئۆزىنى دەھشەتلىك ئېرىۋاتقان ھايات قوينىغا تاشلاپ ئۇنىڭدىن يىراقلايتتى. ئۇ گويا تىمتاس كۆيۈۋاتقان يالقۇن ئىچىدە تۇرغاندەك ئىدى، ئۇ يالقۇن ئىچىدىكى مەڭگۈلۈك كۆيۈۋاتقان ئوتتىن بۆلەك ھەممە نەرسە ئېرىپ تۈگىگەنىدى. ئۇ مانا شۇ يەرگە يېتىپ كەلدى، بۇ يەردە ئاڭدىن ئەسەر يوق، ئەمما ئۆلۈممۇ مەۋجۇت ئەمەس، بۇ ئوت - يالقۇن ئۇنىڭدىن يىراقلاشسىلا ئۇ ئاندىن ئۆلەتتى.

* *

— يالىڭاياغ پېتى مۇنبەت تۇپراققا كېچىپ تۇرۇپ بۇ مۇقەددەس يامغۇرغا يۈزلىنەيلى، — دېدى كالياسكى ئىسپان تىلىدا بىر سۆز، بىر سۆزدىن تېرىپ سۆزلەپ، — گۈگۈمدا، قاراڭغۇ تۈن ۋە يورۇق كۈن ئارىلىقىدا؛ ئەر - ئايال ئىككىڭلار مەڭگۈلۈك يۇلتۇزلار ئاستىدا ئۆزئارا ئۇچرىشىڭلار، ھەمدە ھەق دادىغا يەتكۈزۈپ بىر جان - بىر تەنگە ئايلىنىڭلار. كاتىرىننا، يەردىن بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ: بۇ ئەر مەن ئۈچۈن جەننەتتىن ياغقان خاسىيەتلىك يامغۇر، دەڭ.

كېتى شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇردا بېشىنى ئاسمانغا قىلىپ كۆزلىرىنى يۇمدى.

— بۇ ئەر مەن ئۈچۈن جەننەتتىن ياغقان خاسىيەتلىك يامغۇر، — دېدى ئۇ.

— بۇ ئايال مېنىڭ مەتانەتلىك تۇپرىقىم؛ دەڭ شىبىئانو، — كالياسكى سۆزىنى تۈگىتىپ بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ، بىر قولىنى يەرگە تەگكۈزدى.

شىبىئانومۇ ئوخشاشلا بىر پۇتى بىلەن تىزلىنىپ، بىر قولىنى يەرگە تەگكۈزدى - دە:

— بۇ ئايال مېنىڭ مەتانەتلىك تۇپرىقىم، — دېدى.

— مەن بىر ئايال بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ ئەرنىڭ پاچاق ۋە ئۆكچىسىگە سۆيىمەن، چۈنكى مەن ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى ئاشۇرۇپ ئۇنى چولپاننىڭ ئۇزاق تۇمانلىرىدىن بۆسۈپ ئۆتكۈزىمەن.

كېتى يۈكۈندى - دە، شىبىئانونىڭ پاچاق ۋە ئۆكچىلىرىگە سۆيۈپ، ئۇ دېيىشكە تېگىشلىك سۆزلەرنى دېدى.

— مەن بىر ئەر بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ ئايالنىڭ قاش - كۆزى ۋە كۆكرىكىگە سۆيىمەن، چۈنكى مەن ئۇنىڭ ئەمىنلىكى ۋە كاپالىتى. مەن ئۇنى چولپاننىڭ ئۇزاق تۇمانلىرىدىن بۆسۈپ ئۆت-

كۆزىمەن.
شىبىئانو ئۇنىڭ قاش - كۆزى ۋە كۆكرىكىگە سۆيۈپ، ئۆزى دېيىشكە تېگىشلىك سۆزلەرنى دې-
دى. ئاندىن كالياسكى شىبىئانونىڭ قوللىرىنى كېتىشىنىڭ يامغۇردا ھۆل بولۇپ كەتكەن كۆزلىرد-
گە، كېتىشىنىڭ قوللىرىنى شىبىئانونىڭ يامغۇر بىلەن نەمگەنلەن كۆزلىرىگە قويغۇزدى.
— مەن بىر ئايال، بۇ بىر جۈپ قولنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا بۇ ئەرنىڭ كېچىسىنىڭ مەركىزىدىكى مەن بىلەن ئۇچرىشىشنى تىلەيمەن، ئۇ ئەڭ ئا-
خىرقى نەپەسىمگىچە مېنى تاشلىۋەتمىگەي، — دېدى كېتى، — بىزنىڭ ئۇچرىشىش ئورنىمىز مەڭگۈلۈك بولغاي.
— مەن بىر ئەر، بۇ بىر جۈپ قولنىڭ قاراڭغۇلۇقىدا بۇ ئايالنىڭ كېچىسىنىڭ مەركىزىدە، مېنى قوبۇل قىلىشىنى تىلەيمەن، بىزنىڭ ئۇچ-
رىشىش ئورنىمىز مەڭگۈلۈك بولغاي.
— ئەر كىشى بىر ئايالغا، ئايال بولسا بىر ئەرگە ۋاپاسىزلىق قىلىشى مۇمكىن، — دېدى كالياسكى، — شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنى ئەيىب قىلماي بولمايدۇ. ئەگەر ئۇلار خاسىيەتلىك يامغۇر ۋە بىنام يەرلەردە، كېچە بىلەن كۈندۈز ئارىلىقىدا، يۇلتۇزلار چاراقلاپ يانغان دەمدە ئۇچراشسا؛ ئە-
گەر بۇ ئەر ئۆز تېنى بىلەن يۇلتۇزلارغا بولغان تەلپۈنۈشنى ئېلىپ ئايال بىلەن ئۇچراشسا، ھەم-
دە بۇ ئايال ئۆز ۋۇجۇدى ۋە يۇلتۇزلارغا بولغان تەلپۈنۈشنى ئېلىپ بۇ ئەر بىلەن ئۇچراشسا، ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئاشۇ مەڭگۈلۈك ئۇچرىشىدىغان جايغا ئاسىيلىق قىلمايدۇ. ئۇلار-
نىڭ ئۇچرىشىشى ئۇندا مىسالى ئۆچمەس بىر يۇل-
تۇز. مۇبادا، ئۇلاردىن بىرەرسى بۇ مەڭگۈلۈك ئۇچرىشىش ئورنىغا قارا سانىسا، ئۇ كەچۈرۈمگە ئېرىشەلمەيدۇ، كۈن ئۇنى ئەيىپ قىلمايدۇ، تۈن ئۇنى ئەيىپ قىلمايدۇ، يۇلتۇزلار ئۇنى ئەيىپ قىلماي-
دۇ.
يامغۇر توختاپ، كېچە پەردىسى تېخىمۇ قا-
رايدى.
— بېرىپ ئىسسىق سۇدا يۇيۇنۇڭلار، ئۇ سۇ بىزنىڭ ئۇتتۇرىمىزدىكى مەڭگۈلۈك ئىناقلىقنىڭ سىمۋولى؛ تېنىڭلارغا ماي سۈرتۈڭلار، ئۇ چول-
پاننىڭ تىنچلىقىغا تەققاس. تاپىنىڭلار ۋە چې-
چىڭلارنىڭ يىلتىزىغا ماي سۈرتۈڭلار.

* *

— بۇ، — دېدى كالياسكى، — كىسكايىدونىڭ سىمۋولى، بۇ چولپان. ئېسىڭلار-
دا بولسۇنكى، ئۇچرىشىش نىكاھنىڭ ئاساسى، يۇلتۇزلار بولسا ئۇچرىشىشنىڭ ئاساسى. مۇبادا يۇلتۇزلار بولمىسا ئۇچرىشىشمۇ بولمايدۇ؛ ئەگەر نىكاھ بولمىسا ئادەمگە نادامەتتىن بۆلەك ھېچنەر-
سە قالمايدۇ. ئەگەر ئەر بىلەن ئايال، ئايال بىلەن ئەرنىڭ بەختى ۋىسال تاپمىسا، ئۇلارغا مەڭگۈ ھېچقانداق ياخشىلىق يار بولمايدۇ. مۇبادا ئۇلار ئۇچرىشىپ، كېيىنكى ئۇلارنىڭ مەڭگۈلۈك ئۇچ-
رىشىش ئورنىغا ئاسىيلىق قىلسا، بۇ ئورۇن خۇددى يۇلتۇزدەك كېچە بىلەن كۈندۈز ئارىلىقىغا ئورۇنلىشىدۇ؛ ئايالنىڭ قاراڭغۇ تۈنى بىلەن ئەر-
نىڭ ئايدىڭ سەھىرى ئوتتۇرىسىدا، ئەرنىڭ كې-
چىسى بىلەن ئايالنىڭ تېڭى ئوتتۇرىسىدا كېيىنكى بۇ ئورۇنغا ئاسىيلىق قىلسا، ئۇ مەيلى ھازىر ۋە مەيلى كەلگۈسىدە بولسۇن، ئەيىپ قىلىنمايدۇ.
چۈنكى ئەرلەر ئاجىز، ئاياللارمۇ ئاجىز، باشقى-
لارنىڭ ماغدار يولىغا ھېچكىم ئورەك كولىمىغاي، بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ ئورتاق يۇلتۇزى مەڭگۈ ۋاپاسىزلىققا يولۇقمىغاي.

* *

— ئەگەر زۇلمەت چوڭقۇرىدىكى ئىلاھ ئۆز روھىنى مېنىڭ بېشىمغا كىرگۈزمىسە، ئۆزىنىڭ ئوت - يالقۇنىنى قەلبىمگە باشلاپ كىرمىسە، ئۆ-
زىنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى ئاپئاق ماي ئوخشاش مېنىڭ كۆكسۈمگە كىرگۈزمىسە، ئۆز نۇر - زىيا-
لىرىنى ئىللىق باھاردەك مېنىڭ بېلىمگە كىر-
گۈزمىسە، ئۇ ھالدا مەن خۇددى يىگىلەپ قالغان ئىچى قۇرۇق قاپاقتەك ھېچنەرسە بولماي قالى-
مەن.
— ئەگەر مەن ئۆز قەلبىمنىڭ شارابىنى، ئۆز يۈرىكىمنىڭ قېنىنى، كۆكسۈمنىڭ كۈچىنى ۋە بېلىمنىڭ قۇدرىتىنى ئىشقا سالمىسام، ئۇلار-
نى ئېرىتىپ بىر قىلمىسام، ئۇلارنى چولپانغا تارتۇق قىلمىسام، ئۇنداقتا مەن ئۆز تېنىمگە ۋاپا-
سىزلىق قىلغان بولىمەن، ئۆز روھىمغا ۋاپاسىز-
لىق قىلغان بولىمەن، زۇلمەتتە ماڭا مەدەت بەر-
گۈچى تەڭرىمگە ۋاپاسىزلىق قىلغان بولىمەن.

* *

— ھالبۇكى، ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەر-
نىڭ ئوخشاش بولمىغان قۇتقۇزغۇچ خۇداسى بول-
مىسا بولمايدۇ، بۇ خۇددى ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان تىل ۋە ئىرققا ئىگە بولغىنىدەك بىر ئىش. سىرلىق تەڭرى ماھىيەتتە بىر بولسىمۇ، بىراق زاھىر بولۇشى كۆپ خىلدۇر.
— تەڭرى مېكسىكىغا يۇڭ كىيىم ۋە پاخال چورۇقلارنى كىيىپ كېلىشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئۇ مېكسىكىنىڭ تەڭرىسى ئەمەس.

* *

— بىز ئەركەكلەر! بىز جەڭچىلەر!
— بىراق، بىز نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟

— بىز پەقەت ئۆلۈمگە قاراپلا ئىلگىرىلەمدۇق؟

— ياق، ياق! بىز ھاياتقا ھەربىي يۈرۈش قىلىمىز.

* *

— دۇنيادا ئىككى خىل قۇدرەت بار. بىرىنچى خىلى: كالىنىڭ قۇدرىتى، خېچىرنىڭ قۇدرىتى، تۆمۈرنىڭ قۇدرىتى، ماشىنىنىڭ قۇدرىتى، مىلتىق - زەمبىرەكنىڭ قۇدرىتى؛ ھەممە ئاسانلىقچە ئېرىشكىلى بولمايدىغان ئىككىنچى خىل قۇدرەت: ئەرلەرنىڭ قۇدرىتى.

— داۋاملىشىدىغىنى ئىككىنچى خىل قۇدرەت. بۇ سىلەر ھەممىڭلار ئېرىششنى ئىستىگەن قۇدرەت. سىلەر گاھى چوڭ ياكى كىچىك، گاھى ئېگىز ياكى پاكار بولۇڭلار، بۇ قۇدرەتكە ئېرىشەلەيسىلەر. ئۇ، قۇياشنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كېلىدىغان قۇدرەت، سىلەر ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيسىلەر. سىلەر مانا بۇ يەردە ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيسىلەر! — ئۇ تۆشىنى چېكىپ قويدى، — مانا بۇ يەردە! — ئۇ يەنە دوۋساق قىسمىنى چېكىپ قويدى، — يەنە بۇ يەردە! — ئۇ يەنە بېلىنى چەكتى، — بۇ خىل قۇدرەت قۇياشنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كېلىدۇ.

* *

— بىز ئەرلەر! بىز ئەرلەر! — دەپ توۋلىدى شىبىئانو.

— بىراق، ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ئەرلەر ئىككى خىل بولىدۇ، بىر خىلىدا ئىككىنچى خىلدىكى قۇدرەت بار، يەنە بىر خىلىدا ئىككىنچى خىل قۇدرەت يوق.

— ئەجنەبىلەرنىڭ قەدىمى بۇ زېمىنغا تېگىشى بىلەنلا بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىككىنچى خىل قۇدرىتىنى يوقىتىپ قويغاندۇق. پوپلار شۇنىڭغىياقى بىزگە ئۈگۈت - نەسىھەت قىلىپ: سەۋر قىلىڭلار، سەۋر قىلىڭلار دەيدۇ.

— ئەجنەبىلەر ئىككىنچى خىلدىكى قۇدرەتكە ئىگە بولۇۋېلىشتى!

— ئۇلار قانداقىسىگە ئاڭا ئىگە بولۇپ قالدى؟

— ئۇلار مەككار ئالدامچىلاردەك ئۇنى ھىيلە - نەيرەڭ بىلەن ئوغرىلاپ كەتتى. ئۇلار ئۆز ئۇۋۇسىدا جىم ياتقان زەھەرلىك چوڭ بىر ئۆمۈچۈكتەك ياۋاش - يۇمشاق بولۇۋېلىشقان. مەيلى قۇياش، ئاي ۋە ياكى يۇلتۇزلار بولمىسۇن، ھېچقايسىسى ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيدۇ، ئۇر - پاچاقلا! زەھەرلىك ئۆمۈچۈك ئۆزىگە قاراپ ئۆمۈلەپ كېلىۋاتقان بىرەر نەرسىنى كۆرسىلا چېقىشقا باشلايدۇ، ئاندىن ئۇ تېنى زەھەرگە تولغان، ئۇ شوراپ قۇرۇتقان ئۇۋۇنى تاشلاپ قويىدۇ.

— شۇڭا ئەجنەبىلەر ئۆمۈچۈكتەك ھاۋا ۋە سىرلارغا، سۇنىڭ سىرى ۋە يەر شارىنىڭ سىرىغا ئىگە بولۇۋالغان. شۇنداق بولغاچقا، مېتال ئۇلارغا تەۋە، ئۇلار مېتال بىلەن مىلتىق - زەمبىرەكلەرنى، ماشىنىلارنى، پاراخوتلارنى ياسىغان؛ ئۇلار پويىز، تېلېگراممىا ۋە رادىئونى ئىجاد قىلغان.

— بۇ نېمە ئۈچۈن؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۇ نەرسىلەرنى ياسايدۇ؟ ئۇلار قانداق ياسايدۇ؟

— چۈنكى، ئۇلار ھىيلە - مىكىرگە تايىنىپ ئىككىنچى خىل قۇدرەتنىڭ سىرىغا ئىگە بولۇۋالغان، بۇ قۇدرەت دەل قۇياشنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كەلگەن.

— بىز ئەمدى ئۇ قۇدرەتنى قايتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك. بىز قۇياشنىڭ ئارقىسىغا تۇتىشىدىغان سىرلىق يولنى يەنە بىر قېتىم بايقىدۇق. ئۇ يەردە كىسكايىدو ئولتۇرىدۇ، بۇنى كالىياسكى ئاخىرى بايقىغان. ئۇ يەردە يۈزلىرى ئوتقاشتەك قىزىل ۋېچروبوچتىلى ئولتۇرىدۇ، مەن ئۇنى بايقىدىم، شۇڭا ئىككىنچى خىل قۇدرەتكە نائىل بولدۇم.

— ئەگەر سىلەر بۇ قۇدرەتكە ئېرىشسەڭلار، ئۇنى نەرڭلار بىلەن سېزىسىلەر؟

— بۇ ئەمەس! — ئۇ پېشانىسىنى شاپىلاقلاپ قويۇپ، — قاقباش ئەجنەبىلەرنىڭ ھەممىسى ئىشلىتىدىغان مۇنۇ يەر بىلەن ئەمەس، كاللا بىلەن ئەمەس، ئۇلارنىڭ كىتابلىرى بىلەنمۇ ئەمەس. بىز ئەركەك، ئۆمۈچۈك ئەمەس، ئەجنەبىلەردەك ھىيلە - نەيرەڭ، سۇيىقەست ئىشلىتىپ ئولتۇرمايمىز.

— بىز بۇ يېرىمىز ئارقىلىق ئىككىنچى خىل قۇدرەتكە ئىگە بولالايمىز! — ئۇ كۆكرىكىنى مۇشتلىدى، — يەنە بۇ يەر ئارقىلىق! — ئۇ دوۋسۇنىنى مۇشتلىدى، — يەنە بۇ يېرىمىز ئارقىلىق! - ئۇ بېلىنى مۇشتلاپ قويدى.

— بىز ئەركەكمۇ؟ بىز ئىككىنچى خىل قۇدرەتكە ئېرىشەلمەيمىزمۇ؟ بىز بۇنىڭغا قادىر ئەمەس؟ بىز ئۇنى مەڭگۈلۈك يوقىتىپ قويدۇقمۇ؟

— مېنىڭچە، ئۇنداق ئەمەس! كىسكايىدو بىزنىڭ ئارىمىزدا، مەن يۈزلىرى ئوتقاشتەك قىزىل ۋېچروبوچتىلىنى تاپتىم، ئىككىنچى خىل قۇدرەتنى تېپىۋالدىم!

— يول يۈرگەندە ياكى ئولتۇرغاندا، ئىشلەۋاتقان ياكى ئىشتىن چۈشكەندە، غىزالىنىۋاتقان ياكى ئۇخلاۋاتقاندا، ئىككىنچى خىل قۇدرەت ھەققىدە ئويغا چۆمۈلۈڭ، سىز شۇنداق قىلغاندىلا ئۇنىڭغا چوقۇم ئېرىشەلەيسىز.

كالياسكي: — بۇ ئۈچىنىڭ قېنىنى ماڭا

ھېرىڭلار، قېرىندىشىم ۋىچىروبوچىتلى ئۇنى ئوتقا سەپسۇن.

شىبىشانو تاش قاچا ھەمدە ۋىچىروبوچىتلى بۇتى ئۈستىدىكى بىر قارا يوپۇرماقنى كەلتۈردى. كالياسكى تاش قاچىدىكى قانغا قارا يوپۇرماقنى پەم بىلەن چىلاپ ئۇنى ئوتقا يەڭگىللىكىنە سەپتى.

كالياسكى: — ئەي زۇلمەت، ئىچ بۇ گۇناھكار قېنىنى،

ئەي قۇياش، شۇمۇر بۇ گۇناھكار قېنىنى،

ئەي چولپان، ئۆرلە بوسۇلگەن دېڭىزدىن بالقىپ!

شىبىشانو: — ئۇلارنى ئۆزلىرىگە، چولپاننىڭ ئىگىسى بولغان كىسكايىدوغا تاپشۇرىمەن ئالىيلىرى.

كالياسكى: — بولىدۇ، ئۇلارنى ماڭا تاپشۇرۇڭ، مەن ئۇلارنى ئۆز نەپسىمگە كىرگۈزەي، مەن ئۇلارنى ئۆزۈن سەپەرگە ئۇزىتىپ قوياي، ئۇلارنى قانغۇچە ئۇخلىتىپ ئاندىن ئويغىتاي.

* *

ئۇمۇ ئۆز ئايالىغا خۇددى كالياسكى كاروتاغا ئېيتقاندەك شۇنداق دەيدۇ: «روھ؟ يوقسۇ، سېنىڭ ئۆز روھىڭ مەۋجۇت ئەمەس. ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ سەندە پەقەت يېرىم روھلا بار، بىر ئەر بىلەن بىر ئايال قوشۇلغاندىلا ئاندىن بىر روھ تەۋەللۇت بولىدۇ، بۇ روھ دەل «چولپان» دۇر، ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ قوشۇلۇشىدىن پەيدا بولىدۇ، ئادەم ئۆزى يالغۇز ھەرگىز بىر روھقا ئېرىشەلمەيدۇ.

— ئىككىمىزنىڭ ئارىلىقىمىزدىن «چولپان» كۆتۈرۈلسۇن، — دەيدۇ ئۇ، — سەن ئۆزۈڭ يالغۇز ھېچنېمە ئەمەسسەن، مەنمۇ ھەم شۇنداق. بىراق، بىز بىرگە بولغاندا «چولپان» نىڭ بىر جۈپ قانىتىغا ئايلىنىمىز.

* *

كالياسكى گەرچە باشقىلار بىلەن تومۇرداش بولۇشنى قۇۋۋەتلىسىمۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ ھالقىشچانلىق، ئىلاھىيلىقنىمۇ تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇ بىر ئىنسان، تۆۋەن دەرىجىدىكى دېھقانمۇ بىر ئىنسان بولغاندەك، ھالبۇكى ئۇ شۇلار بىلەن ئوخشاش تومۇرغا، ئوخشاش قانغا، ئوخشاش ئادەمگەرچىلىككە ئىگە بولۇشتىن سىرت يەنە تېخىمۇ كۆپ مەزمۇنغا ئىگە. بۇ مەزمۇن ئۇنىڭ تېنىدىمۇ، ئۆزىگە خاس ھالقىشچانلىقتا، ئىلاھىيلىقتا ئىگە رەھىدىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىر يۇلتۇزدا ئىدى. بىر سىرلىق يۇلتۇز زۇلمەت دېڭىزىدىن كۆتۈرۈلۈپ سۇ بىلەن ئاسمان ئارىلىقىدا چاقناپ تۇراتتى، ئۇ يۇلتۇز كائىناتنىڭ قېنى بىلەن كائىناتنىڭ روھىنى قوشۇپ ئىككىسىنىڭ ئۈستىدە چاقناتقاندى.

بۇ يۇلتۇز نە ئاق بوز ئاتنى، نە قىزىل چىلان تورۇقنى باشقۇرغان چەۋەنداز ئەمەس، ئۇنىڭ مەنىسى چەۋەنداز بىلەن تۇلپاردىن ھالقىپ كەتكەن. ئۇ سىرلىق بولۇپ تېگىگە يەتكىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ قېشىغا ھېچقانداق بىر چەۋەنداز كىرەلىگەن ياكى ھېچقانداق بىر چەۋەنداز ئۇنىڭ قېشىدىن چىقالىغان ئەمەس. ئۇ ئادەمنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇ بىر تەرەپتىن تەننىڭ قۇدرىتىنى كونترول قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن روھنىڭ قۇدرىتىنى كونترول قىلىدۇ.

شۇڭا، بۇ يۇلتۇز كۆللى ئىنساننىڭ قۇدرىتىدىنمۇ ھالقىپ كەتكەن، بىراق ئۇ مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا قۇدرەتنىڭ ئۆزى، ئۇ سىرلىق، چۈشەنگىلى بولمايدۇ، ئۇ ئەسلى ھاياتلىق ئالىمىدىكى سۇ بىلەن ئاسمان ئارىلىقىدا پارلايدۇ، مانا بۇ ئادەمدىكى ئىلاھىيلىق.

بەزى ئەرلەرنىڭ بىر ئازمۇ ئىلاھىيلىقى يوق، ئۇلاردا بار - يوقى پەقەت ئاددىي ئادەملەرنىڭلا تۇيغۇسى، ئۇلارنىڭ قۇل بولۇشى پېشانىسىگە پۈتۈلگەن ياكى ئۇلار قۇل بولۇشى كېرەك.

نورغۇنلىغان كىشىلەردە ئىلاھىيلىق ئۇچقۇنى چاقناپ تۇرىدۇ، ھالبۇكى ئۇ سىرتتىن كەلتۈرۈلگەچكە سانائەتلەشكەن جەمئىيەتنىڭ قارا بورىنى ئۇنى ئۈچۈرۈپ تاشلايدۇ.

شۇڭا، ئادەمنىڭ روھى بىلەن جىسمى بۆلۈنگەندە زور ھالاكەت ۋە ئۆلۈملەر تۆپە - تۆپىلەپ كېلىۋېرىدۇ - دە، تالاي ئىلاھىيلىق يۇلتۇزلىرى تۆكۈلىدۇ.

ئادەم بۈيۈك، ئۇلۇغۋار ئىلاھىيلىققا نائىل بولغاندىلا، ئاندىن ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان ئۆز روھى بىلەن ئۆز تېنىنى بىر يەرگە قويۇپ، ئۇلارغا يېڭى بىرىكىش ئاتا قىلالايدۇ.

مانا بۇ كالياسكى، مانا بۇ ئۇنىڭ زور پىلانى —بۈيۈك روھ بىلەن تەننىڭ بۆلۈنۈشىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى گارمونىك بىرلىككە ئايلاندۇرۇش، مانا بۇ ئادەمنىڭ ئىلاھىي قۇدرىتىگە تەئەللۇق. سىز بۇ قۇدرەت ئارقىلىق خۇدانىڭ ئادەمزات ئارىسىدا يۈرگىنىنى بىلەلەيسىز، ئەگەر سىزدە بۇنداق قۇدرەت بولمىسا، خۇدانىڭ ئادەملەر ئارىسىدا يۈرگىنىنى سېزەلمەيسىز.

(ئاپتورنىڭ جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشرىيات شىركىتى تەرىپىدىن 1994 - يىل 5 - ئايدا نەشر قىلىنغان خەنزۇچە «قاناتلىق يىلان» ناملىق رومانىدىن تەرجىمە قىلىندى.)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر ئەسەرلىرىدىن

## شېئىرلار

باتۇر روزى تەرجىمىسى

### كېچىلىك سەپەر

ھېرمان ھېسسى (گېرمانىيە)

ماڭدىم تۈندە چالا باسقان يولدا،
سايە تاشلار ئېگىز تام قىيپاش.
تەكلەر كەزدىم، نۇر چېچىپتۇ ئاي
ئېرىقلارغا، يوللارغا تۇتاش.

پەس ئاۋازدا كۈيلىدىم غىڭشىپ
بۇرۇن ئېيتقان ناخشىنى يەنە.
ئۇسسۇل ئويناپ سانسىز كۆلەڭگە
گىرەلەشتى يوللاردا ئەنە.

خۇلقلاردا ئۈنلەر كەچمىشلەر،
شامال، قار ۋە كۆيدۈرگەن قۇياش.
ياز كېچىسى، يېشىل چاقماقلار،
مۇشكۇل سەپەر، بورانلار بەڭباش.

ئاپتاپلاردا قارايغان تېرە،
باي دۇنياغا تويۇنغان قەۋەت،
تارتىلىمەن ئالدىمغا ھامان
تار يوللارغا، پۈتقىچە زۇلمەت.

### قۇياش

پابلونېرودا (چىلى)

مەن قۇياشنى كۆرۈپ باقمىغان،
قورشىۋالغان مېنى زىمىستان،
شىمالدىكى قىشلاقلاردا سۈرگەنمەن دەۋران.
ئېقمىن سۇلار بۆرىدەك
يەر - جاھاننى باستۇرۇپ ئالغان،
ئالەم گويا كاتتا كۆلچەك — بىپايان،
ياكى بەھەيۋەت يېشىل موي ئۆسكەن
مېدۇزا شاھىغا ئوخشىغان.

يامغۇر تامچىسى
ئۆگزىلەرگە ئۇرۇلار
ئۇرۇلار ھەم دەرەخزارغا قاپقارا،
ئاسماندىكى سۇ
مۇزلىغان دەريانىڭ ياۋاش سۆيىدە
ئېقىپ كىرەر
جىلغىلار ئارا.
ئاندىن كېسىپ ئۆتتۈم دۇنيانى -
كۆرۈپ چىقتىم جەنۇب - شىمالنى،
باياۋاندا كۆردى ھەم
باش ئۇستۇمدىن ئۆرلىگەن
دۇپ - دۈگىلەك
قايناپ تۇرغان تەنھا قۇياشنى -
قىزغۇش ۋە يالتىراق، يايلىلىق شىردەك
كەڭ مەيداننى ئايلىنىپ تۇرغان.

قۇياش، قۇياش! ئاسماندىكى چېچەكسەن!
كۈچلۈكسەن نەقەدەر، بىزگە مەنسۇپ شار،
كائىناتنى ئويغاتقۇچى زور گەتىرگۈلسەن -
ئالتۇندىن پۈتكەن،
تارقىتىپ تۇرارسەن تومۇزنى قايناق،
پۈركەپ تۇرارسەن يالقۇننى ھامان.

ئاسماندا بار ھەيۋەت بىر ئوچاق
كۆزى ئۇنىڭ سۇپسۈزۈك، تىمتاس،

يالقۇنلىنىپ تۇرىدۇ ھامان،
ياقىمەن ساڭا ئەي ئۆچمەس ئوچاق
قەدىمىي ئامېرىكا كۆزىدە ھەرئان؛
سەن بەئەينى پىشقان بىر قۇناق،
بىر يۈرەكسەن ئالتۇن كەبى يالتىراق،
تۇسۇن ئاتسەن مەردانە، يۈگرەك؛
سەن — ئاتەش بالىسى،
سەن — ئالتۇندىن تۆرەلگەن بوۋاق!
كۆزۈڭ سېنىڭ گۈزەل شۇقەدەر:
بۇلار باراقسان
شاخلار ئاڭا ئۇچراشسا ئەگەر؛
سەن تاراتقان خۇشپۇراق ئاپتاپ
كۆكلىتىدۇ دانلارنى دەرھال،
ياسىلىدۇ دانلاردىن
سېنى ئەنداز قىلىپ نان،
مۇقەددەس ئوچاق!

ئەمەسسەن ئاق يۇلتۇز،
ئەمەسسەن زور مۇز،
ئەمەسسەن تۈنلەرنىڭ كۆزىدە
كونىرىغان ئالماس ھەم،
ياق، ياق، سەن - قۇدرەت،
كۈندۈزدىكى قۇدرەتسەن،
سەن - ئۇلۇغۋار باشلىنىش،
ئاسماندىكى توسۇن ئات،

ھاياتلىققا مەنبەسەن،
سېنىڭ قىزغىن ھەرىكىتىڭ
ئورۇقلارنى كۆكلىتەر!
يېشىل لىباس يېپىنار زېمىن،
يېپىشقان باشاق ۋە ياتقاقلارنى
كۆتۈرىمىز نۇرلۇق تاۋاقتا،
ساڭا قاراپ ھاياجاندا قىلىمىز خىتاب:
پەرزەنتىبىز قۇياش ۋە يەرنىڭ.
نامراتلىقلار، ھەممىمىز
نۇرلىرىڭدىن يارالدۇق تامام،
قېنىمىزدا بار قۇياش ۋە تۇپراق،
ماگنىت كەبى چاپلاشقان ئۇلار،
قەدىرلەيمىز سېنى ئەي قۇياش،
ئەي ئالەمگە پاسىبان ئىلاھ،
كۆكتىكى يولباش،
ئاتەش ئەتىرگۈل،
دۇنيادىكى ئەي ۋۇلقان،
يولۋاسلارنىڭ ئەجدادى،
يۈكسەكتىكى مېھرىبان ئاتا،
ئەي ئالتۇن ئەجداد،
ئوت يۈرەكەر ئۈزۈك،
ئەبەدىي تۇغۇلۇپ تۇرغۇچى بوۋاق،
ئالەمگە سۈبھىدىن خەۋەر بەرگۈچى
بۈررۈكۋار خوراز!

# سەۋدايى ئانار

## ئېلتىس (گىرىتسىيە)

ئاقارتىلغان ھويلا ئارا جەنۇبتىن شامال،
كارىدورنى سىپاپ ئۆتەر گۈركىرەپ لەرزان.
ئېيتىپ بەرچۇ، شۇ سەۋدايى ئانارمۇ ئەمەس
ئاپتاپ ئارا مېۋىلەرنى تۆككەن شادىمان؟
شامال بىلەن شىۋىرلىشىپ ئەيلىگەن جەۋلان؟
ئېيتىپ بەرچۇ شۇ سەۋدايى ئانارمۇ - ئەمەس.
يېڭى - يېڭى يوپۇرماقنى ئۇسسۇلغا سالغان؟
غالىبانە تىترەك بىلەن ئاسماندا سەھەر
قىلدىمۇ - يوق ئۇنىڭ رەڭدار چېھرىنى ئايان؟
چىملىقلاردا ئويغانغاندا يالىڭاچ قىزلار
ئاپئاق قوللار ئۈزۈپ ئوينار يېشىل ئۇچقۇلاق،
كېزەر يەنە ئۇلار چۆشىنىڭ گىرۋەكلىرىدە،
ئېيتىپ بەرچۇ، شۇ سەۋدايى ئانارمۇ ئەمەس
سېۋەتلەرنى ئاپتاپلارغا ئەيلىگەن قانداق
ۋە قۇشلارغا قىزچاقلارنى كۈيلەتكەن ياڭراق؟
ئېيتىپ بەرچۇ، شۇ سەۋدايى ئانارمۇ ئەمەس

بۇلۇتلار كۆپ ئاسمان بىلەن بىسلەشكەن ئۇزاق.
كۈندۈز رەڭدار پەيلەر قاداپ كۆزلەرنى چاقار
قىرلىق ئەينەك قورشار ئۆلمەس قۇياشنى شۇئان،
ئېيتىپ بەرچۇ، شۇ سەۋدايى ئانارمۇ ئەمەس
بەڭباش، چاپقۇر ئات يايلىنى قامالاپ ئالغان؟
ئات ئەزەلدىن دەرد تۆكمىگەن، ئازابلانمىغان؛
ئېيتىپ بەرچۇ، شۇ سەۋدايى ئانارمۇ ئەمەس
كۈلگەن يېڭى ئۈمىدلەرنى چىللاپ توۋلىغان؟

بىزنى كۈتۈپ ئالدىمۇ - يوق سەۋدايى ئانار؟
يەلپۈپ ياغلىق ياپراق بىلەن، يالقۇنلار سىمان.
تەۋرەتتىمۇ دېڭىزلارنى كېمىلەرگە لىق،
دولقۇنلارنى ئاتتىمۇ ئۇ ساھىللار تامان؟
ئېيتىپ بەرچۇ، شۇ سەۋدايى ئانارمۇ ئەمەس
سۈزۈك كۆكتە يەلكەنلەرگە سالدۇرغان چۇقان؟

ئېگىز ـ ئېگىز باراڭلاردا ئۈزۈملەر چاقنار،
قەد ـ قەد ئۆرار، خەۋپلەرگە گىرىپتار بولغان،
ئېيتىپ بەرچۇ، شۇ ئانارمۇ، نۇر بىلەن دۇنيا ـ
مەركىزىدە شەيتان قۇترار ئاسماننى يارغان،
سېرىق كۈندۈز لىباسىنى يايغان ھەر تامان؟
كەشتىلەنگەن تاڭ ناخشىسى لىباسقا تولغان.
ئېيتىپ بەرچۇ، شۇ سەۋدايى ئانارمۇ ئەمەس
شايى كۈندۈز كۆڭلىكىنى سالدۇرغان چاقنان؟

باش ئاپرېلدا باش باھارنىڭ لىباسى ئارا
ئاۋغۇستتىكى تومۇزنىڭ ناۋاسى ئارا
غەزەپلەنگەن، ئېزىقتۇرغان، ئۆيىنىغان خۇشال
زۇلمەت، ياۋۇز سايىلەرنى قايتۇرغان زاۋال،
بېشى قايغان قۇشنى قۇياش كۆكسىگە ئاتقان،
چۈشلەردىكى چوڭقۇرلۇقتا يايغانچە قانات
تەبىئەتنىڭ قوچىقىنى تولدۇرغان پەۋەس،
ئېيتىپ بەرچۇ، قەدىردانىم ئېيتىپ بەر ماڭا،
شۇ جانان دەل شۇ سەۋدايى ئانارمۇ ئەمەس؟

# ئىككى شېئىر

ئوكتاۋىئو پاز (مېكسىكا)

## ياز كېچىسى

دەريالاردا يۇيۇندۇڭ ئەي ياز،
تۇن تېنىنى ئاۋايلاپ سىپاپ،
سەن ـ يۇلتۇزنى ئۆچۈرەر ھاۋا،
سەن ـ ئېغىزدىن ئۇرغىغان نەپەس.
يەر لېۋىدە ھورلانغان شۇتاپ.

بىر ئېغىز سەن قوش لەۋلىك زېمىن،
سەندە دوزاخ سەكراتتا تىنار،
تۆكەر يامغۇر لېۋىڭگە ئاسمان،
ئېقىن كۈيلەر جەننەت تۇغۇلار.

كۆيۈۋاتقان زور دەرەخ كېچە،
يۇلتۇزلاردۇر ئۇچقۇنلىرى دەل،
ئۇچقۇنلىرى قۇشلار، قارىچۇقلار،

چۈشتىكىدەك ئاقماقتا دەريا،
يالىماقتا ئاق، تۇزلۇق تىلدەك.
قاپقاراڭغۇ قىرغاقنى گويا

ئاقار، تىنار، ھەرىكەتتە ھەممە،
نۇرلار تىترەر،
كۆزلەر سىنچىلار،
يۈرەك سەكرەر،
كېچە بىپايان.

پايانى يوق قاراڭغۇ دۇنيا،
ياز تونىدە تۇغۇلار شۇئان.
شۇڭا سېنىڭ قارىچۇقلىرىڭغا،
بالقىپ چىقتى پۈتۈن بىر ئاسمان.

## قۇشلار

ھاۋا، نۇر، ئاسمان،
تىمتاس بىر تۇتاش.
بۇ سۇپسۈزۈك سۈكۈنات ئارا
كۈندۈز قالدى مېڭىشتىن توختاپ:
جىملىقتىكى سۈزۈكلۈكتۇر
بوشلۇقتىكى سۈزۈكلۈك.
ئاسماندىكى ئۈيۈپ قالغان نۇر
كۆكتاتلارنى قويدى قاتۇرۇپ؛

خادا تاشتا، زېمىن قۇرتى
ئوخشاش نۇرغا، خادا تاشقا ئوخشىغان.
ۋاقىت ھەر مىنۇتتا شادلىقىغا مۇيەسسەر.
چۈش ئېزىتقۇ سۈكۈنات ئارا
يۇقالماقتا غىپپىدە.

قۇشلار كۈيلىمەكتە، ئەۋرىشىم پەيلىك.
يارىلانغان كۈمۈش كۆكرەك قۇچماقتا ئاسماننى،

تىترىمەكتە يوپۇرماق.
ئويغانماقتا كۆكتاتلار. . .
ھېس قىلدىم بىرپەس، ئەجەل گويا بىر ئۇيما قانات،
يانى كىم سۆزماقتا، بىلمەيدۇ ھېچكىم،
ھەش - پەش دېگۈچە، بېرىپ قويدۇق جان.

# كۆي

## جېمىنېز (ئىسپانىيە)

تىمتاس كۆنلەردە
ئېقىن سۇسەن ئەي يارقىن كۆيلەر،
سالقىن راھەت - خۇشخۇي ئاق گۈللەر،
لوڭقىلاردا ئېچىلغان سۈپەت -
ئوپۇقلارغا تولغان يۇلتۇزلار

قېچىپ كىردى غارىغا شامال،
قايتىپ كەلدى كەپىگە تەشۋىش،
ئارچىزاردا يېشىللىق ئارا،
جانلانماقتا ھايات بىمالال.

يۇلتۇزلار مۆكمەكتە دەممۇ - دەم،
قاغىلار رەڭدار ئەتىرگۈلسىمان،
يىراق باغدا - قۇدۇق يېنىدا،
قارلىغاچلار كۆيلەيدۇ شۇئان.

# قارا ئات

## بىرودىسكى (ئامېرىكا)

ئۇنىڭدىن سۈزۈكرەك كېچە ئاسمىنى،
زۇلمەتكە سىڭىپمۇ كېتەلمەس تېنى.

ئولتۇرساق كېچىدە گۈلخاننى ئوراپ،
بىر قارا ئات ئەكس ئەتتى چاناقتا.

ئۇنىڭدىنمۇ قارا نەرسە كەلمىدى ئەسكە،
پاچاقلىرى كۆمۈردەك قارا.
كېچىدەك قارا ئۇ، يوقلۇقتەك قارا.
ھەممە يېرى قاپقارا، قۇيرۇقىدىن يايلىغىچە تا.
ئۇنىڭ ئىگەرسىز دۈمبىسى بىراق،
زۇلمەتلىكتۇر باشقىچىلا.
قىمىر قىلماي تۇرار ئۇ، كەتكەن كەبى ئۇيقۇغا،
تۇياقلىرى قارا قەۋەت،
تەشۋىش قوزغار يۈرەكلەر ئارا
تېنى تامام قاپقارا، سايىسىدىن قىلمايدۇ پەرق،
قاپقارا ئۇ سىياھتەك، قارىلىقتا چېكىگە يەتكەن.
قاپقارا ئۇ شۇقەدەر، تۇرغان كەبى يىڭنە ئىچىدە.
قاپقارا ئۇ شۇقەدەر، زۇلمەت كەبى تۈن نىسبى ئارا.
قاپقارا ئۇ شۇقەدەر، ئالدىمىزدىكى دەرەختەك.
ئويمان كۆكرەك كەبى قوۋۇرغا ئارا
يەر ئاستى چوڭقۇر ئاشلىق ئامبىرسىمان.
ئويلىدىم: ئىچىمىزمۇ قاپقارا جەزمەن.

ئۇ يەنىلا ئالدىمىزدا قارىيىپ تۇرار!
تۈن نىسبىنى كۆرسىتەر سائەت.
ئۇنىڭ قورسىقىنى تەگسىز زۇلمەت قاپلىغان.
بىر قەدەممۇ يېقىنلاشماس بىز تامان.
ئۇنىڭ دۈمبىسى بوپ قالغان تۈتۈق،
قىپقالمىغان نۇرلۇق داغمۇ زەررىچە.
كۆزلىرىدە چاقنار ئاق نۇر، تەگكەندەك بارماق،
ئادەمنى تېخىمۇ قورقۇتار بىراق.
نىگاتىۋغا ئوخشار ئۇ بەرھەق.
ئۇ نېمىشقا ئارىمىزدا قالدۇ توختاپ؟
كەتمەيدۇ ئۇ نېمىشقا گۈلخاندىن يىراق،
ماڭمايدۇ نېمىشقا كەلگىچە سەھەر؟
نېچۈن نەپەس ئالغىن قارا رەڭ ھاۋا،
بېسىلغان شاخلارنى غاراسلىتار ھەم،
قارا رەڭ نۇر تۆكەر كۆزلىرى نېچۈن؟
ئۇ ئارىمىزدىن ئىزلەر چەۋەنداز.

www.uyghurkitap.com

# مىسرالاردىن نەزمىلەر

روھىي بوشلۇق، بىپايان بوشلۇق
قانات قېقىپ ئۇچالمىسام تەس.
يېتەلمەيسەن قىرغاقلىرىغا
چۆشۈپ قېلىپ قىلتاقلىرىغا.
— ئەدھەم ئىبراھىمنىڭ «روھ
كېمىسى» ناملىق شېئىرىدىن

سەھەردىلا يۇزدى ئويقۇمنى،
دېرىزەمدە پالاقلاپ بىر قۇش.
. . . . . . . . .
كۆپتىن بېرى ئىزدىگەن قۇشۇم،
سىڭىپ كەتتى تۇمان شەھىرىگە.
— ئەدھەم ئىبراھىمنىڭ «قېتىپ قالدى
دىلدا ئىجازەت» ناملىق شېئىرىدىن

ئەي قىز، خىجىل قىلما مېنى بۇنچىلىك
يۈرەك سوراپ
ئۆز - ئۆزۈمگە ئىگە بولالماي
ئىزدەپ يۈرسەم ئۆزۈمنى ھەتتا
نەدە ساڭا بەرگۈدەك يۈرەك؟
— ئابلىمىت لىتىپنىڭ «سورىمىغىن
مېنىڭدىن يۈرەك» ناملىق شېئىرىدىن

ئىنسان
بىلسە ئۇمۇ بىر ئىلاھ ئەسلى
بىر ئۆزىگە تەئەللۇق پەقەت
ئۆز - ئۆزىنى يارىتار ئەبەد.
— ئابلىمىت لىتىپنىڭ «ئىلاھ»
ناملىق شېئىرىدىن

ھومانىڭ سۆڭىكى تاشقا ئايلانغان.
قېقىنۇس ئىشقىدۇر يۈرىكىم گويا
مەن ئۈچۈن ھاياتلىق ئەمدى باشلانغان.
— ئەخمەتجان مۇھەممەتنىڭ «شۇئىرلاش»
ناملىق شېئىرىدىن

كىملەر كىرەر مېنىڭ ئىچىمگە
جىسمىم تۇگەل، روھىممۇ جانسىز.
— غۇلام تۇرسۇننىڭ «ھارپا
ئاخشىمى» ناملىق شېئىرىدىن

چۈمۈلە دېدى:
ئەي قاغا، چوقۇ تىلىمنى
بىرنۆەت قەلبىمنى ھۆر - پەرىلەرگە
مەن كۆرەي گۆرۈمدە پاتماس قۇياشنى.
— مۇھەممەتئىمىن ئەيسانىڭ «قىسمەتلىك
ئۆلۈم» ناملىق شېئىرىدىن

مەن مېھرىمنى ئۈزەلمەيمەن گۇناھتىن،
. . . . . . . . .
چۈشىنىمەن، سېنى ئويلاش بىر گۇناھ.
راھەت ماڭا لېكىن سۆيۈپ چۈشەكەش.
بىر چۈش ئۈچۈن كىرەي مەيلى دوزاخقا،
سەنسىز يۈرمەي جەننەتلەردە كۆڭۈل غەش.
— ئابدۇخەبەر تاھىرنىڭ «بىر چۈش
ئۈچۈن» ناملىق شېئىرىدىن

مەن ھەممىنى كۆرۈۋالىمەن،
قەلبىڭنىمۇ ھەم.
— ئابلىمىت ئابدۇباقىنىڭ «كۆتۈش»
ناملىق شېئىرىدىن

كۆز تالىدۇ يۈرەكلەرگە كۆز تىكسەم.
. . . . . . . . .
كىرپىكىمگە قونماقتا تۈن قۇشلىرى.
— تۇرغۇنجان تۇرسۇننىڭ «يېقىننى
كۆرۈش» ناملىق شېئىرىدىن

جىق كېپىم بار رەھىمدىل قىزچاق،
ئېغىزىڭنى ئاچقان ھالەتتە
باسقىن مېنى باغرىڭغا ئۇزاق.
شائىر بولۇپ يىغلاپ يۈرگىچە،
چىن شېئىرغا ئايلىنىپ تۈندە،
شۇڭغۇپ كىرىپ يۈرىكىڭگە
راست قۇياشنى چىققۇم بار ياساپ.
— تۇرغۇنجان تۇرسۇننىڭ «ئۇ دۇنياغا
كەتمەك ئەجەب تەس» ناملىق شېئىرىدىن

سۆيگەن بولساڭ ئادەمىيلىك گۈلىنى،
سۆيگىنىڭ شۇ دىل قېتىڭدىن ئىلاھنى.
— ئابدۇخېلىل ئابدۇشۈكۈرنىڭ «سۆيۈپ
باققىن ئۇنى ھەم بۇنى» ناملىق شېئىرىدىن

كۆزىدىكى مۇھەببەتنىڭ تەسۋىرى
تېپىلماس شۇنچە مەشھۇر كىتابتىن.
يارىلىش شۇنچە گۈزەل بىر سەنئەت،
تاپتىمكى، ئالەم ئارا شۇ قىزدىن.
— ئەيساجان قاسىمنىڭ «بىر قىزنىڭ
سەنئىتى» ناملىق شېئىرىدىن

ئەتكەس مالدەك كىرىپ كەلدىڭ قەلبىمگە،
تەشۋىش ئارا بەخت ئېلىپ يوشۇرۇن.
ئوقۇلغاندىم راۋان، گاچا دىلىڭدا
سەن ئالەمگە يارىلىشتىن كۆپ بۇرۇن.
— ھەبىبۇللا مىجىتنىڭ «قارا
نوپۇس» ناملىق شېئىرىدىن

## ئەدەبىي ئۇچۇرلار

▲ ئاپتونوم رايونلۇق 8 ـ نۆۋەتلىك «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى» تارقىتىش ۋە 4 ـ نۆۋەتلىك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنى بۇ يىل 8 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە قۇمۇل ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلدى. «مىللەتلەر ئەدەبىياتى»، «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» قاتارلىق 11 ئەدەبىي ژۇرنالدىن 25 پارچە ئەسەر ۋە ئۈچ نەپەر مۇھەررىر مۇكاپاتلاندى. ژۇرنىلىمىزدىن ئىمىن ئەھمەدىنىڭ «قەددىم كېرىپ ياندىم ھاياتتا» ناملىق شېئىرلىرى بىلەن ئادىل تۇنىيازنىڭ «شېئىرنىڭ بىر قانىتى» ناملىق ئوبزورى مۇكاپاتلاندى. يىغىنغا مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 70 كە يېقىن ئەدىب ۋە مۇھەررىر ھەمدە قۇمۇل ۋىلايىتىدىكى بىر قىسىم ئەدىب، ھەۋەسكارلار قاتناشتى. قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى توختىخان مۇكاپاتلاش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مىجىت ناسىر يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈندىكى 4 ـ نۆۋەتلىك يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىدا ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئابدۇقادىر جالالىدىن، پولات ھېۋزۇللا، ئەختەم ئۆمەر قاتارلىق توققۇز ئەدىب ئۆزلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ھەققىدىكى كۆزقاراش ۋە ئويلىغانلىرىنى ئېيتىپ ئۆتتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇرېھىم رەجەپمۇ مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆز قىلىپ ئۆتتى.

ئۈچ كۈنلۈك يىغىن جەريانىدا يىغىن قاتناشچىلىرى يەنە قارا دۆۋە يېزىسى، تۇرپان ـ قۇمۇل نېفىتلىكى ۋە ئاقتاش مەنزىرە رايونى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ تۇرمۇش ئۆگەندى.

يىغىن ئاخىرىدا ھەرقايسى ئەدەبىي ژۇرناللار ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇلدى ۋە «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى باھالاش ھەيئىتىنىڭ تامغىسى كېلەر نۆۋەتلىك ساھىبخان «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

▲ خوتەن ئۆلكىسىدە «ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات مۇكاپاتى» تەسىس قىلىنغان. خوتەن ئۆلكىلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتى يېقىندا قارار چىقىرىپ، خوتەندىكى ئەدەبىيات مۇكاپاتلىرىنى قېلىپلاشتۇرغان. ئىلگىرىكى يىللاردىن بېرى تارقىتىلىۋاتقان، ھەر نۆۋەتلىك مۇكاپاتلاشتا بىر ئادەم باھالىنىپ، مۇكاپات سوممىسى 8 مىڭ يۈەن بولۇۋاتقان خوتەن «ياشلار ئەدەبىيات مۇكاپاتى» يەنىلا مۇستەقىل يولغا قويۇلغاندىن سىرت، بۇ يىلدىن باشلاپ «ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات مۇكاپاتى» تارقىتىلىدىكەن. «ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات مۇكاپاتى» خوتەندىكى ئەڭ يۇقىرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى بولۇپ، ئۇ رومان، پوۋېست، ھېكايە، شېئىر، نەسىر، ئەدەبىي ئاخبارات، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى، بالىلار ئەدەبىياتى ۋە ئەدەبىي ئوبزور قاتارلىق يەتتە چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدىكەن. مۇكاپاتلاش ھەر ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىكەن.

▲ «ئەدىبلەر گېزىتى»نىڭ يېقىنقى سانىدا ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ بىر قىسىم ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كىتاب ئوقۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئېلان قىلىنغان.

«ھازىرقى دەۋردىكى ئەڭ تەسىرى بار ئايال يازغۇچىلار» دىن تاللانغان ئالدىنقى 10 نەپەر يازغۇچىنىڭ تەرتىپى مۇنداق بولغان: تې نىڭ، چى لى، ۋاڭ ئەنيى، جاڭ كاڭكاڭ، خۇ دا، چېن رەن، جاڭ جې، فاڭ فاڭ، بى شۇمىي ۋە سەن ماۋ قاتارلىقلار. «ئايال يازغۇچىلارنىڭ سىزگە ئەڭ كۈچلۈك تەسىر قىلغان ئەسەرلىرى قايسىلار» دېگەن سوئالغا ئوقۇغۇچىلار تاللىغان ئەسەرلەرنىڭ تەرتىپى مۇنداق: «ئازابلىق ھايات» (ئاپتورى چى لى)؛ «مۇسۇلمانلارنىڭ دەپنە مۇراسىمى» (ئاپتورى خۇ دا)؛ «بازارغا مۇھەببەت» (ئاپتورى ۋاڭ ئەنيى)؛ «يامغۇرسىز شەھەر» (ئاپتورى تې نىڭ)؛ «ئادەم ئوتتۇرا ياشقا كەلگەندە» (ئاپتورى چېن رۇڭ)؛ «مۇھەببەت ئۇنتۇلماس» (ئاپتورى جاڭ جې)؛ «تۈگىمىسى يوق قىزىل كۆڭلەك» (ئاپتورى تې نىڭ)؛ «سېنىڭ تاللاش يولۇڭ يوق» (ئاپتورى ليۇ سولا)؛ «باۋجۇاڭ

كەنتى» (ئاپتورى ۋاڭ ئەنيى)؛ «مەنزىرە» (ئاپتورى فاڭ فاڭ).

▲ روسىيىدە چىقىدىغان «كىتابلارغا باھا» ژۇرنىلىنىڭ 1997 - يىللىق 1 - سانىدا خەۋەر قىلىنىشىچە، 1996 - يىلى روسىيىدە ئەڭ مۇنەۋۋەر يازغۇچىلار، ئەڭ ناچار يازغۇچىلار ۋە ئەڭ ناچار ئەسەرلەر باھالاپ چىقىلغان.

ئەڭ مۇنەۋۋەر يازغۇچىلارنىڭ بىرىنچىسى دوستويېۋسكىي بولغان. ئىككىنچىلىرى لېئونىد بورودىن (ئۇنىڭ 1996 - يىلى نەشر قىلىنغان «خانىشقا ئىسيان كۆتۈرۈش» ناملىق پوۋېستى بار)، ئىئوسىف بوروۋسكىۋ، ئالېكساندىر سولژېنىتسىن قاتارلىقلار. بۇلاردىن باشقا يەنە بونىن، بىكوۋ، سوكولوۋ، فېت، چېخوۋ، خوداسېۋىچ، بورىس زايتسېۋلارمۇ ئەڭ مۇنەۋۋەر يازغۇچىلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.

ئەڭ ناچار يازغۇچىلار ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغانلار: ۋىكتور دوچېنكا، ئىگور ياركېۋىچ؛ ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى ۋاسلىي ستاروي؛ ئەڭ ناچار يازغۇچىلار دەپ باھالانغانلاردىن يەنە چىڭغىز ئايتماتوۋ، لاپشىن، گرىگورىيېۋا، يېروفېيېۋ، كۇرتسىن، ئولشانسكىي، پاشكوۋ، كوشكوۋ، شىتوۋ قاتارلىقلار بار.

ئەڭ ناچار ئەسەرلەر مۇنۇلار: ۋىكتور دوچېنكانىڭ «غالجىرلاشقان كىشىنىڭ مۇكاپاتى»، «غالجىرلاشقان كىشىنىڭ ئالتۇن مېدالى» ناملىق ئەسەرلىرى (بۇ كىتابلار 1996 - يىلى نەشر قىلىنغان بولۇپ، كىتابخانلار بۇ ئەسەرنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمايلا قالماي، چەت ئەللىكلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى ئەپلەپ - سەپلەپ قۇراشتۇرۇپ چىققان دەپ قارىغان)؛ بلېكلوۋنىڭ «مۇستەبىت ۋە شائىرلار: نىكولاي I — پۇشكىن ۋە لېرمونتوۋنىڭ قاتىلى» (1996 - يىلى نەشر قىلىنغان)؛ يېروفېيېۋنىڭ «مەھشەر كۈنىدىكى ھۆكۈم» (1995 - يىلى نەشر قىلىنغان)؛ ۋاسلىي ستاروينىڭ «پېئېر ۋە ناتاشا» (ئاپتور بۇ كىتابنى تولستوينىڭ «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» ناملىق ئەسىرىنىڭ داۋامى تەرەققىسىدە يازغان، كېيىن بۇ كىتاب بىر مەيدان چوڭ غەۋغانى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ژۇرنىلىمىزنىڭ 1997 - يىللىق 3 - سانىدا بۇ ھەقتە ئۇچۇر بېرىلگەن)؛ پىروخانوۋنىڭ «ئوردا» ناملىق رومانى (1996 - يىلى نەشر قىلىنغان. كىتابخانلار بۇنى بەدئىيلىكى يوق رومان دەپ ھېسابلىغان)؛ كاباكوۋنىڭ «ئەڭ ئاخىرقى بىر باش قەھرىمان» ناملىق ئەسىرى (كىتابخانلار بۇ ئەسەرنى كىشىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرىدىغان مەدھىيىۋازلىق دەپ قارىغان).

« تەڭرىتاغ »
1997 - يىل 5 - سان
Tangritag TwoMonthly Literature
journal In Uygur Language
«天尔塔格»文学双月刊
1997 年 第 5 期

ئۈرۈمچى شەھەرلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر
بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 16 - نومۇر
تېلېفون: 2819490، 2818897 پوچتا نومۇرى: 830002
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
جۇڭگو خەلقئارا نەشرىيات سودا باش شىركىتى
چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (782 - خەت ساندۇقى)
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
CN65—1012\1
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 58 - 83

主办单位：乌鲁木齐市文学
艺术界联合会
编辑出版：«天尔塔格»编辑部
地址：乌鲁木齐市新华南路 16 号
电话：2818897，2819490 邮编：830002
印刷：新疆工人时报印刷厂
国外总发行：中国出版对外贸易总公司
(782信箱)
国内统一刊号：CN65—1012\1
邮局代号：58—83

پارچە سېتىلىشى: 4.00 يۈەن
零售价：4.00 元


# رەسسام شۆلىجۈنىڭ ئويما رەسىملىرىدىن تاللانما



مۇزتاغدىكى قەدىمي يول



خۇشپۇراق



بوستاندىكى سەھەر مېلودىيىسى

ئۈرۈمچى ناھىيىسى چارۋىچىلىق مال دوختۇرلۇق پونكىتى يېتىشتۈرۈپ چىقارغان
نەسىللىك گۆشلۈك قوينىڭ شەھىرىمىزنىڭ پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى بويىچە مۇكاپات
ئېرىشكەنلىكىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز.



تولى يېزىسىدا يېتىشتۈرۈلگەن يېڭى نەسىللىك قويلار




پونكىت باشلىقى ئادالبېك زاكىر



[illegible]



نەسىللىك گۆشلۈك قوشقارلار



ئالتاي قوشقىرى



باشپاي قوشقىرى

بۇ نەسىللىك قوينى تەتقىقاتچى ئادالبېك زاكىر، چارۋىچىلىق
ئىنژېنېرى تۇسۇپقان ئېتىپىن قاتارلىقلار ئۇزۇن يىل تەتقىقات ئېلىپ
بېرىش ئارقىلىق يېتىشتۈرگەن. ئادالبېك زاكىر مۇشۇ ساھەنىڭ
ئۇزىدىلا 29 يىل ئىشلىگەن بولۇپ، ئۇلار ۋۇجۇتقا چىقارغان يېڭى
نەسىللىك قوينىڭ گۆش مىقدارى يۇقىرى، يۇڭ سۈپىتى ياخشى.
بۇ يېڭى يولدا ئىزلىنىۋاتقان چارۋىچىلارغا نىسبەتەن ياخشى
سورت. كېلىپ ئالاقىلىشىشىڭلارنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى شىنخۇا يولى 20 - قورۇ
تېلېفون نومۇرى: (0991) 2865233

ISSN 1004-1745
09>
9 771004 174004